第三届新疆社科优秀期刊 شىنجاڭ بويىچە 3 - نۆۋەت باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# يېڭى قاشتېشى

NEW JADE LITERATURE

新玉文艺



2004.6


- غەلۋىر
- ئاي بولاقتا يۇيۇنغان كېچە
- چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ شەھەرگە كىرىشى
- ئەدەبىياتنىڭ ئورنى ۋە رولىنى قايتىدىن تونۇش
- تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ۋە پىكىر قاتماللىقى


ISSN 1002-9206

12>

9 771002 920009

www.uyghurkitap.com



پېشقەدەم شائىر ئابدۇغېنى سىيت ئەپەندى



# يېڭى قاشتېشى


2004 ـ يىللىق 6 ـ سان

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

(26 ـ يىل نەشرى، ئومۇمىي 140 ـ سان)


## مەخسۇس سەھىپە


خەلققە ئەڭ گۈزەل مەنىۋى ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلايلى ........ توك ۋېيدوڭ (3)


## ھېكايىلەر


غەلۋىر ........................ مۇتەللىپ سەيپۇللا (6)

ئالۋاستى مەيخانىسى ........................ ئابلىمىت ئابلەت (19)

قىسمەت ........................ ئىمىن تۆمۈر (29)

جۇدۇندىكى گۈل ........................ ياسىن مەمتىمىن (34)


## نەسرلەر


ئىككى نەسر ........................ ئۆمەر مەتنۇرى (77)

خىياللىرىم مېنى ئالدىما ........................ ئالتۇنگۈل ئابدۇللا (78)


## نەزمىي ئەسەرلەر


ئاي بولاقتا يۇيۇنغان كىچە ........................ غوجمۇھەممەت مۇھەممەد (40)

ئىككى شېئىر ........................ ئەزىز ھاشىم (41)

چۈشىنى سۆزلەپ بېرىش ........................ ئابلىز ئابدۇۋاھىت (41)

ۋاپا بار دۇنيادا ، پەرىشتە گۇۋاھ ........................ ئوبۇل ھاشىم (42)

تۇتاش رىشتىلەر ........................ تۇردى تۇرسۇن (43)

ئاي نۇرى بېشىمدا چاقنار قىلىچتەك........................ ئابدۇرېشىت ئېلى (68)

ئىككى شېئىر ........................ ئابلەت ئەخمەت (69)



باش مۇھەررىر:

مىجىت باقى
(خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

تۇرسۇنجان مۇھەممەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇھەررىر:

مەتسىلىم مەتقاسىم
داۋۇت ئادىل

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:
ئەكبەر سالىھ

قاراقاش ................... ................... روشەنگۈل روزى (69)
روبائىيلار ............ ............ ئەزىز مۇھەممەت شەمس (70)
ئىككى شېئىر ................................ رەيھانگۈل مەمتىمىن (71)
تۇزلۇق ئۇتاغ سۆيگۈسى ........................ مەمتىمىن نۇرى (71)
ئىككى سونت ........................ ئەركىن مۇھەممەت كامالى(72)
ئىككى شېئىر ........................ نۇرمۇھەممەت تۇردىئەخمەت (73)

## فېليەتونلار

چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ شەھەرگە كىرىشى ................ ئەخمەتجان ئابدۇللا (74)

## تەرجىمە كۆزنىكى

مىكرو ھېكايىلاردىن تاللانمىلار........................ داۋۇت ئادىل (ت) (79)
سەرگەردان قەھرىمان ۋە 5 مىلڭ يۈەن مۇكاپات .......... ئەزىز تۇردى(ت) (83)

## ئەركىن پاراڭلار

ئەدەبىياتنىڭ ئورنى ۋە رولىنى قايتىدىن تونۇش ............ ئەنۋەر ھوشۇر (44)
تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ۋە پىكىر قاتماللىقى ............ ئادىل ئابدۇقادىر (57)
مەنپەئەت كوچىسى ۋە روھىيەت دالاسى .................. مۇتەللىپ ئىقبال (62)
ھايات بۇلۇڭلىرىغا سوغ نەزەر ...................... ئەركىن داۋۇت ئوغۇز (65)

## دانالار نېمە دەيدۇ

ھېكمەتلەر ........................ ئابابەكرى ئابدۇقادىر تەييارلىغان (87)

## يۇرت تەزكىرىسى

قەدىمكى نىينىڭ سىرىنى ئىزدەش........................................
........................ جۇمەنىياز تۇرسۇن ، مەتكېرىم ئىسمايىل (90)

مۇقاۋا بىرىنچى بەتتە: قۇملۇقنىڭ كۆركى غەيرەت ئەيسا فوتوسى
مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: قاينام جاپپار

تەھرىر ھەيئەتلەر:
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇللا سۇلايمان
ئابدۇلئەھەد قادىرى
ئالتۇنگۈل رەجەپ
ئەنۋەر ھوشۇر
ئەزىز مۇھەممەت شەمس
تۇرسۇنجان مۇھەممەت
سىدىق قاۋۇز
مىجىت باقى
مۇھەممەت چاۋار
مەتقاسىم ئابدۇراخمان
مەتسېلىم مەتقاسىم
نۇرمۇھەممەت توختى
ئۆمەر رەجەپ
ئوبۇل ھاشىم

مەسئۇل كوررېكتورى:

ئابدۇرېھىم زۇنۇن
(تەكلىپ قىلىنغان)

مەتسېلىم مەتقاسىم

# خەلققە ئەڭ گۈزەل مەنىۋى ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلايلى

——ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى خادىملارنىڭ 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ، 27 ـ كۈنلىرى چىرا ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن دېڭ شياۋپىڭ تەۋەللۇتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

توك ۋېيدوڭ

(ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)

بۇ يىل 22 ـ ئاۋغۇست دېڭ شياۋپىڭ تەۋەللۇتىنىڭ 100 يىللىق خاتىرە كۈنى. بۈگۈن ۋىلايىتىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى يولداشلار يولداش دېڭ شياۋپىڭغا بولغان چەكسىز ئېھتىرامى بىلەن بۇ يەرگە جەم بولۇپ، دېڭ شياۋپىڭ تەۋەللۇتىنىڭ 100 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلانغان نەزەرىيە يىغىنى ئېچىش ئارقىلىق، بۇ پېشقەدەم ئىنقىلابچىنىڭ بۈيۈك نەتىجىلىرىنى سېغىنىش ئىلكىدە ئەسلەپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىن بۇيانقى غايەت زور نەتىجىلىرى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاپ، ۋىلايىتىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ ئېچىپ بەرگەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت تارىخىي بۇرچى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ چوڭقۇر سېغىنىشىمىزنى ئىپادە قىلىۋاتىمىز.

جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسى —— دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بولۇپ، ئۇ ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىجادىي راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تەجرىبىسى ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بەرپا قىلىشنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىۋى سىستېمىسى بولۇپ، تۇنجى قېتىم سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات يولى، تەرەققىيات باسقۇچى، تۈپ ۋەزىپىسى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئاساسىي مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بەردى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزمنى بېيىتىپ، راۋاجلاندۇرغان بولۇپ، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىككە، مىللىي روھقا ۋە ئەمەلىيەت ئىستىلىغا ئىگە. ئۇ جۇڭگونىڭ قۇدرىتىنى ئاشۇرىدىغان، خەلقنى باياشادلىققا يېتەكلەيدىغان نۇرانە بايراقتۇر.

قانداق مەدەنىيەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، قانداق مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش —— بىر سىياسىي پارتىيىنىڭ ئىدىيە ۋە روھىيىتىدىكى بىر بايراقتۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئانىسى، خەلق سەنئەتكە مۇھتاج، سەنئەت خەلققە تېخىمۇ مۇھتاج، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۆتكە ئىگە يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش، ئەڭ گۈزەل



نادانغا نەسىھەت قىلىش قۇيۇننىڭ پۇتىغا كىشەن سېلىش بىلەن باراۋەر.

مەنىۋى ئوزۇقلارنى خەلققە تەقدىم قىلىش، بۈيۈك دەۋرگە يۈز كېلەلەيدىغان، بۈيۈك خەلققە مۇناسىپ كېلەلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش كېرەك»، دەپ كۆرسەتكەندى.

ۋىلايىتىمىزدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەر، يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەۋەللۇتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلىگەندە، ئالدى بىلەن ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بۈيۈك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» ۋە «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، كۆپ خىل بولۇشنى، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئىككىنچىدىن، خوتەننىڭ يېزا ـ بازار، مەھەللە ـ قىشلاقلىرىغىچە چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇشقا، ئاۋامغا، ئاساسىي قاتلامغا يېقىنلىشىپ، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش لازىم. تۆتىنچىدىن، بىر قولدا گۈللىنىشنى، بىر قولدا باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

ۋىلايىتىمىزدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ روھىي ئېنژېنېرى بولۇش ئۈلگىچىمى بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تۈپ تەلىپىنى ئاڭلىق گەۋدىلەندۈرۈش، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ـ تەرەققىيات ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە ئاڭلىق قاتنىشىش؛ ئىلمىي نەزەرىيىنى تەشۋىق قىلىپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىش، ئىجتىمائىي توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەپ، ئىلمىي روھنى تەشەببۇس قىلىش، گۈزەل قەلبلەرنى بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ۋە ياخشى بولغان مەنىۋى ئوزۇقلار بىلەن ئاممىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىش، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بىلەن كىشىلەرگە ئىلھام بېرىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك بۇرچنى ئاڭلىق ئادا قىلىپ، تۆتكە ئىگە يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «ھەرقانداق دەۋردىكى ئىلغار مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ھەمىشە خەلق ۋە مىللەت بىلەن تەقدىرداش بولىدۇ، بارلىق ئىنقىلابىي ئەدىب ۋە سەنئەتكارلار پەقەت ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغاندا، ئاممىنى ئىپادە قىلغاندا، ئۆزىنى ئاممىنىڭ سادىق ۋەكىلى دەپ قارىغاندا ئاندىن ئەھمىيەتلىك خىزمەت قىلغان بولىدۇ»، دەپ كۆرسەتكەندى. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ رېئاللىقى دەل ۋىلايىتىمىز ئىجادىيەت سېپىنىڭ بىردىن ـ بىر ئىلھام بۇلىقىدۇر. خوتەننىڭ ھەر قايسى يېزا ـ بازارلىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە ئەڭ جانلىق، ئەڭ مول، ئەڭ ئاساسلىق خام ئەشيا مەنبەلىرى مەۋجۇت، پەقەت ئامما ئارىسىغا چۆكەلىسەكلا، قىزغىن تۇرمۇش قاينىمىغا كىرەلىسەكلا، ئام-

مىنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى بىلەن بىردەك بولالىساقلا، خەلق ئاممىسىنىڭ مول ئەمەلىيىتىدىن ئوزۇق ئېلىپ، دەۋرگە ئەگىشىپ، يۈنىلىشنى تۇتالىساقلا، ئاندىن قاينام ـ تاشقىنلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى جانلىق ۋە چوڭقۇر ئىپادىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كەڭ مەنىۋى دۇنياسىنى چوڭقۇر گەۋدىلەندۇرۇپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاساسىي ئېقىمىنى ئەكس ئەتتۇرەلەيمىز؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى جۇلالاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنى يارىتىش روھىنى مەدھىيىلەپ، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ گەرچە يەتتە يىل ئىلگىرىلا بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جاسارىتى، بۈيۈك نەتىجىلىرى ۋە ئىستىلى بىزنى كېلەچەككە مەڭگۈ يېتەكلەيدۇ. دۆلەت گۈللەنسە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت راۋاج تاپىدۇ، 21 ـ ئەسىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى تېخىمۇ بۈيۈك نەتىجىلەرنى قازىنىدىغان، تېخىمۇ سەلتەنەتلىك ئەسىر بولىدۇ، شۇنداقلا مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىكى چولپانلار پارلايدىغان، ھەممە گۈللەر خۇشپۇراق چاچىدىغان ئەسىر بولىدۇ. بىز يولداش خۇجىنتاۋنى مەركەز قىلغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېت ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئېسىمىزدە مەھكەم تۇتۇپ، دەۋرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشىمىز، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، خەلقنىڭ كۆرەش نەتىجىلىرىنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن يارقىن گەۋدىلەندۇرۇپ، جۇشقۇن سادايىمىز بىلەن خەلقنىڭ كۆرەش سىمفونىيىسىنى ياڭرىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشى ئارقىلىق، يولداش دېڭ شياۋپىڭغا جاۋاب قايتۇرۇشىمىز لازىم.

مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىك بولۇشىنى، يىغىنغا قاتناشقان يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى تىلەيمەن.

## ئوقۇرمەنلەر سەمىگە:

△ قەشقەردىكى ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «ئانا يۇرت كىتابخانىسى» بىلەن ئالاقىلىشىشىڭلارنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوڭ تەرىپىدە

△ ئۈرۈمچىدىكى ژۇرنىلىمىزغا ئېھتىياجلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «جەزىرە كىتابخانىسى» بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

كىتابخانا ئورنى: كونسۇل كوچىسىدا



قانائەت قانچە راھەت كەلتۈرسە، تەمە شۇنچە ئازاب كەلتۈرەر.



مۇتەللىپ سەيپۇللا

# غەلۋىر

(ھېكايە)

سەيدى مۇئەللىمنىڭ چىرايىغا ئاخىرى كۈلكە ياماشتى. بىرخىل ھاياجان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىللىتىپ ئۆتتى. قېلىن لېۋى سەل ـ پەل تىترىدى.

—رەھمەت مۇدىر ـ دېدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرغاچ — چوقۇم تىرىشىمەن، بۇ كۆرگەزمىنى چوقۇم كۈتكەنلىرىدەك ئۆتكۈزىمەن.

سەيدى مۇئەللىم رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچماقچى بولغانىدى. بۇ جاھىل ئىستەك ئۇنىڭدا قاچان پەيدا بولدى، بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ يىگىرمە يىلنىڭ مابەينىدە سىزغان ئەسەرلىرىنى كۆرۈك توخۇ تۇخۇم باسقاندەك يىغىپ يېتىۋەرسە بولمايتتى. سىزمىلىرى ھەر ھالدا ئۆزىگە يارايتتى. ئۆزىگىلا ئەمەس نەلەردىندۇر كەلگەن تاقىرباش رەسساملارمۇ ئۇنى ماختىغان، كۆرگەزمە ئېچىشقا، مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتىپ ئېلان قىلدۇرۇشقا، مۇسابىقىلارغا قاتناشتۇرۇشقا ئۈندەپمۇ كۆرگەنىدى. شۇلار ئېلىپ كەلگەن بىر قانچە پارچە رەسىملەر ئېلانمۇ قىلىنغان، قايسىدۇر بىر پارچىسى مۇكاپاتقىمۇ ئېرىشكەن، لېكىن، ئۇ خېلى يىللارغىچە ئاشۇ مۇكاپاتنى ئۆزىگە خاتا بېرىلىپ قالغاندەك، سىزغىنى شۇ مۇكاپاتقا لايىق ئەمەستەك، ھامان بىر كۈنى گۇۋاھنامىنى بىرسى قايتۇرۇپ كېتىدىغاندەكلا سىزەتتى.

يىللار ئۆتتى. ئاشۇ ئۆتكەن يىللار سەيدى مۇئەللىمنىڭ چېكە چاچلىرىنى ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئاق رەڭ بىلەن تۇسلىدى. سىزغانلىرى ئاۋۇدى. لېكىن، بىرەرى ھېلىقى مۇكاپاتنىمۇ قايتۇرۇپ كەتمىدى.

كېيىنچە ئۇنىڭ بىر مەھەل بازىرى چىقتى. ئېچىلىۋاتقان دۇكان، ئاشخانىلار ئۇنى ئىزدەپ ۋىۋىسكا، ئېلان رەسىملىرىنى سىزدۇردى، يېزىدىكى پونكىت ئورۇنلاردىن تارتىپ كەنتلەردىكى ساناقسىز ئىشخانىلارنىڭ تاملىرى ئۇنىڭ سىزمىلىرى، يازمىلىرى بىلەن بويالدى.

بۇ ئالدىراشچىلىقلار سەيدى مۇئەللىمگە خېلى نەپمۇ ئېلىپ كەلدى. سەيدى مۇئەللىمچە، بۇنداق شەكىلۋازلىق، رەڭۋازلىق قىلىش كىملەرنىڭدۇر كۆزىنى بوياشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. سەيدى مۇئەللىم ئەسلى قىلىۋاتقىنىنى بىر خىل سەنئەت دەپ چۈشىنەتتى. سەنئەت دېگەننىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بولاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئۆزىنى بۇنداق بوياقچىلىق ئىشىغا سېلىش سەنئەتنى خورلىغانلىق ھېسابلىناتتى.


ئوبول ھاشىم، سىزنىڭ پۇختا قەلەم بىلەن ئىجادىيەت قوشۇنىمىزغا كىرىپ كەلگەنلىكىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

سەيدى مۇئەللىم شۇنداق ئويلايتتى. لېكىن، ئويلىغىنىنى تا مۇشۇ كۈنگىچە ھېچبىراۋغا دەپ باقمىدى. خۇشال ھالدا ھاجەتمەنلىرىنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى يېزىپ، سىزىپ، ھەق بەرسە ئېلىپ، بەرمىسە ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىپ ئۆتتۈۋەردى. لېكىن، ئۇ ئەسلىدىكى سۈزۈك تەپەككۇرى بىلەن سىزىۋاتقان سىزمىلىرىنى توختىتىپ قويمىدى. كېيىنچە ئىشخانا ـ زاللارنى بوياش كومپيۇتېر ئارقىلىق ئىشلىنىدىغان بولۇپ، سەيدى مۇئەللىمگە بىر ئاز ئارامچىلىق بولدى.

«ئۇھ»، دېدى سەيدى مۇئەللىم. بۇ «ئۇھ» قا شۈكرىمۇ، رازىمەنلىكمۇ، ئازابمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. شۇ «ئۇھ» تىن كېيىن ئۇ يېڭىۋاشتىن ئىلھاملىنىپ سىزىشقا باشلىدى.

سەيدى مۇئەللىم رەسساملىقنىڭ نەزەرىيىۋى ئاتالغۇلارنى بەك كۆپ بىلمەيتتى. كەلگەن تاقىرباش رەسساملار كۆپ بىر نېمىلەرنى دەپ كېتىشەتتى. ئۇ ئاڭلاپمۇ باقمىغان، قايتا دېيىشكە تىلى كەلمەيدىغان چەت ئەللىك نۇرغۇن رەسساملارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشتى. سەيدى مۇئەللىمنى شۇلارنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆلگە قىلغان دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە «ئۇسلۇپ» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇ تازا بىلىپ كەتمەيتتى. پەقەت سىزغانلىرى بىرخىل چىنلىققا ئىگە ئىدى. سىزمىللىرى ئاساسەن ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مۇشۇ سەھرا بولۇپ، ئۇ سىزغان رەسىمدىكى ئادەملەر مۇشۇ يېزىدىكى كىمگىدۇر بىرىگە بەك ئوخشايتتى. چالا قۇرۇق بولۇپ قالغان دەرەخلەر، يېرىم يالىڭاچ تۇقايلىق، قۇملۇقلار، دات رەڭ تاقىرباش تاغلار ئۇ سىزمىلاردا گويا بىر نەرسىلەرنى دەپ سۆزلەۋاتقاندەك شۇنچىلىك جانلىق، شۇنچىلىك تەبىئىي ئىدى. ئۇ، باشقا رەسساملاردەك رەسىم جازىسى، بوياق، پالكۇچلارنى يۇدۇپ نەلەگىدۇر بېرىپ، كۈن ـ كۈنلەپ ئولتۇرمايتتى. سىزماقچى بولغانلىرىنى ئۇزۇنغىچە ئويلايتتى. ئاۋال قەلبىدە قېتىم ـ قېتىملاپ سىزىۋېلىپ ئاندىن قەلەمگە ئالاتتى. ئۇنىڭ قەلبى تەبىئەت بىلەن چىڭ گىرەلەشكەن، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇشۇ زېمىن، ئۆزىگە نۇر ـ يورۇقلۇق بېرىۋاتقان ئاشۇ قۇياش، ئۆزىگە نەپەس ئاتا قىلىۋاتقان توپا، نەم ھاۋا ئۇنىڭ قەلبىگە كۆچكەنىدى.

سەيدى مۇئەللىمنىڭ سىزغانلىرى ئاۋۇدى. ئەمدى ئۆيى ئۇنىڭغا تار كېلىشكە باشلىدى. ئايالىغۇ تاپا ـ تەنىنى تەرك ئەتكەن، ئېرىنىڭ كۆپەيتمە ئۇسقىسىدەك كەم سۆز، ئېسىل مۇئەللىمە. شۇنداقتىمۇ سەيدى مۇئەللىم ئوڭايسىزلىنىشقا باشلىدى.

رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىش ئويى دەل ئاشۇ ئوڭايسىزلىنىش تۇيغۇللىرى بىلەن تەڭ تۇغۇلغان بولسا كېرەك. ئۆي تارلاشقانسېرى بۇ ئىستىكى ئۇلغايدى.

— شۇنداق قىلىڭ ـ دېدى، ئايالى رەيھان — سىزغان ھەقىقىي رەسىملىرىڭىزنى مەن ۋە ئىككى بالىمىزدىن باشقا كۆپ ئادەم كۆرمىدى، كۆرگەزمە ئېچىڭ، ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ مەكتەپتە بولسىمۇ.

رەيھانىنىڭ مەسلەھەتى سەيدى مۇئەللىمنىڭ كۆڭلىنى يورۇتتى. راست، ئۇ كۆرگەزمە ئېچىشنى خىيال قىلغان. بۇ خىيالى گاھ پەسلەپ، گاھ ئۇلغىيىپ ھازىرغا كەلگەندە بارغانچە كەۋجەشكە باشلىغان بولسىمۇ، قەيەردە ئېچىشنى ئۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

— مەكتەپ مۇدىرىغا دەيلى ـ دېدى، رەيھان ـ ئۇ قوللايدۇ.

سەيدى مۇئەللىم مۇدىر ئىشخانىسىدىن بىر تاتلىق سىزىمدە چىقتى ۋە ئاشۇ تاتلىق سىزىمدە سۆزلىگەن ئىككى سائەت دەرس ۋاقتى ئۇنىڭغا ناھايىتى تېز توشۇپ كەتكەندەك بىلىندى.

شۇ كەچتىن باشلاپ ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن رەسىملەرنى تاللاشقا كىرىشتى. رەسىملەر بىر ـ بىرىدىن كۆركەم، بىر ـ بىرىدىن جانلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممى-



ھەنگان تۆگە ھۆر كىرمەي بۈيۈك بولالماس، ئۆچكە يۈگرمەي كىيىك بولالماس.

سىنى ئىلغۇغۇسى، ھەممىسىنى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسەتكۈسى كېلەتتى. لېكىن، مۇدىرى «ئاز ھەم ساز بولسۇن، ئەڭ سەر خىلىنى تاللاڭلا، سەيداخۇن»، دېگەچكە، خېلى كۆپلىرىنى كۆزى قىيمىغان ھالدا قازناققا ئەكىرىپ قويۇشتى.

ئەمدى ياغاچچى تەكلىپ قىلىش ئىشى قالدى. ياغاچچى كېلىپ ئۇبدان رامكىلاپ بەرمىسە بولمايتتى. ياغاچچى ئىشقا كىرىشىپ ئۈچ كۈن بولغاندا مۇدىر سەيدى مۇئەللىمدىن سورىدى:

ــ قانچىغا مۇئەللىم، تەييار بولدىما ئۇ ئىش؟

ــ ئاز قالدى شوجاڭ، رامكىغا ئېلىۋاتىمىز.

ــ ياخشى بوپتۇ، ئوبدان ئىشلەيلى مۇئەللىم.

مۇدىر ئىشخانىسىغا ماڭدى ۋە پەشتاقتا چىققاندا تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ دېدى:

ــ ماڭا قالاڭلا سەيداخۇن، رەسىملەر تەييار بولغاندا ماۋۇ ئەخلاق تەربىيە ئىشخانىسىدىكىلەر بىر كۆرۈپ چىقسۇن. ئاندىن ئېسىڭلار ماقىما.

ــ ماقۇل شوجاڭ.

ياغاچچى گىجىك ئادەم ئىكەن. ھەممىدە ئۆزىنىڭكىنى راستىقا چىقىرىپ، زېغىرلاپ ئولتۇرۇپ ئون نەچچە كۈندە ئاندىن تاللانغان 50 پارچە رەسىمنى رامكىغا ئېلىپ بولدى. ھەققىنى ھېسابلاشقاندا بولسا، سەيدى مۇئەللىمنىڭ بەرگەن پۇلىنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۇپ بەردى:

ــ بۇنى ساتمايدىكەنلا مۇئەللىم، شۇڭا مانجۇنى ئاز ئالاي.

سەيدى مۇئەللىم سۆيۈندى. ئۇ سۆيۈنۈشكە ھەقلىق ئىدى. ئىشلار بېشىدىلا بىر ئوبدان يۈرىشىۋاتاتتى.

ئەمدى ئەخلاق تەربىيە ئىشخانىسىدىكىلەر بىر قور كۆز يۈگۈرتۈپ «بوپتۇ» دېۋەتسە ھەممە ئىش پۈتىدۇ. ئۇلارمۇ «ياق» دېمەس. سەيدى مۇئەللىم ئۇلار بىلەن 20 يىلدىن ئارتۇق بىرگە ئىشلىدى. بۇ ئىشخانىنىڭ مەسئۇلى بىلەن سەيدى مۇئەللىم ساۋاقداش. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇدىرىمۇ قوشۇلۇپ بولغان ئىش بۇ.

سەيدى مۇئەللىم شۇنداق تاتلىق سىزىم ۋە ئىشەنچ بىلەن ساۋاقدىشىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

ــ شوجاڭ ماڭا دېدى ئاداش، شۇنداق قىلىلى، ئاۋال سىلە بىر پارچە ئىلتىماس يېزىپ كېلىڭلا.

ــ قانداق ئىلتىماس؟ ــ سورىدى، سەيدى مۇئەللىم.

ــ قانداق ئىلتىماس دېگىنىنى، قانداق كۆرگەزمە، قانچە پارچە رەسىم، مەقسەت نېمە، ھەممىنى يېزىپ كېلىڭلا.

ئەتىسى سەيدى مۇئەللىم بۇ ئىشخانىغا يەنە كىردى ۋە ئاخشام يېزىپ تەييارلىغان ئىلتىماسىنى ساۋاقدىشىنىڭ ئۈستۈلىگە قويدى.

ئەخلاق تەربىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى دېگەنمۇ چوڭ ئەمەل ئوخشايدۇ. ساۋاقدىشى سەيدى مۇئەللىم ئۇزاتقان ئىلتىماسنى ئالدىرىماي ئوقۇپ، ئۇزۇنغىچە ئولتۇردى. بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى ۋە ئۇنى چېكىپ تۈگەتكۈچە زۇۋان سۈرمىدى. ئاخىرى تاماكا كۆتۈكىنى سەيدى مۇئەللىم تەرەپكە پاققىدە ئاتقاچ دېدى:

ــ بوپتۇ، ئەمدىكى گەپ تەييار بولغان رەسىملىرىڭلارنى ئاۋال ئۆيۈڭلارنىڭ تېمىغا ئېسىپ تەييارلاڭلار. بىز بارىمىز، كۆرۈپ بولۇپ بىر نېمە دەيمىز.

ــ ئۆيگە ئاسامدىم؟

ــ ھەئە.

ــ قاملىشارمۇ؟

ــ ئۆيۈڭلارغا قاملاشمىسا مەكتەپكە قاملىشامتا ئاداش؟

ساۋاقداشنىڭ يات بىرسىگە سۆزلەۋاتقاندەك قوپال مۇئامىلىسى سەيدى مۇئەللىمنى بىر قىسىملا قىلىپ قويدى ۋە ئار-

جاھاندىن مۇرادسىز ئۆتۈش بەئەينى مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنماي چىققانغا تەڭ.

تۇق تالاشماي چىقىپ كەتتى.

ــ بۇ كۆرگەزمىنى ئاچمايلىمـ
كىن ــ دېدى، سەيدى مۇئەللىم كەچتە ئا-
يالى رەيھانغا ـ ھېچ كۆڭلۈم تارتمىدى
مېنىڭ.

ــ بەك تېز سوغۇپ قالماڭە.

ــ ئۇنداقتا ئۆيگە ئاسامدۇق ئەمىسە؟

ــ ئاسىمىز، ئۆزىگە يارىغان خانىغا
ياراپتۇ دەپتىكەن. نېمىدىن نومۇس قىلات-
تۇق؟

تىلدۇرۇپ رەندىلەنگەن ئۇزۇن ياغاچ-
لار مىخلاندى. ئاندىن ئاشۇ ياغاچقا ھەربىر
پارچە رەسىم ئاۋايلاپ ئېسىلدى. ئەمدى
سەيدى مۇئەللىمنىڭ ئۆيى بىر چىرايلىق
كۆرگەزمە زالىغا ئوخشاپ قالدى. رەسىملەر
ئۆيگە ھەقىقەتەن زىننەت بېغىشلىغانىدى.
ئەخلاق تەربىيە ئىشخانىسىدىكىلەرنىڭ
ئېغىزى ئېچىلىپلا قالدى:

ــ پاھ، بۇنچە كارامەتلىرى بارلىقىنى
ئەجەب بىلمەي قاپتۇقىيا مۇئەللىم.

ــ ئۆيگە بەك يارىشىپتۇ، بۇ!

ــ بىزگىمۇ بىر ـ ئىككى پارچىدىن
بەرمەملا مۇئەللىم؟

كەلگەنلەر شۇنداق دېيىشتى. لېكىن، سەي-
دى مۇئەللىمنىڭ ھېلىقى ساۋاقدىشى ـ
ماۋۇلارنىڭ مەسئۇلى قاپىقىنى ئاچماي تۇ-
رۇپ سورىدى:

ــ ماۋۇ نېمە، سەيداخۇن؟

ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى «ياشلىق» نام-
لىق رەسىمدىكى قىزنىڭ كۆتۈرلۈپ تۇرغان
كۆكسى ئىدى. رەسىمدە قىز نازلىق بېقىپ
تۇراتتى. تولغان كۆكسى كۆرگەن كىشىگە
گويا راستەكلا تۇيغۇ بېرەتتى. سەيدى مۇ-
ئەللىم بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ساۋاقدىشى
ھېلىقى قولىنى شۇ يەردىن ئۈزمەي تۇرات-
تى.

ــ نېمە بۇ؟

ــ ياشلىق ـ دېدى، سەيدى مۇئەل-
لىم. ئۇنىڭ ئېغىزىغا بۇنىڭدىن مۇۋاپىقراق
گەپمۇ كەلمىدى.

شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۆينىڭ ئىچىنى
كۈلكە قاپلىدى. بىراق، بۇ كۈلكە ئاۋۇنىڭ
قاپىقىنى تېخىمۇ تۈرۈلدۈرۈپ قويدى. چى-
رايى بىر پەستىلا قوڭۇر رەڭگە كىردى:

ــ مۇشۇنىمۇ ئوقۇغۇچىلارغا كۆر-
سەتمەكچىمىدىڭلا؟

ــ بولماسما؟

ــ بولماسما دېگىنىنى، دېڭگىيىپ
تۇسا بۇ، يېلىنى چىقىرىۋېتىپ سۇلاشراق
سىزىڭلا، ئاندىن ئاسلى ماقىما ئاداش.

ــ ئۇ چاغدا ياشلىق بولماس.

ــ ئەمىسە ئاسماڭلار بۇنى، ـ سا-
ۋاقدىشى يەنە ئۈچ پارچە رەسىمنى كۆر-
سەتتى ـ ماۋۇلارمۇ قالسۇن.

ــ قالغانلىرىنى...

ــ ئالدىرىماڭلار، مەكتەپ پارتىيە يا-
چېيكىسى كۆرىدۇ تېخى. ئاڭغىچە ماۋۇ تۆت
پارچە رەسىمنى ئېلىۋېتىڭلار.

ئەتىسى ياچېيكىدىكىلەر كەلدى. ئۇ-
لارمۇ ئاۋۋال ماختاشتى. رەسىملەرنى تەپ-
سىلى كۆرۈشتى. كېتىشكە يېقىن ياشانغان
شۇجى كۆز ئەينىكىنى سۈرتكەچ دېدى:

ــ ماۋۇ «موماي» بىلەن يەنە ئاۋۇ
ئىككى پارچىسىنى ئېلىۋېتىڭە ماقىما، نې-
مانچە قېرى ئايال ئۇ، ياشراقىنى سىزماپ-
سىز ـ يا؟

ــ ماقۇل، قالدىسىنى...

ــ مۇزاكىرىلىشىپ باياقلى ماقىما.

مۇزاكىرە كېيىنكى ھەپتىسى تۈگى-
دى. جاۋابىنى مۇدىر بەردى:

ــ ئىلتىماسىڭلارنى يېزىلىق مائا-
رىپ ئىشخانىسىدىكىلەرگە يوللىدۇق. شۇ-
لار كېلىپ بىر نېمە دەيدىغان بولدى.

سەيدى مۇئەللىم كۈتتى، يېزىلىق
ھۆكۈمەتتىن ئادەم كەلمىدى.

ــ ئۆزۈڭلار بىر سۆيلەپ بېقىڭلا
سەيداخۇن ـ دېدى، مۇدىرى بىر كۈنى ـ
ماڭىغۇ يازنىڭ ئۈچ ئىشىدىن كېيىن با-
رايلى دېگەن.

يازنىڭ ئالدىراشچىلىقىمۇ تۈگىدى.

مۇدىر يەنە سەيدى مۇئەللىمنى يېزىغا بېرىپ كېلىشكە ئۈندىدى. سەيدى مۇئەللىم ئىككىلەندى. سەۋەبى مۇشۇ كەمگىچە ئۇ مەكتەپ مۇدىرىدىن چوڭ رەھبەر بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىپ باقمىغانىدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتكىمۇ كۆپ بارغان، بىراق، ئاشۇ چوڭ زالدا ئېچىلغان تۈرلۈك ـ تۈمەن سەپەرۋەرلىك يىغىنلىرىغا قاتناشقىلى، تاملىرىغا ئايروپىلان، ماشىنا، ئېشەك ھارۋىسى قاتارلىقلار چۈشۈرۈلگەن دىئاگراممىلارنى ئىشلەپ، سىزىپ بەرگىلى بارغان. يېزا باشلىقلىرى تۈگۈل مائارىپ ئىشخانا مەسئۇللىرى بىلەنمۇ تۈزۈككىنە ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى. ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەرنى دائىم ئاشۇ مۇنبەردە كۆرگىنى بويىچە قاپىقى تۈرۈك، ئاۋازى بوغۇق، چىرايى سۆرۈن ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. بۇ چىراي ۋە ئاۋازلار ئادەمنى ئەيمەندۈرەتتى. شۇڭىمۇ ئۇ مۇدىرغا «ماقۇل» دېگىنى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارمىدى. بۇنى مۇدىر بىلىپ قالدىمۇ ئاخىرى ئۆزى بېرىپ چىللاپ كەلدى.

كەلگىنى ئۈچ كىشى ئىدى. ئۇلارمۇ بۇرۇنقىلارغا ئوخشاشلا ئاۋۋال ماختىدى. سەيدى مۇئەللىمنى پەقەت ھۆسنىخەت يېزىپ، جەدۋەل ئىشلەيدىغان مۇئەللىم، دەپ خاتا تونۇپ قالغىنىنى دېيىشتى ۋە بۇنداق بىر كۆرگەزمىنى شەخسى ئۆيىدە ئەمەس، بەلكى يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىدا، بولسا ناھىيىدە ئېچىشنىڭ ئەھمىيىتى، زۆرۈرلىكى ھەققىدە كۆپ توختالدى.

— لېكىن، — دېيىشتى ئۇلار — ماۋۇ رەسىملىرىڭىزنى ئېلىۋېتىڭ.

ئۇلارغا ياقمىغىنى «مەكتەپتىن قايتىش» تېمىسىدىكى رەسىم بىلەن، «كەچكى شەپەق» ناملىق رەسىم ئىدى.

— ماڭا قارىسىلا مۇئەللىم — دېدى، ئۇلاردىن بىرى — بىز مەكتەپكە ئوقۇغۇچىلارنى تۇراقلاشتۇرۇپ بولالماي ئاۋارە، شوجاڭمۇ ئىككى كەپنىڭ بىرىدە «مەكتەپتە بالا ئاز» دەپ قاقشايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ سىلە مەكتەپكە كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى سىزماي، مەكتەپتىن قايتىۋاتقان بالىلارنى سىزىپ قويۇپلا، نېمە ئىشا بۇ؟

— راست — دېدى، يەنە بىرى — بۇ بالىلارنىڭ چىرايىنىمۇ سىزماپسىز، ئادەمنى كەينىدىنمۇ سىزامدۇ؟ چىرايى بولمىسا قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولىدا ئۇنى؟

ئۇلارنىڭ دېگىنى راستەك قىلاتتى. رەسىمدىكى بىر جۈپ ئوغۇل بالا قول تۇتۇشۇپ، سەكرەپ، تاقىلاپ ئۆيىگە قايتىۋاتاتتى. سەيدى مۇئەللىم ئۇلارنى كەينى تەرەپتىن سىزىپ قويغانىدى.

— مانىڭدىچۇ — ، سورىدى سەيدى مۇئەللىم «كەچكى شەپەق» نى كۆرسىتىپ تۇرۇپ — بۇمۇ بولماپتىما؟

— بولىشىغۇ بولاپتۇ. ئەمما، پېتىۋاتقان قۇياشنى سىزىپ نېمە قىلاتتىلە، مۇئەللىم؟ — سۆزلىگۈچىنىڭ چىرايى ئەمدى جىددىي تۈسكە كىردى — ئېتىۋاتقان تاڭنى سىزايلى. بىر كىنى دېگەنغۇ، سىلەر ئەتتىگەن سائەت سەككىز ـ توققۇزلاردىكى قۇياش دەپ.

«كەچكى شەپەق» سەيدى مۇئەللىمگە بەك ياقاتتى: ئۇ بىرسىلا ئەمەس، نەۋاقتىن بېرى شاللىنىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز بالىسى، يۈرەك باغرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىلغىۋېتىشلىرى يېقىن كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلسىمۇ، قالغانلىرىنى ساقلاپ قېلىش نىيىتىدە بەك كۆپ تالاشمىدى.

ئۇلار بوسۇغىدىن ئۆتتى. ئۆتتىيۇ بىرى يەنە قايتىپ كىرىپ، رەسىمگە قايتىدىن زەن قويۇشقا باشلىدى. سەيدى مۇئەللىم نېمىدۇر بىر ئىشتىن ئەنسىرىدى. ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى.

— ئاۋۇ قانداق رەسىما مۇئەللىم؟

ئۇنىڭ كۆرسىتىۋاتقىنى «سەيلە» ناملىق سۈرەت ئىدى.

بوشلۇقچە يېيىلىپ ياتقان كۆل،

بىر كىشىنىڭ ئىشىنى يەنە بىر كىشى ئۆزىدەك قىلالمايدۇ.

قۇملۇق ساھىل، ساھىلدا بىر تال كۇنلۇك ۋە ئەر ـ ئايالچە ئىككى جۈپ ئاياغ، ساھىل بويلاپ كېتىپ قالغان ئاياغ ئىزى سىزىلغان بۇ رەسىمنى سەيدى مۇئەللىم رەيھانغا كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەن ئاشۇ يىللاردا سىزغان. ئۇ ئۆز بېشىدىن شۇنداق بىر كۆڭۈللۈك سەيلە ئۆتۈپ باقمىغان بولسىمۇ، شۇنداق بىر خىيالى تۇيغۇ شۇ چاغلاردا سەيدى مۇئەللىمنىڭ يۈرەك تارىنى يەڭگىل تىترىتىپ تۇراتتى.

سەيلە دېگەننى باشقىچىمۇ سىزغىلى بولاتتى. سەيدى مۇئەللىم نېمىشقىدۇر مۇشۇنداق سىزىپ قويغانىدى. بۇ رەسىم رەيھانغىمۇ بەك ياقاتتى. دائىملا رەسىمدىكى ئايالچە ئاياغنى ۋە ئاستا ـ ئاستا غۇۋالىشىپ كەتكەن ئاشۇ نازۇك يالاڭ ئاياغ ئىزىنى كۆرسىتىپ «بۇ مېنىڭ ئايىغىم، بۇ مېنىڭ ئىزىم ـ دە» دەپ قوياتتى. بۇنداق چاغلار، سەيدى مۇئەللىم دىلكەشىنىڭ داۋاتقىنىنى تەستىقلىغاندەك بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتىپ قوياتتى. ھەر قانچە بولسىمۇ بۇ رەسىمگە «كۆز» چىقار دەپ ئويلىمىغانىدى ئۇ خىيالچان ھالدا جاۋاب بەردى.

ــ سەيلە.

ئادەم يوق قانداق سەيلە بۇ مۇئەللىم؟

ــ ئادەم ...ئادەم بار.

ــ قېنى ئەمىسە؟

سەيدى مۇئەللىم تۇرۇپلا جاۋابكار ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

ــ ئاشۇ ئىزلار...

سەيدى مۇئەللىمنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى بىرەرى ئاڭلىمىدى.

ئەتىسى مۇدىر يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ باشلىقىنى ئېلىپ سەيدى مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ساقچىخانا باشلىقى چوڭ كېلىپ قالغان شەپكىسىنى تۈپكىرەك كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئۇزۇنغىچە كۆزەتكەندىن كېيىن دېدى:

ــ ئاياغ ئىزىنى تەكشۈرۈدىغانغا ئادارىمىزدا مەخسۇس باش ئىزچىلار بار، شۇلارغا دوكىلات قىلاي، شۇلار بىر نېمە دېسۇن.

ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى سەيدى مۇئەللىم ئاڭقىرالمىدى. بىر نېمە دېگۈسى كەلدىيۇ، دەماللىققا تىلىغا سۆز كەلمىدى، ئۇنىڭغىچە مۇدىر ئاۋۇنىڭغا بىر تال تاماكا سۇنغاچ بوسۇغىدىن چىقىپ بولدى ۋە سەيدى مۇئەللىمگە «مەيلى ھاي» دېگەن مەنىدە ئۇبدانلا قاراپ قويدى.

سەيدى مۇئەللىم گاڭگىراپلا قالدى. كەچتە ئۇ رەيھانگۈل ئالدىغا قويغان چۆچۈرىنىمۇ ئىچمىدى. تاشلىغىلى ئۇزۇن بولغان مۇخۇركىسىنى يەنە يۆگەشكە تۇتۇندى.

ــ قويۇڭە سەيدى ـ دېدى رەيھان، سەيدى مۇئەللىمنىڭ چىكە چاچلىرىنى ئوڭشاپ قويغاچ ـ نېمىگە بۇنچە قىپ كېتىسىز؟ «سەيلە» نى قالدۇرىۋېتىپ بەك ئوبدان قىلىشتى. ئەسلىدىمۇ ئۇنى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرغۇم يوقتى مېنىڭ.

سەيدى مۇئەللىم ئۈندىمىدى. بۇ جىملىق ھەپتىگىچە داۋام قىلدى. ئارىدا ھېچ گەپ بولمىدى، پەقەت مۇدىر ئىككى نۆۋەت ئۇلارنى يوقلاپ كەلدى:

ــ ھېچ ئىش يوق ھاي سەيداخۇن ـ دېدى مۇدىر، كېيىنكى قېتىم كەلگىنىدە، ــ ئىلتىماسىڭلارنى ناھىيىگە يوللاپتۇ.

ــ ناھىيىگە؟

ــ ھەئە، ئەمدى مائارىپ ئىدارىسىكىلەر بىر نېمە دېگۇدەك.

ــ بۇ كۆرگەزمىنى ئاچمايمىكىن شوجاڭ.

ــ نېمىگە يەل قوياپ بېرىسىلە سەيداخۇن؟ ـ دېدى، مۇدىر بىر خىل ھەيرانلىق ئىچىدە ـ ناھىيە دېگەن ناھىيا ئاداش، يېزىدىن كۆپ ئۈستۈن، زىيالىي بار ئۇ يەردە، يېزىدەك قارا قورساق ئەمەس ئۇلار.

راستكەن، مۇدىر توغرا دەپتۇ. ھېچبىر سەنئەت تەربىيىسى ئالمىغان، تۇغۇلغاندىن بېرى ئۆز ناھىيە تەۋەسىدىن سىرتقا چىقىپ

دۇنيادا نېمە قىس بولسا، شۇ قىممەتلىك بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

باقمىغان بىر يېزا مۇئەللىمىنىڭ كۆرگەزمە ئاچماقچى بولغىنى ناھىيىدىكىلەرنى قىزىقتۇرۇپتۇ. مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر قايەردىندۇر كەلگەن تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ «ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيىتى» نى ياخشى ئىشلىگەنلىكىنى، سەيدى مۇئەللىمنىڭ ئۆز ئۆيىدە شەخسى رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچقانلىقى بۇنىڭغا دەلىل ئىكەنلىكىنى دوكلات قىلىپتۇ.

بۇ خەۋەرلەرنىمۇ مۇدىر يەتكۈزدى. مۇدىرنىڭ دېيىشىچە پات يېقىندا مائارىپ ئىدارىسىدىن بىر گۇرۇپپا ئادەم مەكتەپكە كېلىدىكەن، سەيدى مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە كىرىدىكەن، رەسىملەرنى كۆرىدىكەن، كۆرگەزمىگە قويۇشقا بولىدىغانلىرىنى بېكىتىپ بېرىدىكەن. قاچان كېلىدىغانلىقى ئېنىق بولمىغاچقا، سەيدى مۇئەللىم ئۆيىنى ھەر كۈنى پاكىز تازىلاپ تۇرۇشى، ئانچە ـ مۇنچە «ئىدىيىۋى تەييارلىق» قىلىپ قويۇشى كېرەكمىش، بەلكىم ئىدارە باشلىقى ئۆزى كېلىپ قالغۇدەك.

مۇدىرنىڭ «ئىدىيىۋى تەييارلىق» دېگىنىنىڭ مەنىسىنى سەيدى مۇئەللىم چۈشەندى. ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، قارا چۆجىنىڭ تۇخۇمى، كۆك كەپتەرنىڭ باچكىسى، ساغرىپ پىشقان كاۋا، كۆكباش، قېتىق ـ قايماق دېگەندەك نەرسىلەرنى تەقلەپ قويىدى. بازاردىكى كاۋاپچى، دوغاپچىلارغا، قاسساپ، ناۋايلارغا پات ئارىدا ئۆيىگە ئەزىز مېھمان كېلىدىغانلىقى، شۇ چاغدا ئۆزىنى يەرگە قارىتىپ قويماسلىقنى بىر قانچە قېتىم ئۆتۈندى.

ياز ئۆتتى. قېتىقلار كۆكىرىپ، قانچە رەت يېڭىلاندى. كاۋا، كۆكباشلار، قوغۇن ـ تاۋۇزلار بۇزۇلۇپ يەنە ئەكەلدۈرۈلدى. باچكىلار قانچە قېتىم «توپا دەسسەپ» سېلىپ، كۆز قىيمىغان ھالدا بوغۇزلىنىۋېتىلدى. بازاردىكىلەر سەيدى مۇئەللىمدىن «مېھمانلىرى تېخى كەلمىدىما مۇئەللىم؟» دەپ سوراۋېرىپ، ئەمدىگە كەلگەندە توختاپ قېلىشتى.

ئۇلار ئاخىرى كەلدى. ئۇلار كەلگەن ۋاقىتتا سەيدى مۇئەللىم دەرس ئۆتىۋاتاتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ تۆت سائەت دەرسى بار ئىدى.

—ئالمىشىڭ، —دېدى، مۇدىر ئامالسىز قالغاندەك بىر ھالدا — بولمىسا ئەتلەتتىن ئۆتىۋالارسىز.

سەيدى مۇئەللىم بىر سائەت دەرسنى باشقىلار بىلەن ئالماشتى. بىر سائىتىنى بولسا كېيىنكى كۈنلەرگە قالدۇرۇپ قويىدى.

ئۇ ئۆيىگە كىرگەندە، كەلگەنلەر رەسىملەرنى ئاللىقاچان كۆرۈپ بولۇشۇپ، رەيھان راسلىغان كۆرپىلەردە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ بولۇشقانىدى. سېلىنىغان داستىخان ھەقىقەتەن مول بولدى. سەيدى مۇئەللىمنىڭ تەييارلىغىنىمۇ ھېچنىمىگە دال بولالمىدى. مۇدىر، شوجىلاردىن تارتىپ سەيدى مۇئەللىمنىڭ ھېلىقى ساۋاقدىشىغىچە ھەممىسى ئۆلگۈچە ھەرىكەتكە كېلىپ، بىر دەمدىلا يېگىلى بولىدىغان نەرسىلەردىن كۆز كۆرگەن، قولاق ئىشىتكەنلىكى نەرسىنىڭ مۇشۇ يېزىدىن تاپقىلى بولىدىغان ھەر قاندىغىنى تەل قىلىشتى.

ئىچىشىش تۈن نىسپىگىچە داۋام قىلدى. ئىدارە باشلىقىنىڭ دېيىشىچە بۇ ئۆمۈرىدىكى ئەڭ مەنىلىك ئۆتكەن بىر كۈن ئىمىش. ئۇ ھازىرغىچە «قىرائەتخانىغا ئوخشايدىغان» بۇنداق ئۆيدە تانسا ئويناپ باقمىغانىكەن.

سەيدى مۇئەللىمنىڭ ئۆز رەسىملىرى ھەققىدە ئاڭلىغان گېپىمۇ شۇ بولدى. ئۇلار گويا بۈگۈن بۇ ئۆيگە ئاۋۇ تامغا ئېسىلغان رەسىملەرنى كۆرگىلى ئەمەس،بەلكى سەيدى مۇئەللىمنى ھېيتلاپ كەلگەندەك قىلاتتى.

ئىدارە باشلىقى تەڭشىلىپ قالدىمۇ رەيھانىنىلا تانسىغا تارتاتتى.مۇزىكا ئارىلىقىدىمۇ رەيھانىنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەيتتى.

—چى ... چىقىدۇ —دەيتتى ئۇ، كېكەچلەپ تۇرۇپ — مۇزىكا يە ...يەنە

چىقىدۇ، قويە ھوي مۇزىكىنى.

سەيدى مۇئەللىمنىڭ ساۋاقدىشى ئۆزى ئۇنىئالغۇغا مەسئۇل بولغانىدى. خېلىدىن كېيىن ئىدارە باشلىقى ئۇخلاپ قالغاندەك بېشىنى رەيھانىنىڭ مۆرىسىگە قويۇۋالدى. رەيھان ئۇنى ئىتتەردى ۋە بىرخىل يىرگىنىشلىك نەزەردە ئالىيىپ قويدى. ئىدارە باشلىقى ئۇ ئىتتىرىشلەرنى سەزمىگەنگە سېلىپ رىتىمغا كەلمىسىمۇ ئىغاڭلاپ قوياتتى، قەدەم يۆتكىمەيتتى. تۇيۇقسىز سەيدى مۇئەللىمنىڭ قولىقىغا «شەھەرگە يۆتكەپ قويايمۇ؟» دېگەن ئاۋاز كىرىپ قالدى، رەيھان جاۋاب بەرمىدى. سەيدى مۇئەللىمنىڭ باياتىن بېرى تۇگۇلگەن مۇشتلىرى تېخىمۇ چىڭ كىرىشىپ، ئاستا كۆتۈرۈلدى. دەل شۇ چاغدا ساۋاقدىشى ئۇنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، بىر تاقلاپلا كېلىپ سەيدى مۇئەللىمنى سىرتقا تارتتى.

—جۇجاڭيا ئۇ، تانسا ئوينىغانغا نېمە بوپتۇ، خوش بولماي تېخى.

—ئۆزەڭ خوش بولىۋال، سولامچى!

سەيدى مۇئەللىمنىڭ بومبا پارتلىغاندەك چىققان ئاۋازى ئۆيدىكىلەرنى سىرتقا چىقاردى. ئىدارە باشلىقى خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ قالغانىدى. ئۇ سەيدى مۇئەللىمنىڭ قولىنى بوش تۇتتى:

—ئاۋارە قىلىپ قويدۇق ـ ھە.

سەيدە مۇئەللىم ئۈن دېمىدى. ئاڭغىچە ئۇنىڭ ساۋاقدىشى چاقچاق چىقتى:

—ياقەي، نېمە دېگەنلىرى بۇ، سىلە دېگەن بىزنىڭ ئاتىمىز تۇرسىلا.

ئىدارە باشلىقى تولا ئاڭلاپ قۇلىقى كۆنۈپ قالغان بۇ تەكەللۇپلارنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى قەستەن ئاڭلىماسقا سالدىمۇ قولىنى سەيدى مۇئەللىمنىڭ مۆرىسىگە تاشلاپ تۇرۇپ دېدى:

—ئا رەسىملەردىن ئىككى پارچىنى ئاغاچ كېتەيما مەن؟

سەيدى مۇئەللىمنىڭ ئېغىزى گەپكە كەلمەيۋاتاتتى، نەپەسلىرى تېخىچە ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا يەنە ساۋاقدىشى جاۋاب بەردى:

—ۋاي ئاغاچ كەتسىلە، ھەممىسىنى ئېلىپ كەتسىلىمۇ مەيلى، سەيداخۇن ئۆزلىرىگە تەييارلىغان ئۇنى.

ئىدارە باشلىقى كەينىگە ياندى. خېلى بۇرۇنلا كۆز سېلىپ قويغانمۇ، ئۇدۇل كېلىپلا «جىمجىت كېچە» بىلەن، «توغراق» قا قارىدى. سەيدى مۇئەللىمنىڭ ساۋاقدىشى ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئۇ ئىككى پارچە رەسىمنى يۇلۇپ دېگۈدەك ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭدى ۋە ماشىنىغا ئاۋايلاپ سېلىپ قويدى.

—بالىمىز ئامراق، ـ دېدى ئىدارە باشلىقى —مەنغۇ رەسىمگە تولا چۈشۈپ ئۈپراپ كەتكەن.

ئۇ ئەسلىدە مەست بولمىغانىكەن. ماشىنىغا راۋۇرۇس چىقىپ، ئىشىكنى گۈممىدە ياپتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ سەيدى مۇئەللىم جىمىپلا كەتتى. رەيھانغىمۇ ئۇچۇق چىراي ئاچمىدى. بېشى گاراڭ، قەدەملىرى ئېغىر بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ ئۆيگە كەلسىمۇ، بۇرۇن قاراپ ـ قاراپ تويمايدىغان رەسىملىرىگە كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمايتتى. رەسىملەرمۇ تولا تاقلىنىپ، ئۆيمۇ دەسلەپكى سۈلكىتىنى يوقاتقانىدى.

—خوشخەۋەر سەيداخۇن — دېدى، مۇدىر بىر كۈنى ـ ئىدارىدىن تېلېفون كەلدى، كۆرگەزمە ئېچىشنىڭلار تەستىقلىنىدىغان چاغۋا.

سەيدى مۇئەللىم ئىپادە بىلدۈرمىدى.

—لېكىن، رەسىملەرنىڭ جازىسىنى يەڭگۈشلىسۇن دەيدۇ.

—قانداق يەڭگۈشلەيدىكەنمەن؟

—ھازىرقىسى بەك قوپال بولۇپ قاپتۇ. ھەممىنى زاۋۇت ئىشلىگەن جازىلارغا ئالماشتۇرسۇن دەيدۇ.

—قىلمايمەن.

ئىلىم ئېلىپ ئەمەل قىلمىسا ئۇرۇق چېچىپ ھوسۇل ئالمىغانغا ئوخشاش.

—ئىشىڭلىنى قىلىڭلا، جوجاڭ دېـ
دى ئاداش ئۇنى.

—كىم دېسە مەيلى، شوجاڭ.

مۇدىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. قارىـ
غاندا ئۇنىڭمۇ بىر مۇنچە قورساق كۆپىكى
باردەك قىلاتتى.

—ھېلىقى ئىككى پارچە رەسىمىڭلار
جوجاڭنىڭ ئوغلىغا بەك ياراپتۇ سەيداخون،
جازىسىنى ئالماشتۇرۇشمۇ شۇ ئوغلىنىڭ
مەسلىھەتى بىلەن بولغان ئىشكەن ئۇ.
جوجاڭنىڭ دېيىشىچە كۆرگەزمىنى ناھىـ
يىدە ئاچقۇدەكسىلە.

ئىككى ھەپتە ئۆتتى. سەيدى مۇئەللىم
ئاشۇ جىمغۇرلۇقى بىلەن دەرسىنى ئۆتۈپ،
تاپشۇرۇقلارنى تەكشۈرۈپ، سىياسىي ئۆگىـ
نىشلەردىن خاتىرە، تەسىراتلارنى يېزىپ
ئۆتتۇەردى. رەسىملەرنىڭ رامكىسىنى ئالـ
ماشتۇرايمۇ دېمىدى. لېكىن، مۇدىر سۈيـ
لىدى:

—سىلە قىلمىساڭلار مەن قىلاي
سەيداخون، ماڭا مىندى بۇ ئىش ئەمدى.

مۇدىر دېگىنىنى قىلدى. ئاۋۋال سۈـ
رەتلەرنى ئۆلچىتىپ، ئادەم بۇيرۇپ ناھىيە
بازىرىدىن مىسرەڭ ھەل بېرىلگەن نەقىشـ
لىك رامكىلارنى ئەكەلدۈردى. ئاندىن ئۆزى
تۆپىدە تۇرۇپ سۈرەتلەرنىڭ ھەممە رامكىـ
سىنى ئالماشتۇردى ۋە سەيدى مۇئەللىمنىڭ
«ياق» لىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي ناھىيىگە
ماڭدۇردى.

—ھۆججەت يېزىپ بەرسۇن ئەمىسە
—دېدى سەيدى مۇئەللىم ئاخىرى — يوـ
قاپ كەتمىسۇن.

—ماتارىپ ئىدارىسىغا ئاپىرتىپ ئاـ
داش ئۇنى، كىم ئوغۇرلايتتى ئۇ يەردە؟

رەسىملەر ئېلىپ كېتىلدى. مۇدىرـ
نىڭ دېيىشىچە رەسىملەرنى ئاۋۋال تەكـ
شۈرىدىكەن. ئەستىقلانسا ئاندىن كۆرگەزمە
ئېچىلىدىكەن. كۆرگەزمىگە سەيدى مۇئەلـ
لىم قاتنىشىدىكەن.

تىت ـ تىتلىق، ئەنسىرەش ئىچىدە
ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

—مەن كۆردۈم ـ دېدى، مۇدىر بىر
كۈنى ـ ئىدارە بىر چوڭ زالنى سىلىگە
ئاجرىتىپتۇ سەيداخون، رەسىمىڭلارنى قاتاـ
رىسىغا ئېسىۋېتىپتۇ، يىغىنغا قاتناشقان
مۇدىرلارنىڭ ھەممىسى كۆردى.

سەيدى مۇئەللىمنىڭ كۆڭلى ھەرـ
ھالدا جايىغا چۈشتى. تاماقلىرىدىكى يوقـ
غان تەم، ئۇيقۇسىدىكى كەملەپ كەتكەن
لەززەت ئازراق بولسىمۇ ئەسلىگە كەلدى.

ئۇزاق ئۆتمەي مۇدىر يەنە يىغىنغا
باردى. يىغىندىن يەنە خەۋەر ئېلىپ كەلدى:

—كۆرگەزمە ئېچىشقا ئىدارە قوشۇـ
لۇپتۇ. ئەمدى پەقەت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ
رۇخسىتىنى ئېلىشلا قاپتۇ.

ئۇچۇر شۇ يەردە ئۈزۈلدى. چۈنكى
مۇدىر ئۇزۇن ئۆتمەي ئورۇمچىگە قايسىدۇر
بىر كۇرۇسقا كەتتى. ۋاقتى بىر مەۋسۇم
ئىكەن، دېگەن گەپ بولدى.

شۇندىن باشلاپ سەيدى مۇئەللىمنىڭ
تىت ـ تىتلىقى يەنە باشلاندى. باشلاندىلا
ئەمەس، ئىلگىرىكىدىن خېلىلا ئۇلغايدى.
ئەمدى ئۇنىڭ كۆرگەزمە ئېچىش ئارزۇسى
كۆپۈككە ئايلانغاندەك قىلاتتى. ئۇنى بۇ
ئارزۇسىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتى دېگىلىمۇ
بولاتتى. ئەمدى سەيدى مۇئەللىمدە بىرلا
ئارزۇ قالدى. ئۇ بولسىمۇ ناھىيىگە ئېلىپ
كېتىلگەن رەسىملەرنى قايتۇرۇپ كېلىش
ئىدى. ئۇ رەسىملەرنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق
ھالدا ئىكەنلىكىنى ئۇققىلى بولمايتتى.
مۇدىر يوق، شۇجى ياشىنىپ قالغان. ئەمدى
ناھىيىگە يىغىنغا بارىدىغان ئىش سەيدى
مۇئەللىمنىڭ ھېلىقى ساۋاقدىشىغا ـ
ئەخلاق تەربىيە مۇدىرىغا قالغانىدى. ئۇ كۆپ
قېتىم يىغىنغا باردى. لېكىن، سەيدى مۇـ
ئەللىمنىڭ رەسىملىرى ھەققىدە ھېچبىر
ئۇچۇر ئېلىپ كەلمىدى. ئۇ پەقەت يىغىن
باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئىدارە باشلىقىنىڭ

ئۆزى بىلەن قانداق ھالدا كۆرۈشكىنىنى، يىغىندىن كېيىن يەنە قانداق خوشلاشقىنىنى، كىملەرگە «سېغىنىپ سالام» يوللىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلەتتى. يوللانغان ئۇ «سالاملار» نىڭ مۇبارەك ئىگىلىرى ئارىسىدا سەيدى مۇئەللىم يوق ئىدى. سەيدى مۇئەللىم ھەم ئۇ سالاملارغا خۇشتارمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆز رەسىملىرى ھەققىدىلا ئويلايتتى. شۇنىڭغىلا باش قاتتۇراتتى. لېكىن، ساۋاقدىشى بۇ ھەقتە چىش يېرىپ بىر نەرسە دېمەيتتى. دېيىش تۈگۈل ئۇنىڭغا ئۇچۇق چىرايمۇ ئاچمايتتى. يالغۇز ئۇ ساۋاقدىشىغىلا ئەمەس، ئەمدى مەكتەپتىكى ھېچكىمگە كۆن ـ كۆنلەپ گەپ قىلمايتتى. دەرسىنىمۇ ئىلگىرىكىدەك زوق ـ شوق بىلەن ئەمەس، بىرخىل ئىزلەڭگۈلۈك بىلەن ئۆتەتتى. دەرسكە كىرىشكىمۇ، دەرستىن چۇشۇشكىمۇ ئالدىرىمايتتى. ئوقۇغۇچىلار سەيدى مۇئەللىمدىكى بۇخىل ئۆزگىرىشتىن ھەيران قېلىشاتتى. لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئۇستازىنىڭ قەلب يارىسىنى نەدىن بىلسۇن؟

مەكتەپتە «رەيھان خانىم ناھىيىگە يۆتكەلگۈدەك» دېگەن گەپ تارقالدى. بۇ گەپ سەيدى مۇئەللىمنىڭ قۇلىقىغا ھەممىدىن كېيىن ئاڭلاندى.

شۇ كەچلىكى رەيھان ئۇزۇن يىغلىدى. سەيدى مۇئەللىم بولسا، پۈتۈن بىر كېچە كىرپىك قاقمىدى. ئامراق ئايالىغا تەسەللىمۇ بەرمىدى. ئۇنىڭدا بىرەرىگە تەسەللى بەرگۈدەك ماجالمۇ قالمىغانىدى. پەقەت بارغانچە كۈچەيدىن قېلىۋاتقان قوللىرىنى چىڭ تۈگۈپ، شۇ كۈچسىز مۇشتلىرى بىلەن يوتقانغا مۇشتلاپ قوياتتى، لەۋلىرىنى چىشلەيتتى. سەھەرگە يېقىن ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن قان سىرغىپ چىقتى ۋە ئۇ قاننى ئاستا يالاپ كۆردى.

سەيدى مۇئەللىم ئىلگىرى قاننىڭ تەمىنى زادىلا تېتىپ باقمىغانىدى. قان — ئۇ، گەرچە ئۆز قېنى بولسىمۇ ناھايىتى بەتتام ۋە تۇزلۇق ئىدى.

سەيدى مۇئەللىم تاڭ يورۇماستىنلا ئورنىدىن تۇردى. رەيھاننىڭ «بۇنچە ئەتتىكەن نەگە؟» دېگەن سوئالىغىمۇ جاۋاب بەرمەي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

خېلىدىن بېرى يۈرىكىنى شۇركەندۈرۈپ كېلىۋاتقان مائارىپ ئىدارىسى مۇشۇ ئىدى. سەيدى مۇئەللىم ھېچقانداق ئېپادىسىزلا ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى. چۈنكى ئۇ مۇدىردىن ئۆز رەسىملىرىگە ئاجراتقان زالنىڭ ئىككىنچى قەۋەتتە ئىكەنلىكىنى ئۇققانىدى.

بۇ چوڭ بىر ئىدارە ئىدى. ئادەملەر كۆپ، بىرى ـ بىرىدىن ئالدىراشتەك قىلاتتى. سەيدى مۇئەللىمگە بىرەرىنمۇ پەرۋا قىلىپ قويمىدى. ئۇ قوش قاناتلىق ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىگە دوقۇرۇپ باقتى. «ـكۆرگەزمە ئۆيى» نى تاپالمىدى. بىر نەچچەيلەندىن سورىدى، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى ئۇ ئىشنى بىلمەيدىكەن.

سەيدى مۇئەللىم ئاخىرى ئىدارە باشلىقىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇ يىغىنغا كېتىپتۇ. «ساقلاي — دەپ ئويلىدى ئۇ. ـ رەسىملىرىمنى ئېلىپ كېتەي».

كەچ كىردى. ئىدارە باشلىقى پەيدا بولمىدى. ئىشىكلەر بىر ـ بىرلەپ ئېتىلدى. سەيدى مۇئەللىم دەرۋازا تۈۋىگە چىقتى. قەيەرگە بېرىشىنى، ئۆز ئىشىنى كىمدىن سۈرۈشتۈرۈشنى بىلمەي خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى.

— بىر كىمنى ساقلامىلا؟

تۇيۇقسىز سورالغان سوئال سەيدى مۇئەللىمنى ئەندىكتۈردى. ئاخىرى ئۇنىڭدىن گەپ سورايدىغان ئادەم چىقتى. سەيدى مۇئەللىم كۆردى. ئاۋاق، چىرايىنى ساقال باسقان، مىسچىراي بىرسى دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىشقا تۇتۇنىۋاتاتتى.

— جۇيجاڭنى ئىزدەپ...



بىر ئادەمگە قىلغان ئادالەتسىزلىك ھەممىگە قىلغان ئادالەتسىزلىكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ـــ كەلمەيدۇ ئەمدى!

ـــ ئۆيى نەدىدۇر؟

ـــ بۇ كەچتە ئۆيىدىنمۇ تاپالمايتلا هاي، بىر ئىشلىرى بارمىدى؟

سەيدى مۇئەللىم مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېتىلگەن رەسىملەر ھەققىدە قىسقىچە سۆزلىدى. ئىز ـ دېرىكىنى بىلىدىغان، بىلمەيدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇ ئەمدى ئاخىرقى ئۈمىدلىرىنى مۇشۇ دەرۋازىۋەنگە باغلىغانىدى.

ـــ بىلىتمە.

دەرۋازىۋەن سەيدى مۇئەللىمنى ئىدارىسىنىڭ كەينىدىكى ئامبارغا باشلاپ كىردى.

ـــ مۇشۇ يەردە بار ـــ دېدى، ئۇ ـــ ئىككى ـ ئۈچ رەسىمنى ئەكىرىپ قويغان.

سەيدى مۇئەللىمنىڭ يۈرىكى «قارت» تىدە قىلدى. كۆزى ئاۋۋال قاراڭغۇلاشتى، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا سۈزۈلدى.

ـــ ئىككى ـ ئۈچ؟

ـــ ھەئە.

ـــ قالدىسىچۇ؟

ـــ تاڭ.

ـــ ئاشۇ ئىككى ـ ئۈچى قېنى؟

ـــ بارمىشىدە. ـ ئۇ شۇنداق دېگىنىچە يېلى چىقىپ كەتكەن قول ھارۋىسى، بىر پۇتى يوق دوسكا قاتارلىقلارنى تارتقۇشلاشقا باشلىدى. سەيدى مۇئەللىم ئۇنى ئىتتىرىپ، دېگۈدەك ئالدىغا ئۆتتى ـ دە، ئۆزى ئىزدەشكە باشلىدى.

جاھاندا بار كونا، بۇزۇلغان بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەرگە يىغىلغانمىكىن؟ سەيدى مۇئەللىم ئۇزۇن ئىزدىدى. لېكىن، سۈرەتلەرنى تاپالمىدى. قولىنى نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ مىخى ئىلىۋالدى. تامچىلاۋاتقان قان توزاڭ توپىغا سىڭىپ كەتتى. لېكىن، سەيدى مۇئەللىم بۇنى سەزمىدى. ئۇ ئىزدەۋەتتى. ئامباردىكى ھەممە نەرسە بىر نۆۋەتتىن ئورنىدىن يۆتكەلدى. رەسىملەر تېپىلمىدى.

ـــ نەدە؟ زادى نەدە قويغان؟

ـــ بارمىشىدە ـــ دەرۋازىۋەن ئىپادىسىز ھالدا ئىشىككە يۆلىنىپ تۇراتتى.

سەيدى مۇئەللىم ئاخىرى بىر پالازنى تارتقۇشلىدى. لېكىن، يۆتكىيەلمىدى. ئۇ چوڭ بىرزىنت پالاز ئىدى. سەيدى مۇئەللىم، بار كۈچىنى يىغىپ، پالازنى ئىشىك تەرەپكە سۆرىدى.

كۆرۈندى! بۇلۇڭدا، بىر تامغا يۆلەكلىك، قالغان ئىككى پارچىسى يەردە، ئۈچ پارچە رەسىم تۇراتتى. ھەممىسىنىڭ ئۈستىنى توپا ـ چاڭ بېسىپ كەتكەن، ئىككىسىنىڭ رامكىسى سۇنۇق، بىر پارچىسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسى يېرتىق ئىدى.

سەيدى مۇئەللىم رەسىملەرنى قولىغا ئالدى. ئاۋايلاپ سۈرتتى. ئاھ، بۇ «لاچىن»، ماۋۇ «كۆكلەم» ئىكەن. ماۋۇ بىرىسىنى سەيدى مۇئەللىم تونىيالمىدى. تونىيالمىغىنى ئوتتۇرىسى يېرتىلىپ كەتكىنى شۇ ئىدى. يېرتىلمىغانلىرىمۇ لاي چاچراپ، رەڭلىرى يېيىلىپ، ئالا ـ پاساق بىر نەرسە بولۇپ قالغانىدى.

سەيدى مۇئەللىم رەسىملەرنى باغرىغا باستى، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى. قويۇق كىرپىكلەر ئارىسىدىن سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياش قورۇلغان زىناقلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. يىغا ئىچ ـ ئىچىدىن چىقاتتى. يۈرىكى بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك، نەپەسى سىقىلاتتى. پۈتۈن بەدىنى سىلكىنەتتى. ئۇ ئاخىرى ئۇن قويۇپ يىغلاشقا ئۆتتى. شۇندىلا دەرۋازىۋەن ئاستا كېلىپ ئۇنى تارتقۇشلىدى:

ـــ يىغلىمىسىلا، ھاي مۇئەللىم.

ئادەم تەسەللىگە ئېرىشكىنىدە ئۆزىنى تېخىمۇ تۇتۇۋالالمايدۇ. سەيدى مۇئەللىممۇ شۇنداق بولدى. ئۇ ئەمدى دەرۋازىۋەنگە ئېسىلىپ تۇرۇپ ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى.



تولىمۇ كەمتەرلىك ـ يۇشۇرۇن تەكەببۇرلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ـــمەن بىلىتمە ـدېدى، دەۋازاتۋەن

ـــسېلىكە ئۇۋال بولدى.

راستكەن، ئۇ ھەممىنى بىلىدىكەن. ئىدارە باشلىقى ئېلىپ كەلگەن ئىككى پارچە رەسىمنىڭ ئوغلىغا ياراپ كەتكىنىنى، شۇ ئوغۇلنىڭ دەۋىتى بىلەن قالغان رەسىملىرىنىڭمۇ ئېلىپ كېلىنگىنىنى، ئىككىنچى قەۋەتتىكى يىغىن زالى بىكارلىنىپ، رەسىملەرنىڭ ئېسىلغىنىنى، كېيىن كىملەرنىڭدۇر «تەكشۈرۈش» نامى بىلەن بىر ـ ئىككىدىن ئېلىپ كېتىپ قايتۇرۇپ بەرمىگىنىنى، شۇنىڭ بىلەن رەسىملەرنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئازلاپ كەتكىنىنى، ھەممىنى بىلىدىكەن. ئېشىپ قالغىنى ئاشۇ ئۈچ پارچىلا ئىكەن.

ـــجۇجاڭنىڭ ئوغلى ھازىر نەدە؟

ـــكەتتى.

ـــنەگە؟

ـــئوقۇشقا.

كەچكۈزنىڭ سوغۇقى سەيدى مۇئەللىمنىڭ غولىنى قورىدى. بىكەتتە ماشىنا توختاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇششاق يېغىۋاتقان قارغا پىسەنتىمۇ قىلماي، ئۈچ پارچە رەسىمنى باغرىغا چىڭ باسقىنىچە يېزىغا قاراپ يول ئالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سەيدى مۇئەللىم ئانىسىدىن ئايرىلغان موزايدەك شۈكلەپ قالدى. لېكىن، بۇ شۈكلۈك ئۇنىڭ جىسمىدىلا ئىدى. جىمجىتلىق تېشىغىلا تەپكەن، قەلبى توختىماي داۋالغۇيتتى، بىر نېمىلەرنى دەپ تىپىچەكلەيتتى. سەيدى مۇئەللىمنىڭ مۇشۇ ھالىتى بەئەينى كۆنچى دەرياسىغىلا ئوخشايتتى. شۇنداقلا قارىماققا جىمجىت كۆرۈنگىنى بىلەن بار دولقۇن ئۇنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ دولقۇن كىملەرنىدۇر ئاققۇزۇپ ئۆز قايناملىرىغا غەرق قىلغۇسى، چۆكتۈرۈپ مەلەخلىتىۋەتكۈسى كېلەتتى. لېكىن، كىمنى يالمىغۇسى، كىمنى غەرق قىلغۇسى بارلىقى تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى.

مەنىسىز كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرسى ئۇلىشىپ باھار كەلدى. سەيدى مۇئەللىم مۇشۇ ئارىدا ھېچنېمە سىزمىدى. رەيھاننىڭ «ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەڭ» دېگەن دەۋىتىگىمۇ پىسەنت قىلمىدى. بۇ دۇنيادا بار ـ يوقنىڭ ئارىلىقىدا ياشاپ كۈنلىرىنى يازغا ئۇلىدى. ئۇنىڭ ئەمدىكى بىردىنبىر كۆڭۈل خۇشى ياشانغان ئانىسىنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرۇش ئىدى. ئاجىز مەزلۇمە ئوغلىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە جۇدەپ، بىر تىرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئۇلۇق ـ كىچىك تىناتتى، ئېغىر خۇرسىناتتى. بۇ خۇرسىنىشلار سەيدى مۇئەللىمنىڭ «ئۇھ» لىرىغا قوشۇلۇپ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىرىلدۇرگىدەك بىر كۈيگە ئايلىناتتى.

سەيدى مۇئەللىم بۈگۈنمۇ دەرستىن چۈشۈپلا مۇدىرنىڭ «نەگە سەيداخۇن؟» دېگەن سوئالىغىمۇ جاۋاب بەرمەستىن ئەبجەق ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ ئانىسىنى يوقلاپ كەلدى. كۈن غەربكە قىيسايغان بولسىمۇ، ياز ئاپتىپىنىڭ تەپتى زېمىننى قىزدۇرۇپ تۇراتتى.

سەيدى مۇئەللىم ئانىسىنى بېغىنىڭ كەينىدىكى كىچىك خاماندىن تاپتى. ئانىسى كونا بىر غەلۋىر بىلەن بۇغداي سورۇۋاتاتتى. لىق ـ لىق ئۇسۇلغان بۇغداينى غەلۋىر بىلەن تاسقايتتى، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ شامالغا قارىتىپ ئاستا تۆكەتتى. بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى شامال چەشلەرنىڭ ئارىسىدىكى سامان كۇكۇنلىرىنى يەڭگىل ئۇچۇراتتى.

سەيدى مۇئەللىمگە تۇيۇقسىز بىر ئىلھام كەلدى. بۇ ئىلھام شۇنچىلىك تۇيۇقسىز، شۇنچىلىك كۈچلۈك كەلدىكى، سەيدى مۇئەللىم ئۆزىمۇ نېمە بولىۋاتقىنىنى، ئۆزىنىڭ قەيەردە تۇرىۋاتقىنىنى ئۇنتۇپلا كەتتى. ئىچ ـ ئىچىدىن تۇرتەكلەپ

چىقىۋاتقان بىر غايىۋى كۈچ ئۇنى كەينىگە قايتۇردى. نەۋاقتىن بېرىقى ئىنزىلەڭگۈلۈككە يات بىر چاققانلىق بىلەن ۋېلىسىپىتىگە مىنىدى-دە مەكتەپكە قاراپ چاپتى.

چوڭ بىر غەلۋىر. ئىككى قول ئېگىز كۆتۈرۈلگەن، قاسقانلىرى يېرىق، يېرىقلىرى ئۇجمە قوۋزىقى بىلەن تېڭىپ قويۇلغان بىر غەلۋىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان ئىدى. غەلۋىر تالالىرىدىن ئۆتكەن كۈچلۈك نۇر سەيدى مۇئەللىمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى. ئاشۇ تىلىم ـ تىلىم نۇر يىڭنىللىرى ئۇدۇل كېلىپ سەيدى مۇئەللىمنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئۆتەتتى.

رەسىم پۈتتى. بۇ رەسىمنى سەيدى مۇئەللىم ئاشۇ كەچلىكى سىزىپ پۈتكۈزدى. تېگىگە «غەلۋىر» دەپ ئىسىم قويدى. بۇ رەسىم باشقا رەسىملەردىن چوڭ ئىدى. ئۇنى ھەقىقەتەن چوڭ بىر پارچە رەختكە سىزىپ چىقتى.

«غەلۋىر» پۈتتى. سەيدى مۇئەللىم بار ئىلھامىنىڭ ھەممىسىنى شۇ «غەلۋىر» بىلەن سىزىپ تۈگەتكەندەك، ئەمدى سىزغۇدەك ھېچنېمە قالمىغاندەك شۇندىن كېيىن ھېچ نەرسە سىزمىدى. پالىكۈچ، بوياقلىرىنى نەلەگىدۇر چۆرۈۋەتتى.

—تېلېفون كەلدى سەيداخۇن ـ دېدى، مۇدىر بىر كۈنى — جۈيجاڭنىڭ ئوغلى تەتىلگە كەپتۇ، يەنە سىلىنىڭ كۆرگەزمەڭلەرنىڭ گېپىنى قىپتۇ. جۈيجاڭ سىلىنى يېڭىدىن سىزغان رەسىملىرىنى ئېلىپ ئىدارىغا كەلسۇن دەيدۇ.

—مەن ئەمدى سىزمىدىم شوجاڭ.

— ئىشىڭلىنى قىلىڭلا، چوڭ بىر غەلۋىر سىزىپسىلىغۇ ئەينا.

سەيدى مۇئەللىم ھەيران قالدى. بۇنى مۇدىرغا كىم دەپ قويغاندۇ؟ راست، رەيھان دەپ قويۇپتۇ. رەيھاندىن باشقا بىرسى كۆرمىگەن ئۇنى.

توغرا، «غەلۋىر»نىڭ ئىشىنى مۇدىرغا رەيھان دېگەن. مۇدىر سورىغان، سەيدى مۇئەللىمگە كۆڭۈل بۆلۈشنى، قەلب يارىسىنى تېزراق ساقايتىشنى رەيھانغا مۇدىر تاپىلىغان.

—ئۇ بىرنى ئەكىرگىلى بولماس شوجاڭ.

—يەنە بارما ئەمسە؟

—يوق.

—ئەكىرىۋېرەيلى، بولمىسا جۈجاڭ يەنە چىقا ھېلى.

ئىدارە باشلىقىنىڭ يەنە چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ سەيدى مۇئەللىمنىڭ يۈرىكى مۇزلىدى. بېشىدىن بىر قاپاق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكتى.

—مەن كىرمەيمەن، ئۆزلىرى ئەكىرسىلە.

مۇدىرى ئەتىسى ئاشۇ بىر پارچە رەسىمنى كۆتۈرۈپ ناھىيىتىگە كەتتى. كەچتە بەك خۇشال ھالدا قايتىپ كەلدى:

— خوشخەۋەر سەيداخۇن، «غەلۋىر»ىڭلار سورتتىن ئۆتتى. ئىلتىماسىڭلارمۇ تەستىقلاندى. ئەمدى كۆرگەزمە ئاچىدىغان بولدىڭلار.

—رەسىم قېنى؟

—مانا، بەك ئېسىل رامكىغا ئالسۇن دەيدۇ.

سەيدى مۇئەللىم رەسىمنى قولىغا ئالدى، ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغان بالىسىنى ئالغاندەك سېغىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئالدى. رەسىمگە ئۇزۇن قاراپ كەتتى. گويا تۈنجى كۆرۈۋاتقاندەك بۇ رەسىمنى ئۆزى سىزمىغاندەك ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ تۇردى ـ دە، بار كۈچىنى ئورۇۋقلاپ قوناق پاسىرىدەك بولۇپ قالغان ئىككى بىلىكىگە يىغىپ رەسىمنى يىرتىپ ئاۋۋال ئىككى پارچە ئاندىن تېزلا تۆت پارچە قىلىپ يىراقلارغا تاشلىۋەتتى.

رەسىم يىرتىلغاندىكى چىققان ئاۋاز خېلى ئۇزۇنغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

(ئاپتور: لوپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

مەنمەنچىلىككە نەسىھەت قىلغان ئادەم ئۆزى نەسىھەتكە مۇھتاجدۇر.



ئابلىمىت ئابلەت

# ئالۋاستى مەيخانىسى

(ھېكايە)

شەھەر چىراقلار يېنىۋاتقان يۇلتۇزلار دۆۋىسىنى يېپىنچا قىلىپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئۇنى باشلاپ كەلگەن ئاغىنىلىرى كەتكىلى نېكەم، ئۇ يەنىلا مۇشۇ قاۋاقتا. قىز ئۆزىنىڭ لاتاپىتىنى ئاجايىپ نەپىسلىك بىلەن كۆركە قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆكۈش كۆزلىرى سارغۇچ چاچلىرى، يۈرىكىنىڭ بېغىشىغا سانچىلىپ ۋۇجۇدىنى زەرەتلەۋاتقان كىرىكلىرىدىن تارتىپ، غۇۋا چىراغ نۇرىدا ھالرەڭگە كىرگەن سۈزۈك يۈزلىرىدىكى ھاياجان شولىسىغىچە ئۇنىڭغا تونۇشتەك ئىدى. قىزنىڭ قولىدىكى لىقلانغان ئىستاكان يەنە ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇ تۆت سائەتتىن بېرى ئىچىۋاتاتتى. ئون ئۈچىنچى بوتۇلكىنىڭمۇ ئېغىزى ئېچىلدى! ئەمما، شۇتاپتا ئىستاكاندىكى پىۋا ئەمەس، زەھەر بولسىمۇ بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىشكە رازى ھەم مەجبۇر ئىدى. ئۇ ئۆزىنى نەچچە قېتىم مەست بولۇپ، يەنە يېشىلىپ كەتكەندەك، پەقەت يېنىدىكى مۇشۇ ھەمرىيى بولسا قانچىلىك ئىچسىمۇ مەڭگۈ مەست بولمايدىغاندەك بىر تۇيغۇ ئىچىدە سىزەتتى ـ دە، بۇ يەردىن كېتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

—قېنى ئىچىۋېتىڭا! —قىزنىڭ بۇ يېقىملىق سۆزى ئۇنى سەگەكلەشتۈردى. ئۇ قىز ئۇزاتقان ئىستاكانىنى ئىختىيارسىز قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پىۋا ئەمەس، ئۆزىنى يۇتۇپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتقان چەكسىز بورانلىق دېڭىز چايقىلىپ تۇراتتى.

—ئېچىڭە ھە مۇنداق...

ئۇ تۆمۈر ئېرىتمىسى يۇتۇۋالغاندەك قىينىلىپ، چىرايى پۈرۈشۈپ كۆزلىرىدىن مۇنچاق ـ مۇنچاق ياش چىقىپ كەتتى.

—بارىكاللا، يىگىت دېگەن سىزدەك بولسا!

قىزنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېرىتىۋاتىدىغاندەك سېھىرلىك ئىدى، ئۇ بارغانسېرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنى ئېچىشقا تىرىشاتتى، ئۇ ئىستاكانىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ كۆزلىرىنى ئىختىيارىغا قويدى.

ئۇ ئىلگىرى — كېيىن ئىككىلا قىز بىلەن ئارىلاشتى. ئۇلار دېيىشىۋالغاندەكلا نېمىشقىدۇر بىر ـ بىرلەپ توي قىلىشىۋالدى. بولۇپمۇ كېيىنكى سۆيگىنى ھەسىنىيەدىن ئايرىلىش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ ئۇچۇن جېنى پىدا ئىدى. ھەسىنىيەمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدى-



ساۋاتسىز سۆپى پىيادە قالغان يولىچىدۇر. ھورۇن ئالىم ئۇخلاپ قالغان ئاتلىقتۇر.

غانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرلۈك بىللە ئۆتۈشكە قەسەم قىلغانىدى. ئەمما، تەقدىر كىمنىڭ رايىغا باققان؟ كۆن ئوخشاشلا مەشرىقتىن چىقىپ مەغرىبكە پېتىپ، سەككىز يىل ئىچىدە يەر شارىدا خېلى نۇرغۇن يوقىتىش ۋە ئۆزگىرىش بولدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ھەسسىنىيەگە بولغان سېغىنىشى ئەبەدىي ئازابقا ئايلىنىپ، قەلبىنى تىنىمسىز قىيناپ كەلدى. شۇندىن باشلاپ ئۇ ئېغىر مۇسىبەتكە ئۇچرىغان ئادەمدەك ئۆزىنى پايانسىز ھەسرەت دەرياسىغا غەرق قىلىپ، كۈلكە، خۇشلۇق دېگەنلەرنى كۆڭۈل لۇغىتىدىن چىقىرىۋەتتى. ھەسسىنىيەنىڭ تويى ئۇنىڭغا تۈگىمەس دەرد، ھىجران، چۈشكۈنلۈك، مۇڭ ئېلىپ كەلدى...

ــــ مەن سىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن ــــ پىچىرلىدى ئۇ قىزغا تىكىلىپ تۇرۇپ. قىزنىڭ سۇرۇخ سۇركەلگەن لەۋلىرى بوشقىنە مىدىرلىدى:

ــــ چاخچاق قىلماڭ، نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن دەيسىز، سىزدەك چوڭ كادىرلار بىزدەكلەرنى ياقتۇرامدۇ؟ يالغانچى، ــــ قىز قولىدىكى ۋېنو بىلەن توشقۇزۇلغان ئىستاكاننى ئېھتىيات بىلەن ئايلاندۇرۇپ قويدى.

ــــ مەن راست دەۋاتىمەن، سىز مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئوخشىمامسىز؟

ــــ نېمە دەيدىغانسىز، مەن سىزنى مەڭگۈ تونۇمايمەن...

ــــ ئاۋازىڭىز، كۆزلىرىڭىز ھەتتا تىنىقلىرىڭىزمۇ ...مېنى مەست بولۇپ قالدى دەپ ئويلاۋاتىسىز؟

ــــ مەن ئۇنداق گەپلەرگە قىزىقمايمەن. سىز مېنى بىرسىگە ئوخشىتىپ قېلىۋاتمىغانسىز؟ قېنى كۆتۈرەيلىچۇ.

ئىستاكانلارنىڭ يېنىك چېقىشىشىدىن ئاجايىپ يېقىملىق بىر كۈي تارىغاندەك بولدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى بوشلۇق باشتا يەڭگىل، كېيىن شىددەت بىلەن تىترەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، كۆزىگە مۇدھىش بىر قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. كەيىپ ئۇنى ئاخىرى يېقىتىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى.

ــــ نېمە بولدىڭىز ئولتۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ ھە، پىۋا تۈگەپتۇ، ئىچىملىك بۇيرۇتامسىز يە قايتامسىز؟!

ــــ يىگىت، ئىچىملىك بۇيرۇتۇڭ، بولمىسا دۇكاندىن چىقىپ كېتىڭ!

ئۇ تاشتەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى تەسلىكتە كۆتۈرىۋېدى، كۆتەكتەك بىر خوتۇن ئىككى قولى بىلەن بېلىنى تېرەپ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چۇۋۇپ قاراپ تۇراتتى.

ــــ خوجايىنىمۇ سەن؟ ... سېنىڭ مەقسىتىڭ پۇل تېپىشقۇ تايىنلىق. ھە، ماڭ يەنە بەش بوتۇلكا ئەكىر ... كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما!

ــــ غوجام، ماۋۇ خېنىمغىمۇ بىرەر ئىچىملىك بۇيرۇتۇپ قويمامسىز ھى... ھى...

ــــ ھە، ماڭ، ئىختىيارىڭ!

ــــ ۋىيەي، مەرتلىكىنى ئەمدى، ياخشى كۆت، جۇما مېھماننى...قىھ ...قىھ...

مۇشۇكنىڭ مىياڭلىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كۈلكە، بەش بوتولكا پىۋا، بىر قۇتا پاسلىداق ئىچىملىك ۋە بىر بوتولكا ئۈزۈم ھارىقى...

ــــ ھەسسىنىيە، بۇ يەر سىزگە لايىقمۇ؟

ــــ يەنە شۇ گەپكە ئۆتتىڭىز، ھەسسىنىيە دېگەن كىم؟ مەن ئۇنداق ئادەمنى بىلمەيمەن. مېنىڭ بىلىدىغىنىم مۇشۇ نەس باسقان قاۋاق.

ــــ ياق، ئۇنداق دېمەڭ...

ــــ سىز مېنى ھەسسىنىيە دەپمۇ تۇرۇڭ ماقۇل، ئادەم دېگەن ئۆتمۈشنى ئويلىمىغىنى ياخشى ــــ ھاياتىڭدا يۈز بەرگەن

تۇرمۇشتا ئەڭ يارامىلىق نەرسە ـ ئەقىل ـ پاراسەت، ئەڭ يارامسىز نەرسە ـ مال ـ بۇلۇك.

بەزى سەرگۈزەشتىلەرنى ئويلىغانسېرى ئادەم ئازاب ئىچىگە پېتىپ كېتىدىكەن — قىزنىڭ ھېلىلا چىرايلىق پۇرۇشكەن گىلاستەك لەۋلىرى سەل ئۆمچەيدى، كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى، — تۇرمۇش بىر جەڭگاھ! ئۇنىڭدا قۇربان بېرىدىغىنىمۇ، غەلىبە قىلىدىغىنىمۇ يەنىلا سەن. ئۇنىڭدا مۇتلەق ئېرىشىش ياكى مۇتلەق قۇربان بېرىش بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ئېرىشىمەن دەپ ئويلايدىغىنى چەكسىز، ئەمما، ھېچكىممۇ قۇربان بېرىمەن دەپ ئويلىمايدۇ، شۇنداققۇ؟

قىز سۆزلىگەچ بوتولكىنىڭ ئېغىزىنى گۇرۇچتەك چىشلىرى ئارىسىغا قىسىپلا ئېچىۋەتتى ـ دە، ئۇنىڭ ئىستاكاننى قولىغا ئالدى. ئۇ ئولتۇرغان كىرىسلو، ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان ئۆي بارغانسېرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ يېقىلىپ چۈشۈۋاتقان تېرەكتەك ئاستا قىڭغىيىپ قىزغا يۆلىنىپ قالدى. بىر چاغدا ھېلىقى ئايال خوجايىن ئۇنى يەڭگىل نوقۇدى:

— يىگىت، خاپا بولماي ھېساۋات قىلىۋېتىڭ، تون يېرىملىشىپ قالاي دېدى. بورانمۇ ھېچ توختىمايۋاتىدۇ. توكمۇ كەتتى. ساقچىخانىدىكىلەر كېلىپ تەكشۈرۈپ قالسا بىكاردىن ـ بىكار جەرىمانە تۆلەپ كېتىمىز!

— ھەسسىنيە، يۇرۇڭ مەن سىزنى ئېلىپ ...

تويۇقسىز پاتقان قۇياشتەك غايىپ بولغان قىز ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا ئۈلگۈرمىدى. خوجايىن ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنىڭ ئىچ ـ تېشىنى ئۆرۈپ سومدىن ـ سىنتىرغىچە ھەممىنى ئېلىۋېلىپ شىللىسىدىن ئىتتەرگىنىچە، ھۇۋلاپ تۇرغان كېچە قاراڭغۇلۇقىغا قوغلىدى. بوران ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك بولۇپ، دەل ـ دەرەخلەرنى قۇمىرۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى...

تۇرمۇش ئۇنىڭغا تەتۈر قارىدى. ئۇ ھەسسىنيە بىلەن ئايرىلىپ خېلى ۋاقىتتىن كېيىن باشلىقىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ھازىرقى ئايالى بىلەن تويلىشىپ پەرزەنتلىكمۇ بولدى. ئەمما، ئۇلار خۇددى ئوت بىلەن سۇغا ئوخشاش زادىلا ئەپ ئۆتەلمىدى، ئۆيدىن جېدەل بېسىقمىدى. ئائىلىدىن كۆڭلى رەنجىگەن مىنۇتلارنىڭ ھەر بىرىدە ئۇ ھەسسىنيەنى ھەسرەت بىلەن ئەسكە ئالاتتى. ئۇنىڭ بىلەن قانغۇچە پىچىرلىشىپ ۋىسال بېغىدا سەيلە قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. پات ـ پات جۆيلۈپ سالاتتى، تولغىناتتى، ئۆرتىنەتتى...

قاۋاقتىكى ھېلىقى قىز ئۇنىڭ خىيالىدىن زادى نېرى كەتمەيتتى. ھەسسىنيە — قاۋاقتىكى ھېلىقى قىز، ھېلىقى قىز — ھەسسىنيە! ئىككىسى زادى بىرمۇ ئەمەسمۇ؟! ياق، ئەمەس! ئۇنداقتا ئۇ كىم؟ ئۇ زادى كىم؟! ئەجەپ تۇيغۇم مېنى ئالدايدىغۇ؟ ھەسسىنيە دېگەن مەيخانىدا ئىشلەيدىغان ...ياق ...ياق ...بەلكىم مەن ئوخشىتىپ قالغاندىمەن، ھەسسىنيە بەلكىم ئۇرۇمچىدە ئالىي ئۆيلەردە ھەشەم سۇراۋاتىدىغاندۇر. ئۇنىڭ ئۆمۈچۈك تورىدەك چىگىلىشىپ كەتكەن، خىيالى كۆز ئالدىدا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن سانسىز ئەرۋاھتەك ئۇنى بىئارام قىلاتتى. ئوي ـ خىياللىرىنى ئۆتمۈش كوچىسىغا باشلاپ كىرمەك بولاتتى...

— مەن بۇ قېتىم كەتسەم قايتىپ كەلمەيتمەن، سەندەك ئەرنى ئىلاھىم! بالىنىمۇ ساڭا قالدۇردۇم، قانداق قىلساڭ قىل. بالا كۆتۈرۈپ كەلمىگەن مەن بۇ ئۆيۈڭگە!

— ساڭا دېمەسمەن دېگەنتىم، مەن بىلەن باش قوشۇپ تۇرۇپمۇ ھەسسىنيە دېگەن ھېلىقى جالاپنى ئېسىڭدىن چىقىرالمىدىڭ. بولدى، ئۇنىڭغا ئېيت، ئېرىدىن خېتىنى ئالسۇن، ئۆيگە ئەكىلىپ خوتۇن قىلىۋال!

ئايالىنىڭ دەھشەتلىك ۋارقىرىشىدىن

بىنا تاملىرى چاك كەتكەندەك بىلىندى، ئۇ شۇنداق دەپلا شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ئۇمۇ ئىزدەپ بارمىدى. ئۇچ ياشقا كىرگەن قىزىنى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى.

ھەسسىنىيەنىڭ دادىسى ناھىيە بازىرىدىن ئاتمىش نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغلىق يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. بىچارە ئادەم ئەللىك ياشتىن ئاشقاندىمۇ ئاشۇ چەت يېزىدا ئىشلەۋەرسە، ئۆيى، خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ھەممىسى شەھەردە تۇرسا، ھەپتىدە بىر ئۆيگە كېلىپلا ئەتىسى يەنە چىقىپ كېتىش تولىمۇ ئېغىر كېلىدۇ ـ دە، ئەلۋەتتە. پىنسىيە كېپى چىقىۋىدى يەنە بەش يىل كۆتكۈدەك ئىمش. تۇرمۇشتا قىينالغان پىشقەدەم مۇئەللىم خىزمەت ئالمىشىشنى ئىلتىماس قىلىۋىدى ئاقمىدى. بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن ھەسسىنىيە دادىسى بىلەن مائارىپ ئىدارىسىغا بارغانىدى، ئىدارە باشلىقىنىڭ قايناق بازارنىڭ دوقمۇشىدا تىككۈچىلىك قىلىدىغان قولى چىۋەر قىزنى كۆرۈشى بىلەنلا ئىچىگە ئوت كەتتى. بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇرۇمچىدە سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ئىككى خوتۇننى يولغا سالغان، ئىككى بالىسى بار ئىنىسى ئۈچۈن ئەلچى كىرگۈزدى. باشلىق تۇرسا، قىزنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئوبدان بولىدۇ، ئېرىنىڭ خىزمىتىمۇ شەھەرگە ئالمىشىدۇ، باشلىق بىلەن قۇدا بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئورنىمۇ تۆرگە يېقىن بولىدۇ. ئانا ئاسانلا ماقۇللۇق بېرىۋەتتى. ئېرىنىڭ، قىزىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن شەھەرگە ئالمىشىشتىن ۋاز كېچىپ، بۇ ئىشقا توسقۇنلۇق قىلىشى ۋە قىزىنىڭ تاراملاپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ سۆيگەن گۈلىنىڭ باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇپ، بۇ شەھەردىن ئېلىپ كېتىلىدىغانلىقى شەكسىز رېئاللىققا ئايلاندى!

ھېلىقى كۈنى دوستلىرى ئۇنىڭ ئىچ پۇشقىنى چىقىرىپ كېلىش ئۈچۈن، زورلاشتۇرۇپ يۈرۈپ كىچىك ماشىنىغا چىقىرىشتى. جىپ شەھەر سىرتىدىكى ئىككى تەرىپى قاتار كەتكەن قاۋاقخانا بىلەن ئورالغان «سانائەت يولى» غا كەلدى. ماشىنا دوقمۇشتىن قايرىلا ـ قايرىلماي قىسقا يوپكا كىيىشىۋالغان ساپسېرىق چاچلىق بىر قانچە قىز ماشىنىغا قاراپ كۆزلىرىنى قىسىپ، ناز ـ كەرەشمە بىلەن شەرەت قىلىشقاچ، ماشىنا ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇ، ئۇيالغىنىدىن يۈزلىرى ئوت ئالغاندەك بولۇپ كەتتى. دوستلىرى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىر ـ بىرلەپ ماشىنىدىن چۈشۈشۈپ خىرامان ھالدا ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ ئىچكىرىگە جۆنەشكە ئالدىشىۋاتاتتى. چىۋىن يوقتىمىش دورىسىنىڭ پۇرىقىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئايىنىپ كەتتى، ئۇنى ئاز دەپ ئۆي توخۇ كاتىكىدەك تار، زەي ھەم دىمىق ئىدى. ئۇ-نىڭسىزمۇ قىزلارنىڭ ئەرلەر بىلەن بەسلىشىپ تاماكا چېكىشلىرىدىن ئۇ ھەم ھەيران قالدى ھەم سەسكەندى. ئۇ خۇددى خۇمدان ئىچىدە تۇرغاندەك دىمىقى ئېچىشىپ ئارامسىزلىناتتى. بىر ئازدىن كېيىن، قىزلار ئۇلارنىڭ ئارىلىقىغا قىستۇرۇلۇپ ئولتۇرۇشتى. بىمەزە ـ لاۋزا، بىھايا چاقچاقلار، ئورۇنسىز، سۇئىئىي كۈلۈشلەر بىلەن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىچىشىش باشلاندى. ئۇ بىر ئىشنى باھانە قىلىپ كەتمەكچى بولۇۋېدى، ئاغىنىلىرى رەنجىگەندەك قىلىپ ئۇنى جايىدىن قىمىرلاتمىدى. ئۇ ھاراق ئىچمەيمەن، دەپ باقتى، ئەمما، تۇشمۇ تۇشتىن زورلاشلار ئالدىدا ئىلاجىسىز قالدى. دېمىسىمۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇشۇ ئاغىنىلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرغان سورۇننىڭ قايسى بىرىدە ھاراق ئىچمەيمەن، دەپ باققان؟ ئۇ ئىچىشنىڭغۇ ئىچتى، ئەمما، نېمىشقىدۇر قورۇملارنى يېيىشكە كۆڭلى

تارتمىدى ـ دە، ئاچ قۇرساققا ئىچىلگەن هاراق بىلەن بىردەمدىلا تەڭشىلىپ قالدى. ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئېچىلمىغىنىنى هەمرا بولغۇچى خېنىمدىن كۆرۈپ خوجايىنغا كۇسۇرلاشتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كالامپاي قىز خوجايىنىنىڭ چاقىرىشى بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئاغىنىلىرى بىلەن قىزلا يالاق تالىشىۋاتقان ئىتلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى ـ دە، نومۇس قىلىپ يانغا قارىۋالماقچى بولۇۋېدى، كۆزلىرى يېنىغا قاچانلاردۇر كېلىپ ئولتۇرغان بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ هەيران قالدى! ئۇنىڭغا يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك، هەتتا ۋاقىتمۇ قېتىپ قالغاندەك بىلىنىپ كەتتى، ما ئىشنى، هەجەب بىر... ئوخشايدىكەن ...شۇمىدۇر ـ يە؟!

مۇمكىن ئەمەس، ئەسلا مۇمكىن ئەمەس!

سورۇن داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۇنى مۇڭدەك باسقاندەك قىلدى: ئۇ دەريا بويىدا هەسسىنىيە بىلەن قول تۇتۇشقىنىچە سەيلى قىلىۋاتقۇدەك. ئەتراپ شۇنچىلىك جىمجىت، كۆپكۆك تىنىق ئاسمان، ياپيېشىل دەريا سۇلىرىمۇ ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئۇقچۇۋاتقان سۆيگۈ كۈيلىرىگە قۇلاق سېلىۋاتقاندەك. بىر چاغدا دەهشەتلىك قارا بوران كۆتۈرۈلۈپ هەسسىنىيە شىددەتلىك قايناملارغا ئاستا ـ ئاستا چۆكۈپ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىلا كۆرۈنۈپ قېلىۋاتقۇدەك. ئۇ هەممىنى ئۇنتۇپ قىز تەرەپكە ئۆزىنى ئاتقۇدەك. ئۇ قىزنى مىڭ تەسلىكتە قۇتقۇزۇپ قىرغاققا ئېتىرىۋېتىپ ئارقىدىن ماغدۇرسىز جىسمىنى ئاران دېگەندە قىرغاققا سۆرەپ چىقىپ، يېنىك تىن ئالغۇدەك!

ئەتىسى ئۇ بەكرەك ئۇخلاپ قېلىپ ئىشقىمۇ كېچىكتى. يانچۇقى پاك ـ پاكىز قۇرۇقدالغان، ئاچقۇچ، يانفۇن دېگەنلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. يوتكەن نەرسىلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىدى، ئەمما، هېلىقى قىز ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى بولمىدى. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇنداق قىزلار دۇكانمۇ دۇكان ئالمىشىپ ئىشلەيتتى. بۇنىڭدا سەۋەب نۇرغۇنلىرى ئېرىدىن يامانلاپ ياكى يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن ئۆيىدىن قېچىپ كەلگەن بولىدۇ ياكى ئۇلارنى «ئىش كۆرگەن دوستلىرى» قىزىقتۇرۇپ ئېلىپ چىقىدۇ. يۇرت ئارىلاپ يانچۇقى قۇرۇقدىلىپ ئۇيان بېرىپ، بۇيان بېرىپ هېلىقىدەك قاۋاقخانا خوجايىنلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ـ دە، يۇقىرى ماڭاشنى دەپ بۇ يەردە ئىشلەپ قېلىشقا ماقۇل بولىدۇ. بۇ يەرگە قەدەم قويىدىڭىزمۇ بولدى، ماڭاش ئەمەس ئايدىن ـ ئايغا قەرزگە بوغۇلۇپ، پۇت ـ قولىڭىز چۇشەپ قويۇلىدۇ. خوجايىنىنىڭ قولىدىن ئېلىپ يېگەن بىر بۇردا ناندىن تارتىپ ياتقان يېرىڭىزگىچە «پۇل» غا مالىڭىدۇ. كېتىمەن دېگىڭىز بوينىڭىزدا «ئاشال» بار. شۇڭا ئۇ نېمە دېسە شەرتسىز ئادا قىلماي ئامالىڭىز يوق. مۇشۇ يولنى خالاپ ماڭغاندىن كېيىن بىهۇدە ئاياغ ئاستى قېلىشلارغىمۇ خوجايىنىڭىزنىڭ ئېغىزىغا ئالغۇسىز هاقارەتلىرىگە ئادەتلىنىپ كەتكەندەكلا كۆنۈپ كېتىدىغان گەپ. سىز بۇ يەرگە پۇلنى ئاسان تاپىمەن دەپ كەلمىگەنمىدىڭىز؟ قاۋاققا كىرگەنلىكى هەممىلا ئادەم سىزگە يامان كۆزىدە قارىغاندەك بىلىنگىنى بىلەن هېسداشلىق قىلىدىغانلارمۇ بولىدۇ. مۇشۇ يەردىكى مەنىسىز، ئۇياتلىق كۈنلىرىڭىزگە ئېچىنىپ سىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ، هەتتا ئۇلارنىڭ بىرەر مىڭ يۈەنلەپ قەرزىڭىزنى تۆلەپ ئەركىن نەپەس ئالىدىغان داغدام هاياتلىق كوچىسىغا ئېلىپ چىقىپ تۇرمۇشىڭىزنى قامدىشىڭىز ئۈچۈن ئالدىن ئۇقۇشۇپ قويغان خىزمەت ئورنىغا ئېلىپ بارماقچى بولىدۇ. ئەمما، سىز ئۇنارسىزمۇ؟ كۆڭلىڭىزدىكىنى ئېيتقاندا، كىر قات يۇ-

هەقىقەتنىڭ چىرىغى كۆيۈنچە هالدا ئۇنى كۆتۈرگۈچىنىڭ قولىنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ.

يۇش، بالا بېقىش، كەمپىت يۆگەش ...تەك ئۇنداق كىچىك ئىشلار ئەلۋەتتە سىزگە «نامۇناسىپ». شۇڭا سىز ئۇ كىشىگە تەكرار رەھمەت ئېيتىپ، يەنە كەينىڭىزدىكى ئىپلاس كوچىغا ئۈمىد بىلەن قارايسىز. بەزىدە ئاتا ـ ئانىڭىز، يولدىشىڭىز، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىز ئىز ـ دېرىكىڭىزنى قىلىپ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى جەزىملەشتۇرۇپ ئىزدەپ كەلسە، خوجايىنىڭىز ئۇلارغا ئۇنداق ئىسىملىك ئادەمنىڭ بۇ يەردە يوقلىقىنى ئېيتىدۇ ـ يۇ، ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا سىزنى چاقىرىپ باشقا بىر دۇكانغا خۇددى براك مالغا ياكى قۇلغا ئوخشاش سېتىۋېتىدۇ. قاۋاقلارنىڭ ئۇلپەتلىرى ھەرخىل، ھەر ياڭزا ھەممە تەبىقىدىكى ئادەملەر دېسەكمۇ بولىدۇ. دېھقانلاردىن تارتىپ ئىشلەمچىلەرگىچە، كادىرلاردىن تارتىپ خېلى چوڭ سانىلىدىغان يېزا باشلىقلىرىغىچە خوجايىنىڭىزنىڭ چۆپقەتلىرى. ئۇلارنىڭ تەلەپلىرى ھەرخىل. بولۇپمۇ باشلىق ۋە پۇلدارلارغا ھەمرا بولغۇچى خېنىملار ياش ھەم چىرايلىق، ئەڭ مۇھىمى ھەر قېتىم كەلگەندە «يېڭى مال» بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا تىجارەت يۈرۈشمەيدۇ. شۇڭا خوجايىنلار پات ـ پات «خېنىم ئالماشتۇرۇش» قىلىدۇ. ھەممە ئادەم ئوخشاش يارىتىلغان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ قىممىتى ئوخشىمايدۇ. قىزىق ئىش، چىرايلىق، ياش بولسىڭىز بەزىدە ئىككى ياكى ئۈچەيلەنگە ئالماشتۇرۇلىسىز. سىزگە ئالماشتۇرۇلىدىغانلارغا ئۇستەك بېرىشكىمۇ توغرا كېلىدۇ. باشمۇ باش تېگىشلىدىغان چاغلار تولىمۇ ئاز بولىدۇ. سىز قايسىبىر دۇكانغا ئالماشماق ئىسمىڭىز ۋە ئىسمىڭىزدىن ئايرىلالمايدىغان لەقىمىڭىزمۇ ماس ھالدا ئۆزگىرىدۇ، شۇڭا سىزنى ئىزدەپ بارىدىغانلار چاقىرغۇ ياكى يانفۇن نومۇرىڭىزنى بىلمىسە، بۇرۇنقى دۇكاننى ئىزدەپلا، بۇ يەردىن كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ قالىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە بىر قانچە مەخسۇس «پىدايى ئۇچۇرچى» بار. ئۇن يۈەننى ئالسىلا بىر تۇتام رەسىم ۋە بىر مۇنچە ۋاراقچىلارنى چىقىرىپ سىزنىڭ «ئىش ئورنىڭىز»نى بىر دەمدە ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. ئادەتتە ئۇلارنىڭ كىرىمىمۇ خېلى ئوبدان بولۇپلا قالماي، بۇ كوچىدىكى ئابرويىمۇ خېلى يۇقىرى. قايسىبىر خوجايىن ئۇلارنىڭ خەۋىرى يوق ئادەم ئىشلەتسە ياكى ھەيدىۋەتسە، ئالماشتۇرسا كۆرىدىغان كۈنى بار. قاۋاقتىكى ئەسكىچىلىك ساقچىلارغا مەلۇم قىلىنىپ، ئىشىككە پېچەت چاپلىنىدۇ ...بۇ شۇنداق يەر، شۇنداق بولغاچقىلا سىز بۇ يەردىن بىزار بولىسىز، كېلىپ قالغىنىڭىزغا مىڭ بىر پۇشايمان يەيسىز. ئەمما، ئامال يوق، قاچاي دېسىڭىز سىزگە ئوخشاش كۈنگە قالغان ھەمراھلىرىڭىزنىڭ ئىزىغا چەن قويۇلغان، ئەگەر قېچىپلا كەتتىڭىزمۇ ھەمرايىڭىزدىن بىرىنى نەس باسقىنى شۇ. قانداق بولاتتى، نەق ئىككى مىڭ يۈەنگە گەنلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا خوجايىنىڭىزنىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم قويۇپ كۆلدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك شەھەر ئىچىنى قېزىۋېتىدۇ ـ دە، سىزنى تۇتۇپ ئەكىلىپ خوجايىنىڭىزنىڭ ئالدىغا تاشلايدۇ. رەھىم دېگەننى بىلمەيدىغان ھازازۇل خوجايىن سىزنى كالتەك بولامدۇ، بوتولكا بولامدۇ ئىشقىلىپ قولىغا نېمە چىقسا شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇپ تۆڭگۈزدەك چىرقىرىتىدۇ. ئىشقىلىپ سىزنىڭ كۈنىڭىز مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئەپسۇس، قاۋاقنىڭ سىرىنى ئۇ پەقەت بىلمەيدۇ.

قاۋاقتىكى ھېلىقى قىز ئۇنىڭ خىيالىنى ئەسىر قىلىۋېلىپ كۆز ئالدىدىن زادى نېرى كەتمەيتتى. ھەسسىنىيە — قاۋاقتىكى ھېلىقى قىز، ھېلىقى قىز — ھەسسىنىيە! ئىككىسى زادى بىرمۇ ئەمەسمۇ؟! ... ياق،


ئەقىل پاراسەت گۆھەر، ئەگەر ئۇنىڭغا كەمتەرلىك قوشۇلسا، تېخىمۇ نۇرلىنىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ.

ئەمەس! ئۇنداقتا ئۇ كىم؟ ئۇ زادى كىم؟! ئەجەب تۇيغۇم مېنى ئالدايدىغۇ؟ ھەسسەنىيە دېگەن مەيخانىدا ئىشلەيدىغان... ياق ...بەلكىم مەن ئوخشىتىپ قالغاندىمەن، ئېھتىمال قىز ھەسسەنىيە قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئۇنىڭ دەرتلىك، يارىلانغان قەلبىدىكى ئازابلىق ئەستىلىكلەرنى ۋاراقلاپ باقماقچى بولغان سىرلىق ئەرۋاھتۇر.

بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ يىغىندىن قايتىپ كېلىۋېتىپ كوچا ئاپتوۋۇزىدا «سانائەت يولى» دىكى قاۋاقخانىلارغا كىرگەن قايسىبىر ئىچەرمەننىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقىتۇپ كەتكەنلىكىنى، ساقچىلارنىڭ شۇنچە ئىزدەپمۇ يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، يەنە يېقىندىن بۇيان شەھەر بويىچە ئونغا يېقىن ئادەمنىڭ شۇ تەرەپتە غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئاشۇ قاۋاقخانىلاردىكى قىزلاردا ئەيدىز، سىبلىس قاتارلىق كېسەللىكلەر بار بولۇپ، ئۇلارغا يېقىنلاشقانلار ئەجەل ۋەھىمىسى ئىچىدە قالارمىش.

ئۇ مەيخانىنى كۆزلەپ يولغا چىققاندا، گۈگۈم پەردىسى دەل ـ دەرەخ، يول، ئىمارەتلەرنى ئاستا ـ ئاستا ئۆز سايىسى كەينىگە يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتىدى. ئۇ كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بېرىپ پىشانىسىگە ھەرەڭ ـ سەررەڭ چىراغلىق ۋىۋىسكا ئېسىلغان قاۋاقلار قاتارىنى ئىككى قېتىم كېزىپ بولدى. ئۇ نېرىقى دۇكانغىمۇ بېشىنى تىقىپ قاراشتۇردى، سوراۋشتە قىلدى، ھەسسەنىيە ئىسىملىك قىز يوق بولۇپ چىقتى. ئۇ ئۈمىدىنى ئۈزۈپ قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلدى، ئۇنىڭدىكى روھىي داۋالغۇش شۇنچە تېز يۈز بەردىكى، ۋۇجۇدى شىۋىرغاندا قالغاندەك توڭۇپ، كۆزىگە ياش دەۋرەپ كەلگەندەك بىلىندى. ئۇ ئۈمىدسىز قەدەملىرىنى سۆرەپ كوچىنىڭ ئاخىرقى ئېغىزىغا چىقىپ بولاي دېگەندە تۇيۇقسىز غايىبتىن «قارا!» دېگەندەك زايە بولدى. يولنىڭ نېرىسىدا توختىتىپ قويۇلغان جىپنىڭ كەينىدە ھېلىقى كۈتكۈچى قىز يەنە بىر ھەمراھىغا بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ئېلدام قەدەملەر بىلەن قىزنى نىشانلاپ ماڭدى ـ يۇ، ئۇنىڭ يېنىغا ئازلا قالغاندا نېمىشقىدۇر تۇرۇپ قالدى ـ دە قىزنىڭ تېزراق گېپىنى تۈگىتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى.

—ۋاي مېھمان، يۈرۈڭ دۇكانغا كىرەيلى!

قىز ئۆزىدىن ئانچە يىراقتا بولمىغان يەردە قارا بىر كۆلەڭگىنى كۆردى ـ دە، ھەمراھىدىن ئايرىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوتتەك قىزىق قولى بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ دۇكانغا تارتتى.

—ھەسسەنىيە، يۈرۈڭ مەن سىزنى ئېلىپ كېتەي، بۇ يەرگە ئەمدى كىرمەڭ، سىز بۇ يەرگە لايىق ئەمەس، —ئۇ قىزنى كوچا تەرەپكە تارتتى. قىزنىڭ مېڭىشلىرى، ئاۋازى ئۇنى ھەسسەنىيە شۇ دېگەن ھۆكۈمگە ئىشەندۈرگەنىدى، —سىز ئۈرۈمچىگە كەتكەن ئەمەسمۇ، بۇ يەردە نېمە قىلىسىز؟ يۈرۈڭ.

—نەگە؟

—بىر ئوبدان گۈلدەك ھۈنىرىڭىز بار، بولمىسا بىزنىڭ ئىدارىغا..

—ۋاي، بولۇڭ، خوجايىن كېلىپ قالدى. بىزنىڭ سىرتتا بىرەرسى بىلەن تۇرغانلىقىمىزنى كۆرۈپ قالسا، ئاخشاملىققا كاسسىمىزغا بىگىز سانچىيدۇ، يۈرۈڭ ئىچىگە كىرىپ مۇڭدىشايلى...

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا مۈشۈكنىڭ مىياڭلىشىدەك چىرقىراق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

—ۋۇيت بىر نېمىخان، كىرىلى دۇكانغا، تالادا شاپاق غاجىلاپ تويۇپ قالمايلى يەنە!

—قاراڭ، شۇنداق گەپ، يۈرۈڭ، سىز دۇكانغا كىرسىڭىزلا مەن تاياق ـ دەشنامدىن



ئورغۇن قەدەسلەر بولمىسا، سەپەر پۈتمەيدۇ. ئورغۇن ئېقىنلار بولمىسا، دەريا ھاسىل بولمايدۇ.

قۇتۇلۇپ قالىمەن. — قىز ئۇنى ئىچكىگە سۆرىدى.

ئۇ دوكاننىڭ غۇۋا چىراغلار دائىرىسىدە جىمىرلاپ تۇرغان ۋۇۋىسكىسىنى كۆرۈۋالماقچى بولدى ــ يۇ، ئۇلگۇرەلمەيلا زەي، توخۇ كاتىكىدەك تار، چۈشۈن ئۆلتۇرۇش دورىسىنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇرغان ئايرىمخانىغا كىردى ــ دە، داقلىشىپ كەتكەن ساپادا ئولتۇرۇپ ئالللىقانداق ئىچىنىش ئىچىدە قىزنىڭ كىرىشىنى كۈتتى. ھېلىقى مۇشۇكنىڭ مىياڭلىشىدەك شۇم ئاۋاز جىمجىتلىقنى بۇزدى:

—نېمە ئىچىسىز؟ — ناتونۇش سوغ تەلەت خوجايىننىڭ ئەپتى شىرنىڭ ھىجايغاندىكى ھالىتىنى ئەسلىتەتتى.

—بىر بوتولكا ئاق ھاراق، نېمە، بىزنىڭ قورىمىمىز بۇ يىگىتكە يارىمايدۇ؟ سىرتتىن ئون زىخ كاۋاپ ئەكىرىپ بەرسۇن؟ يەنە ئون دانە پىششىق تۇخۇم كەلتۇرسىلە!

قىز ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنىمۇ كۈتمەستىن شۇنداق دېدى ــ دە، ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرىگىنىچە قارىدى:

—ھۇيت، سىزمۇ بىر نەرسە بۇيرۇماسىز بالايى نەپسىڭىزگە، يېنىڭىزدا ھاتىمى مەرتتىن بىرى ئولتۇرسا؟!

—بىر بوتولكا گىلاس ھارىقى، ئىككى قۇتا مېۋە سۈيى، بىر قاپ ئالىي تاماكا، قانداق تەلىپىم ئاددىيمىكەن؟ بۇنىڭ ھەممىسىگە ئەلۋەتتە سىز ئىگە جۇمۇ؟

خوجايىن ئايال ئۆدەكتەك سەت ئىڭغاڭلاپ چىقىپ كەتتى.

—بىر نەرسە بۇيرىمىسىڭىز خوجايىن دەللە سىزنى بۇ يەردە ئولتۇرغۇزمايدۇ. بۇيرۇتمىلارنى جىق قىلىۋەتتى دەپ خاپا بولمىغانسىز؟ —قىز ئاۋازىنى پەسەيتىپ بىر خىل مەيۇس ھالەتنى ئىپادىلەشكە تىرىشۋاتاتتى.

—ياق، ماڭا ھازىر ئازراق پۇلنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئەمما، ھەسسىنىيە، بۇ زادى نېمە ئىش؟

شۇ ئەسنادا توپتەك دوغىلاق، ياقىسى زىيادە ئويىۋېتىلگەن كالتە يەڭلىك مايكا كىيگەن بىر قىز چىنە چايىنەكتە چاي ئېلىپ كىردى ــ دە، ئىككى ئىستاكانغا چاي قۇيدى. قىز ئۇنىڭ كۆزىگە پەقەتلا سىغمىدى، ئۇمۇ بىر ئەركىشى بارلىقىنى كۆرمىگەندەك ئېغىزىدىكى سېغىزنى پاقشىتقىنىچە ھەمرايىغا قاش ئېتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

چاي ئىچىڭا، نېمىگە ئالدىرايسىز؟ ئالدىرىماي دېيىشىمىز تېخى. مەن چىقىپ بۇيرۇتمىلارنى ئېلىپ كىرەي. بۇ بىر نېمىلەر بەك لايپاس.

ئۇ چاي ئىچكەچ قىزنىڭ كىرىشىنى كۈتتى. چاي باشقىچە پۇراقلىق ھەم تەملىك، كۆڭۈل قويۇپ دەملەنگەندەك ئىدى. نېمىشقىدۇر ئۇ بىر ئىستاكان چاينى تەشنالىق ئىچىدە ئىچىپ بولدى. ھايالشىماي ئۇنى يەڭگىل ئۇگدەك باسقاندەك بولدى. «كاساپەتلەر چايغا بىر نەرسە ئارىلاشتۇرىۋېتىپتۇ ــ دە» دەپ ئويلىدى ئۇ گۇڭگىلىشىۋاتقان ئۆي ئىچىگە تەشۋىش بىلەن قاراپ. بىر چاغدا قىز پەيدەك يۇمشاق قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلدى ــ دە، ئىستاكان ــ رومكىلارنى لىقلىدى.

—ھۇي، ھەسسىنىيە، سىز نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىيسىز؟ ...چايغا... نېمە سېلىۋەتتىڭىز؟...

—ھا ...ھاي ...زەپە چايدۇر تايىنلىق، يا ...ئىشقىلىپ ياخشى چاي. تازا تۇتۇپتۇ ــ دە. ئۇنىڭ كارامىتىنى كېيىن بىلىسىز.

قىز تولىمۇ ھەييار ھەم ئوماق كۆرۈنەتتى. ھە دېگەندە ئۇنىڭ سوئالىدىن بىر تاقلاپلا ئاتلاپ كېتەتتى ــ دە، ئۇنىڭغا تۇتۇق بەرمەيتتى.

ئۇ بۇيرۇتمىلىرنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ ئىچمەيمەن، دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنداق بولمىدى. ئۇلار ئىچىشمەكتە ...ئىك

كىنچى بوتولكىمۇ يېرىمدىلىپ قالغان، قىز ئۇنى ھەدەپ ئىچىشكە زورلايتتى. ئەگەر ئۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈۋالسا خوجايىن ئايالنىڭ مېھماننى ياخشى كۈتمەپسەن، دەپ ئۆزىنى قىينايدىغانلىقىنى ئېيتىپ كۆز يېشى قىلاتتى. تۇرۇپلا قىزىشىپ بولبۇلدەك ئېچىلىپ كېتەتتى. كىچىككىنە ئايرىمخانا ھېلى زەپىرەڭ، ھېلى قانىرەڭ، ھېلى سېپسېرىق كۆرۈنمەكتە. ئۇلار ھەدەپ ئېچىشمەكتە، تەنلەر، تىنىقلار بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ كېتىدىغاندەك بىر ـ بىرىگە شۇنچىلىك يېقىن ئولتۇرۇپ ئىچىشمەكتە. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە خوجايىن بىلەن قىزنىڭ قۇتىلىق ئىچىملىك ۋە قىزىل ھاراقنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، بىكارلانغان شېشە قاپلارنى ئەكىرىپ قويغاندەك، ئۆزىنى كۆرسىتىپ مازاق قىلىپ كۈلۈشۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى ـ دە، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە قىزغا شەك تۇغۇلدى: ئۇ ھەسسىنىيە ئەمەسكەن! قىزنىڭ ھە دېگەندە مۈشۈكتەك سۈركىلىشلىرى بىلەن بايا ئاپتوۋۇزدا ئاڭلىغان ئادەم يۈتۈپ كېتىدىغان بەتبەشىرە مەلئۇن سىياقىدا كۆرۈنەتتى. ئەمما، بەگۋاش ھۇشى، لەقۋالاشقان تېنىنى باشقۇرالماي لايدەك بوشىشىپ ئىچىگە تىنىپ ئولتۇراتتى. ھاراق سۈپسۈزۈك ئىستاكانغا ئارقا ـ ئارقىدىن قويۇلماقتا ئىدى:

— سىز، ھەسسىنىيە ... ئەمەس...

— ھا ... ھا ... ئەمدى جايىدا گەپ قىلدىڭىز، سىز دېگەن ھەسسىنىيە ئۆلگەن. نېمە؟ مەن نېمىشكە ھەسسىنىيە ئەمەس؟ مەن ھەسسىنىيە، ئەمما، ئەقلى تۇتۇن بىلەن سورۇلۇپ، روھىي دۇنياسى خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن، ئادىمىلىك دۇنياسىغا يات بىر مەخلۇقمەن. ماڭا ھازىر ئادىمىيلىك، مۇھەببەت دېگەنلەر كېرەك ئەمەس. بەختسىز نىكاھ، زالىم ئەر تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى. بولدى، نېمىلا دېگەن بىلەن بەرىبىر، ھازىر ماڭا چېكىشكە پۇل كېرەك، پۇل!

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۇرۇنلىرى تۇرخۇندەك، كۆزلىرى تۈگمەن تېشىدەك مۇدھىش چىراي بىر ئالۋاستى ھەر تىنىقىدا ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوت پۈركۈۋاتقاندەك، زېمىن غايەت زور ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالغاندەك ئىدى.

ئۇ دەھشەت ئىچىدە كۆزىنى ئاچتى. ئۇ پىنھان بىر يەردە ياتاتتى. ئۆي ئىچىدە بىرلا كارىۋات بولۇپ ئۈستىگە مازلىرى مارىلاپ قالغان بىر پارچە ئەسكى كۆرپە سېلىنغان. كۆرپە ئۈستىدە تاشلانغان كونا پايپاق، باغىرداق، سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن گىرىم بۇيۇملىرى تۇراتتى. ئۇ يېنىدا ئانىسىدىن تۇغما ھالەتتە ياتقان قىزنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى. كىچىككىنە روجەكتىن خاتا كىرىپ قالغان تاڭ نۇرى خىجىللىقتىن يۈزىنى تۇتۇۋالغاندەك ئۆي ئىچى بىردىنلا سوغ ۋە قاراڭغۇلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بېشىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىشىغىمۇ قارىماستىن، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىنىشكە باشلىغاچ، ئاخشامقى ئىشلارنى ئەسلەشكە ئۇرۇناتتى، مەن نېمە بولدۇم؟! مەن زادى نېمە ئىش قىلدىم!

ئۇ قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك بولدى ـ دە، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ، بۇ نەس باسقۇر جايدىن پەم بىلەن يوقالماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا ئۆينىڭ بىر يەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قوڭغۇراق ئاچچىق چىقىراپ كەتتى. بۇ خوجايىننىڭ «بەلگە سىگنالى» بولسا كېرەك، قىز ئۇنىڭ قويىنىدىن شۇنداق تېزلىكتە يۇلقۇنۇپ چىقىپ كىيىملىرىنى ئېلدام كىيىشكە باشلىدى ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق قەھرلىك ئالايدىكى، خۇددى ئۇنى ھازىرلا يەۋېتىدىغاندەك ئىدى:

— بولۇڭ، قېچىڭ ساقچىلار كەلدى، ساقچىخانىدا ياتقىڭىز بارمۇ ـ يە؟! لايپاسلىقنى ئېشەكتەك! بولۇڭ مېنىمۇ بالاغا قويىسىز ھەجەپ بىر بالىكەنسىز، قېنى سىز بەرگەن پۇل...



بىلگىنىڭ كۆپ بولۇۋ، ئۇنى ئېھتىياجىڭغا ئىشلىتەلمىسەڭ ئۇنىڭلىق بىلمىگىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۆزىنىڭ پەقەت ئازغۇن تۇيغۇلارىنىڭ ئاسارىتى بىلەن ناشايان يولغا مېڭىپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئەقلى ھوشىنى سېھىرلىۋالغان قىزنىڭ پەقەت پۇل ئۈچۈن ھەممىگە ئايلىنالايدىغان مەلئۇن ئىكەنلىكىنى بىردىنلا بىلىپ يەتكەنىدى.

— ئۇ ھەسسىنىيە ئەمەس، ئالۋاستىكەن!

— ۋاي، ۋۇي، نېمە دەيدىغاندۇر بۇ بالا، نەدىكى گەپنى قىلماي گاچچىدە سومچاقنى چىقىرىپ كۆزدىن يوقىلىڭە، ھېلى چاتاق.

— ئوھوش بۇ يۈز كويكەن، يەنە ئەللىك كوي چىقىرىك بولۇڭا...

ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بومبا پارتلىغاندەك بولدى. ئارقىدىنلا سىرتتا ساقچى ماشىنىسىنىڭ ۋەھىملىك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ يانچۇقىدىن يۈز يۈەنلىك يېپيېڭى پۇلدىن بىرنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگىمۇ قارىماستىن چۆرىدى ـ دە، سىرتقا تاشلاندى. قاراڭغۇ كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلەتتى. ھىم! — ئۇنىڭ كۆزلىرىگە دەھشەت بىر قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ بەدەنلىرى قورقۇنچتىن دىرىلدەپ تىترەپ كەتتى، — ساقچىخانىغا قامىلىپ ئەتە ئىدارىغا پۈر كېتىدىغان بولدۇم!

ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاپ قالدى، ئۇنىڭ تىلى بوغۇزىغا تىقىلىپ قېلىۋاتاتتى. كۆزىگە ھېلىقى بەت ـ بەشىرە خوجايىنىنىڭ يەرگە ئېڭىشىپ بىر نەرسىنى تاراڭشىتىۋاتقىنى چېلىقتى. ئۇ ئالدىغا خوجايىنغا — ئىشىككە قاراپ مېڭىۋېرەتتى. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە، قىلغان ئىشىغا قورقۇش ئىلكىدە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئۇ تىنالماي قېلىۋاتاتتى. تېزراق سىرتقا چىقىۋېلىشنى، ساقچىلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى ئويلايتتى. ئەمما، پۇتلىرىنىڭ پېيى تارتىشىپ قالغاندەك قەدەملىرى بەكمۇ ئاستا بىلىنەتتى. ئۇ ناھايىتى تەستە خوجايىن ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى يانداپ ئۆتمەكچى بولدى. شۇ چاغدا قارا باسقاندەك بىر ئىش بولدى: بىر كۈچ زۇلۇم بىلەن ئۇنىڭ مۇرىسىدىن بىر يانغا ئىتتەردى. ئۇ نېمىشلىقىنى بىلىپ بولغۇچە، بەت ـ بەشىرە خوجايىنىنىڭ مىكىنجىنىڭكىدەك خۇنۇك بەتبەشىرە سىماسى قانداق پەيدا بولغان بولسا يەنە شۇنداق يوقالدى. «دالڭ ـ دۇرۇڭ» قىلغان ۋەھىملىك ئاۋاز بىلەن تەڭ كارىدور يولىدىكى تۈۋاق قانداقتۇر تېخى يېرىم مىنۇتنىڭ ئالدىدىكىدەك يېرىم ـ يارتا ئەمەس، گەردىشىگە لىق كىرىشىپ، ئۈستىدىن ئادەم تۈگۈل، ماشىنا ماڭسىمۇ ئېچىلىپ كەتمىگۈدەك چىڭ يېپىلىپ قالدى. شۇنچىلىك تېز ئېچىلىپ، شۇنچىلىك تېزلىكتە يېپىلىپ قالدىكى، بۇنى ھېچكىممۇ ھەتتا ئۇنىڭ كەينىدىن چاچلىرىنى تۇزەشتۇرىۋېتىپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ھايالشىماي چىققان كۈتكۈچى خېنىممۇ سەزمىدى. ساقچىلار كۈتكۈچى قىزنىڭ يالغۇز كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تاپشۇرۇۋالغان مەلۇماتىدىن گۇمانلىنىپ تېڭىرقاپ قېلىشتى ـ يۇ، ئۇزۇن كارىدورنىڭ چېتىدىكى ھېلىقى ئۆينى كارۋات ئاستىلىرىغىچە تەپسىلى ئاختۇرۇپ چىقىپ، غۇدۇرىشىغىنىچە كېتىپ قېلىشتى. ئۇلار بۇ يېڭى سېلىنىغان دۇكاننىڭ ئاستىدىن يېپەك زاۋۇتىنىڭ كېپەرەكسىز سۇ تۇرۇبا يولىنىڭ ئۆتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. يۇندا يولىدا سېسىپ ـ چىرىپ كېتىۋاتقان بىر قانچە جەسەتنىڭ باش بېكىتىنىڭ مۇشۇ يەر ئىكەنلىكىنى خىيالىغا تېخىمۇ كەلتۈرۈشمەيتتى. ماشىنا يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. يىراقتىن ئەتراپقا گىدىيىپ تۇرغان «ئالۋاستى مەيخانىسى» نىڭ يەنە بىر ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ كۆرمىگەن ھەم كۆرەلمەيتتى...

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدا)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

ئىمىن تۆمۈر

# قىسمەت

(ھېكايە)

بۇ جايغا ئائىلىلىكلەر قوروسى سېلىنغاندا تەخسىم قىلىنىپ قالغانمۇ ياكى ئۆزى خالاپ ئولتۇرغانمۇ ئىنگەمبەردىكام ئەڭ چەتتىكى مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئىنگەمبەردىكامنىڭ ئائىلىسىدە جان سانى كۆپ بولغاچقا، مۇشۇنداق كەڭرىرەك يەرگە جايلاشقان ئۆي ئۇنىڭغا تازا مۇۋاپىق ئىدى. ئەينى چاغلاردا ئۇنىڭ ئائىلىسى بىر يەسلىنىڭ ئورنى بولۇپ بوي جەھەتتە بىر – بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان سەككىزدەك بالا ئۇ ئائىلىنى بېشىغا كېيگىنى يەتمىگەندەك پۇتكۈل ئائىلىكلەر قوروسىنىڭ ئەتراپى ئاشۇ بالىلارنىڭ غەلۋە – غۇدۇرلىرى، ۋاراڭ – چۇرۇڭ، قىيا – چىيالىرى بىلەن تولۇپ كېتەتتى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇ بالىلارنىڭ كۆپلىرى ئۆيلۈك – ئوچاقلىق بولۇپ، ئالدى ئانچە – مۇنچە ئىشقا ئورۇنلىشىپ دېگەندەك قورو ئەتراپى خېلىلا تىنجىپ قالغانىدى. مانا ئەمدى نەۋرە چەۋرىلەر يىغىلىشقا باشلىغانىدى.

جەۋرى – جاپا ئادەمنى ھالىدىن كەتكۈزىدۇ دېسە ئىنگەمبەردىكامنى دېسە بولىدۇ. ئىدارىنىڭ تازىلىق، ئامانلىق دېگەندەك قوشۇمچە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى يۈكلەنگەن بۇ ئادەم كېچە – كۈندۈز تىنىمسىز ھەرىكەت قىلاتتى. ئىدارىدىن ئالىدىغان ئازغىنە ئىش ھەققى بىر نەچچە جاننىڭ ھاجىتىدىن چىقالمايتتى. ئۇ ئىدارىنىڭ خىزمىتىدىن سىرت باشقا ئىشچى – خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتۇن – كۆمۈر، سەي – كۆكتاتلىرىنى توشۇش دېگەندەك پارچە – پۇرات ئىشلىرىنىمۇ قىلىشىپ بىرىپ بىرەر ۋاق تاماققا بولسىمۇ ئىشلەپ تۇراتتى. ئايالى خىزمەتسىز بولغاچقا، باشقىلارنىڭ نېنىنى يېقىپ، كىر – قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىش ئىشلىرى بىلەن پاي – پېتەك بولاتتى. ئىش قىلىپ بۇ ئائىلە بالىدىن، ئادەم سانىدىن تەلەيلىك چىققاچقىمۇ تۇرمۇشنىڭ، ھاياتنىڭ راھىتىدىن مەھرۇم دېيىشكە بولاتتى.

ئىنگەمبەردىكامنىڭ ئۆيىنىڭ چەت – ياقىسىغا جايلاشقانلىقى ئۇنى يەنە بىر قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەنىدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى بوش يەرلەردىن ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانىدى. بىر تەرەپكە شاخ شۇمبا، كونا كارتون قەغەز دېگەندەك نەرسىلەردە ئېغىل قوتانلارنى ياساپ قوي، توخۇ – ئۆردەك دېگەندەك ئۆي ھايۋانلىرىنى باقتى. يەنە بىر تەرەپتىن، يەر ئېچىپ بىر نەچچە كىچىك ئېتىزچىلارنى پەيدا قىلىپ ھەرخىل سەي – كۆكتاتلارنى ئۆستۈردى. بۇلاردىن كىرگەن كىرىممۇ قىيىنچىلىقتا ئانچە – مۇنچە دال بولاتتى، ئەلۋەتتە. بىر يامان يېرى، ئۆيىنىڭ ئالدى تەرىپىدىلا ئاممىۋىي ھاجەتخانا بولغاچقا، ياز كۈنلىرى سېسىقچىلىقتا تۇرغىلى بولمايتتى. نېمە ئامال دەيسىز، ھايات دېگەن پايدا بىلەن زىيان، ياخشى بىلەن يامان گۈل بىلەن تىكەننىڭ گىرەلەشمىسى دېمەكتۇر. نۇرغۇن قولاي شارائىت بىلەن بۇ خاپىلىقمۇ بۇ ئۆيىنىڭ بىر بەخشەندىسى ئوخشايدۇ. يەنە كېلىپ ئەخلەت تۆكىدىغان جايمۇ مۇشۇ يەردە بولۇپ، ئىشخانىلار ۋە پۈتكۈل ئائىلىلەرنىڭ بارلىق ئەخلەتلىرى ئىككى – ئۈچ كۈندىلا بىر قېتىم دۆۋىلىنىپ، ھەممىسىلا ئىنگەمبەردىكامنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە تاقىلىپ قالاتتى. ئىنگەمبەردىكام تازىلىقتا ئۆزى مەسئۇل بولغاچقا ئىككى – ئۈچ كۈندە بىر قېتىم پۈتۈن ئائىلىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ قول ھارۋىسى بىلەن ئۇ دۆۋىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ تۇراتتىيۇ، لېكىن، بىر تەرەپتىن يۆتكىسە بىر تەرەپتىن تۆكۈلۈۋېرىپ ئەخلەتتىن خالىي بولمايتتى.

بۇ يەرگە ئىنگەمبەردىكامنى خۇشال قىلىدىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىنگەمبەردىكام ئائىلىسىنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، ئىنگەمبەردىكام ئائىلىسىنى ئىككى – ئۈچ كۈندە بىر قېتىم تەرلىتىدىغان ئاشۇ ئەخلەت دۆۋىسىدىن

مەغرۇر كىشى ئۆز بىلىمى بىلەن ماختىنىدۇ ئەمما بىلىمدان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بولسا ئېيىپلىنىدۇر.

كىچىك بالىلىرىنىڭ بىرەر ـ ئىككى تال
شېشە دېگەندەك نەرسىلەرنى تىرىپ سې-
تىپ، خەجلەپ تۇرۇشى سۆيۈنگىدەك ئىش
ئەمەس. مۇھىمى ئاشۇ ئەخلەتلەر ئىگەم-
بەردىكام ئائىلىسىنى خالىس مۇھاپىزەتچى-
لەرگە ئىگە قىلغانىدى. ئۆي ـ ئۆيلەردىن
ئاچىقىپ تۆكۈلگەن ئاشقان ـ تاشقان تاماق،
سۆڭەك دېگەندەك نەرسىلەر بۇ خاس مۇھا-
پىزەتچىلەرنى تەبىئىي هالدا مۇشۇ يەرگە
جەلپ قىلغانىدى.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مۇھاپىزەتچى-
سى ئەنە شۇنداق نەپسىنىڭ، كىچىككىنە
قورسىقىنىڭ هەلەكچىلىكىدە بىر ئۆمۈر
پەسلىك بىلەن هايات كەچۈرىدىغان هايۋان
ـــئىت ئىدى. ئىت دېگەن بىر بۇردا نانغا،
بىر پارچە تاشلاندۇق يېمەكلىككە هايات ـ
ماماتىنى دوغا تىكىدىغان، ئۆز ئەركىنى،
خاهىشىنى، هەتتا ياراتقۇچىسى باشقا جان-
لىقلار قاتارىدا ئاتا قىلغان بارلىق نەرسە-
سىنى نەپسى ئۈچۈنلا دو تىكىدىغان مەخ-
لۇق. دۇرۇس، ئۇنىڭ باشقا جانلىقلاردىن
هەتتا بارلىق جانلىقلارنىڭ ئەڭ قۇدرەتلى-
كى، خوجايىنى بولمىش ئىنسانلاردىنمۇ
قەدىرلىنىشكە ئېرىشىدىغانلىرىمۇ بار. بۇ
ئۇلارنىڭ بەزى ئارتۇقچىلىقلىرىدىن ياكى
تاسادىبىي ئامەت ـ تەلىيىدىن بولۇشى
مۇمكىن. نېمىلا بولمىسۇن، قەدىرلىك ياكى
خار، مەيلى راهەت ـ پاراغەتلىك ياكى زار
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نەپسىنىڭ، كى-
چىككىنە قورسىقىنىڭ هەلەكچىلىكىدە
بىر ئۆمۈر تەمە بىلەن هايات كەچۈرۈش
ئىتلاردىكى ئورتاقلىق. ئۇنىڭ پەسلىكى شۇ
يەردىكى، يېمەكلىك ئىزدەۋاتقان بارلىق
ئىتلارنىڭ هەممىسى دوست، بىرەر تال
سۆڭەك ئۈچرىدىمۇ بولدى، شۇئان ئىككى
دۈنيالىق رەقىپلەرگە ئايلىنىدۇ. گەپنىڭ
قىسقىسى، ئىگەمبەردىكامنى خۇشال قىلى-
دىغان، سۆيۈندۈرىدىغان مۆجىزە ئىشىك-
نىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ ئەخلەت دۆۋىسىدە،
ئاشۇ خالىس مۇهاپىزەتچىلىرى ئارىسىدا
ئىدى.

يازنىڭ تىنجىق كېچىلىرى ئىگەم-
بەردىكام هويلىسىدا كارىۋاتتا پۇتلىرىنى
ئۇزۇن سۇنۇپ ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە
سىرتتىكى توختاۋسىز خىخىراشلارنى، تا-
لىشىپ ـ بوغۇشۇشلارنى، ئەلەملىك چىقى-
راش ـ ۋاقىراشلارنى هۇزۇرلىنىپ تىڭشاپ
يېتىشقا كۆنۈپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇشۇ سا-
دالارغا قۇلاق سېلىپ ياتقىنىدا بىر كۈنلۈك
هېرىپ ـ چارچاش، تىنجىق ئىسسىقتىكى
ئۇيقۇسىزلىق تامامەن ئېسىدىن كۆتۈرلۈپ
كېتەتتى. «هەي جانىۋارلار، ـــ دەيتتى ئۇ
ئىچىدە، ـــنېمە دېگەن بىچارە سىلەر؟
هەممىڭلار ئۇزۇق ئىزدەپ يۈرۈشكەن تەق-
دىرداشلار تۇرۇپ نېمىشقا بۇنچە قىلىپ
كېتىشىدىغانسىلەر؟ بوپتۇ، تالىشىڭلار،
بوغۇشۇڭلار، هەتتا بىر ـ بىرىڭلارنى ئۆل-
تۈرۈشىڭلار، مېنىڭ نېمە ئىشىم؟ ماڭا
سىلەرنىڭ مۇشۇ ئويۇنىڭلار بولسا بولدى.
شۇ هالەتتىكى ئەسەبىيلەرچە بوغۇشۇشلار،
تالىشىشىڭلار، رەهىمسىزلەرچە ئېلىشى-
شىڭلار، كۈچلۈك نالە ـ پەردىڭلار كېرەك.
مېنىڭ سىلەر توغرىلىق هېچقانداق مەس-
ئۇلىيىتىم يوق. سىلەرنى بۇ يەرگە هېچكىم
چىللاپ كەلگىنى يوق. سىلەرنى ئۆز نەپ-
سىڭلار بۇ يەرگە چىللاپ كەلگەن. مېنىڭ
مەسئۇلىيىتىم بار دېيىلسە سىلەرنىڭ كەڭ
كوشادە ئۈستىخان ئىزدەيدىغان ئەخلەت
دۆۋەڭلارنى پات ـ پات يۆتكەپ تۇرىمەن شۇ.
بىراق، بۇ مېنىڭ ئۆز جېنىمنى جان ئې-
تىشتە ئۈستۈمگە ئالغان مەجبۇرىيىتىم. بۇ
تەرەپتىن ئاغرىنىشقا هېچقانداق هەققىڭلار
يوق، تالىشىڭلار، بوغۇشۇڭلار، بۇ ئۆزۈڭ-
لارنىڭ ئىشى!» ئىگەمبەردىكام ئىتلارنىڭ
نالە ـ پەريادىدىن هۇزۇرلىنىپ ياتقاچ ئەنە
شۇنداق خىياللارنى سۈرۈپ قوياتتى. ئۇ
ئىتلارنىڭ بۇ ئويۇنىدىن هوزۇرلانغاندەك
قىلغىنى بىلەن بەزىدە ئىتلار هەددىدىن
زىيادە بوغۇشۇپ كەتكەندە تۇرۇپ ئۇ جانى-
ۋارلارغا ئىچ ئاغرىتىپ قالاتتى. بۇنداق ۋا-
قىتتا ئىرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇ-
رۇپ سىرتقا چىقاتتى ـ دە:

ـــچاغە! هۇ مەلئۇنلار، چاغە! ـ دەپ
يەردىن بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ ئەخلەت
دۆۋىسىگە قاراپ يۇگىرەيتتى. بۇنداق چاغ-
لاردا بەزىدە تېخى كۈتۈلمىگەن هادىسى-
لەرمۇ يۈز بېرەتتى. ئىگەمبەردىكام ئىتلار
تەرەپكە يۈگۈرسە ئىتلار قاچماقتا يوق ئۆزئارا

تالىشىشنى تاشلاپ بىر نەچچىسى ئىنگەم-
بەردىكامغا ئېتىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن قور-
قۇپ كەتكەن ئىنگەمبەردىكام ئۆيىگە بەدەر
تىكىۋېتەتتى ـ دە، ھويلىسىغا كىرىپ ئى-
شىكنى يېپىۋالاتتى. ئاندىن ئۇ مەلئۇنلارنى
تازا بىر ئەدەپلەپ ئاچچىقىنى چىقىـرىش
ئۈچۈن قولىغا چىققان گۈرجەك بـولامـدۇ،
ئۇزۇن كالتەك بولامدۇ كۆتىرۈپ چىقىـپ
ئىتلارنى قوغلاشقا باشلايتتى.

بۇنداق ھادىسىلەر بىر نەچچە قېتىم
تەكرارلانغاندىن كېيىن ئۇ ئىتلار ھەرقانچە
تالىشىپ بوغۇشسىمۇ پەرۋا قىلماس بولدى.
ئاندا ـ ساندا چىققۇسى كېلىپ قالسا ئوب-
دان قۇراللىنىپ ئاندىن چىقىدىغان بولدى.

دېمەك، ئىنگەمبەردىكامنىڭ ئۆيى ئى-
دارە ئىچىدىكى بىخەتەر ئۆيلەردىن ئىدى.
ئۆينىڭ ئەتراپىدىن كەم دېگەندە 4 ـ 5 ئىت
كېچە ـ كۈندۈز ئۈزۈلمەيتتى. كۈندۈزلىرى
ئىتلار بېشىنى ئالدى پۇتلىرىغا قويـۇپ،
ئاپتاپنىڭ بۇلۇڭىدا بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ
يېتىشىپ كېتەتتى. بىرەرسى ئەخلەت چې-
لەكنى كۆتىرىپ كەلسە، ئۇ ئىتلار دەررۇ
قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ ھۇشيـار بـولـۇپ
تۇراتتى ـ دە، ئەخلەت تۆكۈلۈپ ئىگىسى
ئۆيى تەرەپكە ئالدىنى قىلىشىغا چاچـراپ
ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ـ بىرىدىن قىـزغە-
نىشقىنىچە ئۇزۇق ئىزدەشكە چۈشەتتى. بىر
ھازا بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، بىر ـ بىرد-
گە كۆز ئالايتىشىپ مۆرىتى كەلسە خىرخى-
رىشىپ، تالىشىپ بولۇپ ئانـدىن بـىـر ـ
بىرلەپ ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ بۇرۇنقىدەك
ئاپتاپقا بۇرۇننى تەڭلەپ يېتىشاتتى. ئى-
گەمبەردىكامنىڭ ئۆيى ئۇلارغا يېقىن بول-
غاچقا، بۇ ئائىلىدىكىلەر ئۇ ئىتلارغا تونۇش
ئىدى ھەم كۆپىنچە مۇشۇ ئۆيـدىن ئـادەم
كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغاچقا ھەر بىر قېتىم
ئىشىك ئېچىلسا ئىتلار چەبدەسلىك بىلەن
ئىشىك ئالدىغا ئېتىلاتتى. بەزىدە بارغانغا
يارىشا ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسىلەرگىـمـۇ
ئىگە بولۇپ قايتىشاتتى. ئەمما، بۇ ئۆيدىن
باشقا ئۆيلەردىن چىققانچىلىك كۆپ يې-
مەكلىك چىقمايتتى. چۈنكى، باشقا ئائى-
لىلەر بۇ ئائىلىدەك ئائىلە جانـىـۋارلـىـرى
باقمىغاندە. بىراق، ئىتلار يەنىلا مۇشۇ ئائىلە
كىشىلىرىگە بەكرەك كۆنۈك ئىدى. شۇڭا
ئىنگەمبەردىكاملار ئۆيلىرىدىن، مال ـ ۋاران-
لىرىدىن خاتىرجەم ئىدى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىنگـەم-
بەردىكامنىڭ خاتىرجەملىكى تېخىمۇ ياخ-
شى كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئەمدى ئۇنىڭغا
نىسبەتەن ئىشىككە سالىدىغان بىر دانە
قۇلۇپ پايدا بولدى دېيىشـكـە بـولاتـتى.
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئارىسى-
دىن ئىككىسى تاللىنىپ ئىشىكنىڭ ئىك-
كى تەرىپىگە كېلىپ ياتتى. بۇ ئـىـكـكى
مۇھاپىزەتچى قاچان قارىسىڭىز ئىشىكنىڭ
ئىككى تەرىپىدە ئالدى پۇتلىرىنى تىكلى-
گىنىچە تىللىرىنى ساڭگىلىتىشىپ بىر ـ
بىرىگە قارىشىپ ياتقىنى ياتقانىدى. ئۇلار-
نىڭ كۆزلىرى ھەر قاچان ھۇشيارلىق بىلەن
يېشىل نۇر چاقنىتىپ تۇراتتى. بىرسىنىڭ
كۆزى قاياققا ئاغسا يەنە بىرىنىڭمۇ دەرھال
شۇ ياققا ئاغاتتى، بىرى قىمىرلىسا يەنە بى-
رىمۇ تەڭ قىمىرلايتتى. بىرى ئورنـىـدىن
تۇرسا، يەنە بىرىمۇ تەڭ تۇراتتى. ئىشىك
شۇنداق ئېچىلدىمۇ، ئاللا كارامەت! ئىككى-
سى تەڭلا ئىشىككە قارپا ئوقتەك ئېتىلات-
تى ـ دە، ئۆيدىن چىققان ئادەمنىڭ جېنى-
نى ئېلىپ جاڭگالدا قوياتتى. ئۇلار بۇ ئۆي-
نىڭ ھەربىر ئەزاسىنى ئۇچراتقاندا ئىككى
تەرەپتىن تەڭلا ئېتىلىپ بەسبەستە سۈر-
كىلىپ، يالاپ بارلىق ھۈنەرلىرىنى كۆرسى-
تىشەتتى. ئادەمنىڭ تېپىشى، بىر يەرلىرىگە
دەسسەپ پۇتلىشى بىلەن كارى يوق ئىدى.
چاتاق يېرى شۇكى ئائىلىلەرنىڭ كۆپچى-
لىكى بۇ يەرگە ھاجەتكە ۋە ئەخلەت تۆك-
كىلى يۈرەكلىك كېلەلمەيدىغان بـولـۇپ
قالدى.

ئىنگەمبەردىكام ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ
تاپا ـ تەنىسى، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ دەۋا-
تى بىلەن بۇ پاسىبانلارنى كۆزدىن يوقىت-
ماقچى بولدى. ئىنگەمبەردىكامنىڭ ئۆزىمۇ
بۇلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە سۈركـىـلـىـپ
ئەركىلەشلىرى، چەكتىن ئاشقان قىلىقلى-
رىدىن تويۇپمۇ قالغانىدى. بىراق، ئـۇ، بـۇ
مەخلۇقلارنى راستىنلا كۆزدىن يىراق قى-
لىش مەسىلىسىدە دەرھال تەدبىر قوللى-
نىشقا ئامالسىز قالدى. يەنە كېلىپ ئۇلارنى

ساقلىقنى خالىساڭ كۆپ يېمە، ئىززەتنى خالىساڭ كۆپ دېمە.

www.uyghurkitap.com

قانداق يۇسۇندا كۆزدىن يوقىتىش مۇھىم بىر مەسىلە ئىدى. قولىغا كالتەك ئېلىپ ئالدىغا سېلىپ قوغلىغىنىچە يىراقلارغا ئاپىرىۋەتسە ئىگەمبەردىكام ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ بولغىچە ئالدىدىراق كېلىپ يىراقتىن بىر جايدا شۈمشىيىپ قاراپ تۇراتتى، راستىن دېگەندە بىراقلا كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. بۇنداق قىلىشقا ئىگەمبەردىكامنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ خالىس پاسىبانلار بولغاچقىلا ئىگەمبەردىكام ئۆيى ۋە ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى مال ـ ۋاران، ھەررەڭ ـ سەررەڭ تاشلىنىۋېتىلگەن ھەر خىل مۈلۈكلىرىدىن خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارمۇ بىر جانلىقتە! شۇنداق قىلىپ ئىگەمبەردىكام ئۇ مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە تېخى كۆزى قىيماي، كۆزدىن يوقىتىشنىڭ باشقا چارىسىنى تېخى تاپالماي تاپا ـ تەنىلەرگە قۇلاق يۇپۇرۇپ يۈرۈۋېرىشكە مەجبۇر بولدى. پاسىبانلار بولسا پات ـ پات يەپ تۇرىدىغان كالتەك ـ تاياقلارغا، قۇيرۇقلىرىنى چاترىقىغا قىستۇرغانچە پىتىراپ قېچىشلارغا كۆنۈپ كەتتى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتتۈۋەردى.

بۇ پاسىبانلارنىڭ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇنداق بىر ئالاھىدىلىكى بار: ئۇلار بۇ جاينى يەنى ئىگەمبەردىكامنىڭ ئۆيىنى، ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى مال ـ ۋاران ۋە باشقا يېغىندى مۈلۈكلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا شۇنداق مەسئۇلىيەتچانكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن بۇ يەرگە ئاياغ باسقان ھەر قانداق جانلىق قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ھەتتا قۇشلارمۇ بۇ ئەتراپتىكى دەرەخلەرگە قونالمايدۇ دېيىشكە بولاتتى. بىراق، ئادەم ئۇنىڭ سىرتىدا، ئەلۋەتتە. چۈنكى بۇ ئەتراپتىكىلەر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە دەخلى قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ ئىتلار ھەممىدىن بۇرۇن ئۆز ھەمراھلىرىدىن بىر ـ بىرلەپ پەيدا بولۇشقا ئىتلاردىن چەك ـ چېگرىنى تولىمۇ ئېنىق ئاجراتقان بولۇپ، ئىتلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەشەددىي رەقىب ھېسابلايتتى. ئىتلارغا ھەر قانداق جانلىقتىنمۇ بەك ئۆچمەنلىك قىلاتتى. يېقىن ئەتراپتا ئىتنىڭ ھىدىنى پۇرىغان ھامان بار ئاۋازى بىلەن ھاۋشىغىنىچە شۇ تەرەپكە ئېتىلىپ بىر ھازاغىچە چارلاش ئېلىپ بېرىپ خاخىراشقىنىچە قايتىپ كېلىپ ئورنىغا ئولتۇراتتى. يىراقلاردا ئىتنىڭ ھاۋشىغىنىنى ئاڭلىسىمۇ ئورنىدا ئولتۇرالماي ئەسەبىيلەرچە ھاۋشىپ كېتەتتى. چۈنكى، ئۇلار بۇ جاينى ئۆز ھەمراھلىرىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن قانلىق جەڭلەرنى قىلغانىدى ـ دە! قانداق بولدى، بۇ جاي ئاخىرى بىر نەچچە ئىت ئارىسىدىن بىرى ئاق سېرىق ئالا، بىرى ساغۇچ يوغان باش بولغان مۇشۇ ئىككىسىگە قالدى. بۇلارنىڭمۇ دەسلەپكى چاغلاردىكى ئۇزۇن كۈنلەرگىچە سوزۇلغان قان ئىچىدىكى تالىشىپ بوغۇشۇشلىرى، بەدەنلىرىنىڭ ساق يېرى قالمىغانچىلىك قىلىپ ئېلىشىشلىرى بىر ـ بىرىگە ئايان ئىدى. ئۇلار شۇنداق ئېلىشىپ بىر ـ بىرىنى يېڭەلىشكە كۆزلىرى يەتمىگەندىن كېيىن، ھەمكار رەقىبلەردىن بولۇپ تېنچلانغان بولسا كېرەك. ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدىن قانلىق جاراھەتلەر ئۈزۈلمەيدۇ. پات ـ پات تالىشىپ، بوغۇشۇپلا تۇرىدۇ. پەيت تاپسىلا بىر ـ بىرىگە ئېتىلىشقا تەييار. ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىنى كۆزدىن يوقىتىپ بۇ يەرنىڭ يېگانە خوجايىنىغا ئايلىنىش تەمەسىدە كۈنلەرنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

نىھايەت، ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي قويدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بۇ يەرنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىش توغۇل نەچچە يىللاردىن بېرى ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمۇ ئۇلارنىڭچە ھاياتىدىكى ئىنتايىن ياخشى كۈنلىرى بولۇپ قالدى.

شەھەر ئىچىدە كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان رەت ـ رەت ئېگىز بىنالار ئاستا ـ ئاستا قىستاپ كېلىپ ئاخىرى بۇ يەرگىمۇ ئاياغ باستى. دەسلەپتە بىر نەچچە يۈچۈن ئادەملەر پەيدا بولۇپ ئۇ يەر ـ بۇ يەرنى ئۆلچەپ قوزۇقلارنى قاقتى. بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ ھېلىقى ئەخلەت دۆۋىلىرى پاك ـ پاكىز يۆتكىلىپ، ھاجەتخانا چېقىلدى. ئىگەمبەردىكاممۇ ۋاقىتلىق يەرگە كۆچۈرۈلۈپ پۈتكۈل ئائىلىكىلەر قورۇسى تامامەن چېقىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ يەردە

بىناكارلار جاراق ـ جۇرۇق، غالدۇر ـ غۇلدۇر بىلەن ئىش باشلىۋەتتى. ئىنگەمبەردىكام ۋاقىتلىق كۆچۈرۈلگەن ئۆيدە ئۆي هاۋانلىرىنى باققىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇ باققان مال ـ ۋارانلىرىنى سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. بىراق، هېلىقى ئىككى پاسبانىنى هېچنېمە قىلالمىدى. يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىشكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ بۇرۇنقى قىلىقلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرىۋەردى. ئۇلار بۇرۇنقىدىن خېلىلا شۈكلەپ قالغانىدى. ئۇلار تەبىيارلا ئوزۇق ئامبىرىدىن مەهرۇم بولغاننى ئاز دەپ يەنە كەلگۈسىدىكى قىسمىتىنى سىزىۋاتقاندەك قۇلاقلىرى سالپىيىپ، كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇراتتى...

قىش كېتىپ، باهار كەلدى. ئىنگەمبەردىكاملار مارت ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى جۇدۇندىن كېيىن تەبىئەت يېشىللىققا پۈركىنىشكە باشلىغان بىر خەيرلىك كۈندە بۇرۇنقى ئۆيىنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن سېلىنغان ئالتە قەۋەتلىك بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. ئۆي بۇرۇنقى ئۆيدىن ئازادە، قۇلايلىق هەم پاكىزە هەر جەهەتتىن بۇرۇنقى ئۆيدىن خېلىلا ياخشى ئىدى. شۇ تاپتا بۇ ئۆيگە ئۇنىڭ بارلىق بالىۋاقا، نەۋرە ـ چەۋرىلىرى تولۇق جەم بولغان بولۇپ، هەممەيلەن بۇ ئۆينىڭ تەرىپىنى قىلىشىپ بەس ـ بەستە سۆزلىشىپ، ئۆي ئىچىنى تەنتەنە ساداسىغا چۈمدۈرۈۋەتكەن ئىدى. پەقەت ئىنگەمبەردىكاملا بىر ئاز مەيۈستەك كۆرىنەتتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، هەممە ئۆيلەرگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن بالكۇنغا چىقىپ ئۇزۇن قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ئىككى بىنا ئوتتۇرىسىدىكى بوش يەردىن قانداق پايدىلىنىش ئۈستىدە باش قاتۇرىۋاتقانلىقىنى ياكى بىنانىڭ ئىشىكى ئالدىدا بۇرۇنقى ئەخلەت دۆۋىسىنى ئىزدىشىپ تىنماي پىقىراپ يۈرگەن سابىق پاسبانلىرىغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— ۋوي، بىز هەممىمىز ئۆيدە ئولتۇرساق بۇ يەرگە چىقىۋالغانلىرى نېمىسى؟

— بۇ ـ دېدى ئايالى ئەجەبلىنىپ.

ئىنگەمبەردىكام يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئۇهسىنىپ قويدى.

— نېمىسىنى دەيسىلە، — دېدى ئۇ كەينىگە قارىماي، — قويۇڭلار، بۇرۇنقى ئۆيىمىزگە يېتەمدۇ دەيسىلەر. ئىست، ئىست ئەجەب ياخشى ماكان ئىدى!

ئايالىمۇ جىمىپ كەتتى.

— ئاۋۇ نەرسىلىرىڭلارنى قانداق قىلىسىلەر ئەمدى؟ — دېدى ئايالى خېلى ئۇزۇن جىمجىتلىقتىن كېيىن توختاۋسىز پىقىراپ يۈرگەن ئىتلارنى كۆرسىتىپ.

ئىنگەمبەردىكام سەل تۇرىۋېلىپ دېدى:

— نېمە بولسا بولمامدۇ!

دەرۋەقە ئىتلارنى قانداق قىلىشمۇ بىر مەسىلە ئىدى. لېكىن، بۇ مەسىلىمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزلىكىدىن هەل بولدى. ئىنگەمبەردىكام ئۇزاق ئۆتمەي پېنسىيىگە چىقىپ كەتتى. ئىدارىدا مەخسۇس ئامانلىق قوغداش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ ئىككى ياش بالا قوراللىق ئىشقا چۈشتى. ئۇلار ئىدارىنىڭ ئامانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىتلارنى ئېلېكترونلۇق كالتەك بىلەن ئۇرۇپ قوغلاپ چوڭ دەرۋازىدىن بىر چىقىۋەتكەنچە ئىككىنچى يېقىن يولاتمىدى. ئىتلار بىر نەچچە كۈنگىچە دەرۋازا ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردى ـ دە، ئۆزلىكىدىن يىتتى.

ئىنگەمبەردىكام دەرۋازا ئەتراپىدا ئۇ ئىتلارنى بىر نەچچە قېتىم ئۇچراتتى. ئىتلار ئۇنى كۆرۈپلا دەرهال ئېتىلىپ كېلىۋىدى ئۇ يەرگە ئېڭىشىپ قولغا چىققان خىش پارچىسىنى ئېلىپ ئۇلارنى خېلى بىر يەرگىچە قوغلىۋەتتى. ئېهتىمال ئۇ ئىتلار باشقا يەردىن ماكان تۇتقانمۇ ياكى بۇرۇن ئۆزلىرى قوغلىغان هەمراهلىرى بۇ شەهەرگە پاتقۇزمىغان بولسا يىراقلارغا سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتكەنمۇ ۋە ياكى ئۆلۈپ كەتكەنمۇ بۇ شەهەر تەۋەسىدە قايتا كۆزگە چېلىقمىدى. ئىنگەمبەردىكامنىڭ بولسا ئاللىقاچان ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

(ئاپتور: خوتەن مىللەت دىن ئىشلىرى كومىتېتىدا)

تەهرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

قانائەت قانچە راهەت كەلتۈرسە تەمە شۇنچە ئازاپ كەلتۈرىدۇ.



ياسىن مەمتىمىن

# جۇدۇندىكى گۈل

(ھېكايە)

مەن ئۇنىڭ بىلەن كوچا دوقمۇشىدا تۇيۇقسىزلا ئۇچرىشىپ قالدىم. بىز دائىم ئايىغى چىقمايدىغان خىزمەت ھەلەكچىلىكى بىلەن پالاقشىپ يۈرۈپ كۈننىڭ قانداق كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالىمىز. بەزىدە ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق قانداقتۇر جىددىيچىلىكلەرنى پەيدا قىلىپ ئۆزىمىزنى پەردەزلەپ، دائىم ئالدىراشتەك كۆرسىتىمىز. باشلىقلىرىمىزنىڭ چىرايىغا قاراپ ھاۋا رايىغا باھا بېرىمىز. ئاينىڭ تېزرەك توشۇپ، كېلەر ئايلىق مائاشىنىڭ تېزرەك قولغا كېلىشىگە تەشنا بولىمىز. ئەنە شۇنداق ئايىغى چىقماس ئۈمىد-ئىلتىجالار بىلەن دوقۇرۇپ يۈرگەن، ئاي ئاخىرلىشىپ قالغان، يانچۇقىمىنىڭ مىجەزى يوق بۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشما ھېساۋىمىدىن مىڭ يۈەن كەم چىقىپ قالدى. ھەر قانچە ئويلاپمۇ يا خەجلەپ كەتكىنىمنى، يا بىرسىگە بېرىپ تۇرغىنىمنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. «مىڭ يۈەن» دېگەن ئېغىزدىن شۇنداق ئاسان چىققىنى بىلەن يانچۇقتىن سۇغۇرۇلمىقى ئاسان ئەمەسكەن. قىزلارنىڭ تويلۇقى خۇددى گاز قاچىلىغان شاردەك كۈندىن-كۈنگە ئېگىزلەپ بېرىۋاتقان بۇ كۈنلەردە مەندەك بويتاقنىڭ مىڭ يۈەن پۇلىنىڭ بېشىدا چاراسلاپ ئوت كۆيەتتى. شۇڭا كۆڭلۈك قەغەز ھەممىگە قادىر بولۇپ، جاھاننىڭ رەپتارىنى ئۇيان-بۇيان قىلىۋاتقان كۈنلەردە ھەشقاللىسى يوق بۇ پۇل مېنىڭ بېشىمنى خېلىلا ئاغرىتتى. گەرچە خىزمەتكە قاتناشقىلى يەتتە يىل بولۇپ بىرەر تۈمەننىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغان بولساممۇ، يەنىلا پۇل دېگەننىڭ مېھرى تاتلىق ئىكەن. مائاشىمدىن بىراقلا مىڭ يۈەننى تۇتۇپ قېلىۋىدى، يۈرىكىم چوغقا تاشلانغاندەك پىژ-پىژ ئېچىشتى. قولۇمدا قالغان پارچە پۇلغا قاراپ ئۆمچەيدىم. خەير، بېشىمغا كەلگەن بالا-قازانىڭ سەدىقىسى بولار. قولۇمغا تەگكىنىنىڭ ھەممىسىنى تۆكتىپ، راۋرۇس بىر ئىچىپ كەيپچىلىكتە بۇ خاپىلىقلىرىمنى ئۇنتۇپ كېتەي، ئەتە نېمە بولسام مەيلى دېگەن نىيەت بىلەن قاۋاقخانىغا ماڭغانىدىم. كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە ئۇ ئۇچراپ قالدى. دەسلىپىدە ئۇنى تونىمايلا قاپتىمەن. ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغان ئاشۇ مېھىرلىك كۆزلىرىنى كۆرگىنىمدىلا ئىختىيارسىز يۈرىكىم ئاغقاندەك بولدى. ئۇ كىچىكىدىنلا چىرايلىق كىيىنىپ يۈرىدىغان، تولىمۇ ئۇماق، ئاتا-ئانىسىنىڭ بىر تاللا ئەتىۋارلىق قىزى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ياقا يۇرتتىن كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، بۇ يۇرتتا ۋاي دېگۈدەك ئۇرۇق-تۇغقىنى يوق. ئەمما، قالتىس بىلىملىك، ئەخلاقلىق كىشىلەر-

دىن ئىدى. ئۇلار گۈلدەك تىككۈچىلىك ھۈنىرىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرەتتى، مەھەللە جامائىتى ئىچىدە خېلىلا ئىناۋەتلىك ئادەملەردىن سانىلاتتى. ئۇ شەھلا كۆزلىرى بىلەن مېنىڭ قەلب كۆلچىكىمگە تۈنجى قېتىم چالما تاشلىغان، مېنى ئىشىق ئوتىدا ئوت ـ خەستەك كۆيدۈرگەن مەبۇدە ئىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، مەن ئۇنىڭ بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تارتىپ بىللە ئوقۇپ قەلبىمىزدىكى نازۇك سىرلارنى نەچچە رەت كۆزلىرىمىزدە ئاشكارلاشقان، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن كېيىنلا مۇھەببەتلىشىپ بەخت پەيزىگە چۆمۈلگەنىدۇق. كۆڭلۈمدە ئالەمچە خۇشاللىق، كەلگۈسىدە ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشىمىز پۈتسىلا چوقۇم توي قىلىپ ئۇنى بەختلىك قىلىمەن دېگەن گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلار بار ئىدى. لېكىن، رېئاللىق بۇلارنى ماڭا نېسىپ ئەتمەي تەقدىرىمنى باشقىچە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن، مەن بولسام يۇقىرى نومۇر بىلەن نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانىدىم. شۇنداقتىمۇ بىز ئۆزئارا ۋەدىلىشىپ مەن ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن توي قىلىشقا، بىرسى ـ بىرسىمىزنى مەڭگۈگە ساقلاشقا ئەھدە قىلىشتۇق. مەن ئوقۇشقا كېتىپ بىر يىلغىچە دائىم خەت يېزىشىپ سېغىنىش ھېسسىياتىمىزنى ئالماشتۇرۇپ تۇردۇق. ئۇنىڭ خېتى بەكمۇ يالقۇنلۇق، شۇنداق قىزغىن ئىدى. ئۇنىڭ خەتلىرى ماڭا دائىم مەدەت بېرەتتى. ئۇ دائىم مېنىڭ يېنىمغا ئۇچۇپ بارغۇسى كېلىدىغانلىقىنى، مېنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى يازاتتى. بۇ خەتلەر مېنى بەكمۇ سۆيۈندۈرەتتى. مۇھەببەتنىڭ كۈچىدىن، ئۇنىڭ دائىم كۈن ئارىلاپ كېلىپ تۇرىدىغان خەتلىرىنىڭ ئىلھامىدىن كۈنلىرىم خۇشال، راھەت ـ بەخشلىك ئۆتەتتى. ئۆگىنىشىممۇ ياخشى بولۇپ، سىنىپتىكى باللارنىڭ ئالدى ئىدىم. كېيىن ئۇنىڭ خېتى تويۇقسىزلار ئۈزۈلۈپ قالدى. يازلىق تەتىلىل قىلىپ كەلگىنىمدە ئۇنىڭ توي قىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. قاتتىق ئازاب ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئايلانغان، بىللە سەيلە قىلغان، تۈنجى قېتىم سۆيۈشكەن دەريا بويىدىكى توقايلىقتا ئۇزۇن تۇردۇم. كۆڭلۈمدە نۇرغۇن چېكىش سوئاللار لەيلەتتى. گاللىرىم قۇرۇپ بېشىم ھېلىلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىيتتى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن تويۇقسىزلار توي قىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بەكمۇ بىلگۈم كېلەتتى. تۈنجى مۇھەببەتنىڭ بۇ زەربىسى ماڭا بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىدى ... ئاخىرى ھەسرەتلىرىمنى ئۇنتۇش نىيىتىدە بىر قاۋاقخانىغا كىردىم. سوس يورۇپ تۇرغان بۆلۈمدە ئولتۇرۇپ تۈنجى قېتىم ھاراق ئىچتىم. بەلكىم بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساملا ھاراق ئىچىشنى شۇ چاغدىن باشلاپ ئۆگەنگەندىمەن. تۈنجى مۇھەببەتتىن ئايرىلىش ئازابى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە كۆپ ئىچىۋەتكەن بولسام كېرەك. ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغىنىم، ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشقىنىم غۇۋا ئېسىمدە ... چۈشۈمدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردۈم. ئاسمانىنى كۆكۈش نۇر قاپلىغان بولۇپ، يىراقتىن غايەت زور قۇيۇن بارلىق نەرسىلەرنى يۇتۇۋەتمەكچى بولغاندەك شىددەت بىلەن مەن تەرەپكە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى، كىشىلەر قىيامەت قايىم بولدى دەپ ۋاقىرىشىپ ھەر تەرەپكە قېچىشاتتى، غايەت زور بىر مەخلۇق ماڭا ھەدەپ ئېتىلاتتى، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ماڭا ھۇجۇم قىلاتتى. مەن قاچاتتىم، لېكىن، پۇتلىرىم مېنىڭ ئەمەستەك مىدىر ـ سىدىر قىلمايتتى. بىردىنلا غايەت زور مەخلۇقنىڭ قاپقارا ئېغىزىدىكى ھەرىدەك چىشلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتىم. ئۇ مەخلۇق مېنى قاتتىق چىشلىمەكتە، ئۇستىخانلىرىمنى چايناپ پۇركىمەكتە ئىدى. مەن بىردىنلا قاتتىق ۋاقىراپ كۆزۈمنى ئاچتىم، دەريا بويىدىكى توقايلىقتا كېيىملىرىم يىرتىلغان، يۈز ـ كۆزلىرىم كۆكەر-

باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ساڭا سۆزلەپ بېرىدىغان ئادەم سېنىڭ ئەيىبىڭنىمۇ باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ

گەن هالدا لاغىلداپ تىترەپ يېتىپتىمەن.
مەستلىكىمدە بىرسى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەن
بولسا كېرەك، ئۆگە ـ ئۆكىلىرىم قاتتىق
ئاغرىيتتى. شۇ كۈندىن تارتىپ تەتىل
توشقۇچە ئاغرىپ ياتتىم. ئاتا ـ ئانام ماڭا
ئالىيىپ قاراتتىيۇ چىش يېرىپ بىر نېمە
دېمەيتتى. كېيىن داۋاقداشلىرىمدىن ئۇنى
مەستچىلىكىمدە ئىزدەپ بېرىپ پوخادىن
چىققۇچە تىللىغانلىقىمنى، ئېرى بىلەن
مۇشتلىشىپ قولىنى سۇندۇرۋەتكەندىن
كېيىن دەريا بويىغا قاراپ يۈز ـ كۆزلىرىم
قان هالدا كېتىپ قالغانلىقىمنى ئۇقتۇم.
ئېرىنىڭ تۇققانلىرى مېنى كۆپ ئىزدەپ
تاپالماپتۇ. بۇ قىلىقىمدىن قاتتىق خىجىل
بولدۇم. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى، ئېرى-
دىن ئەپۇ سوراشنى ئويلىساممۇ، بىراق،
يەنىلا كۆڭلۈم قويمىدى. بىرخىل خېرە
گاڭگىراش ئارىلاشقان ئۈمىدسىزلىك ئى-
چىدە ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللى ئورنىدا «مەن
ئۇنى ياخشى كۆرگەن ئىكەنمەن، چوقۇم
ئۇنىڭ بەختىنى ئويلىشىم كېرەك. ئۇ مەن
بىلەن بەختلىك بولۇشقا كۆزى يەتمىگەن،
شۇڭلاشقا توي قىلغان بولۇشى مۇمكىن.
بەختلىك بول بۇخەلچەم...» دەپ نىدا
قىلدىم. شۇ كەتكەنچە هەر قانداق زۆرۈر-
يەت ئاستىدىمۇ يۇرتۇمغا بارمىدىم. ئوقۇش
پۈتتۈرۈپ مەركىزىي شەهەردە قېلىپ قال-
دىم. ئارىدىن ساق ئون يىل ئۆتۈپ كەتكەن
بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ماڭا تاساددىبىي ئۇچرى-
دى ...بۇ يات شەهەردە ئۇنى ئۇچرىتىپ
قالغانلىقىم ئۇچۇن هۇدۇقۇپلا كەتتىم ...ئۇ
قىلچە ئۆزگەرمەپتۇ، بۇرۇنقىدەك ئۇماقلىقى
شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ. لېكىن، سەل ئۇرۇقلاپ
قاپتۇ، مەن ئۇنى ياتىقىمغا تەكلىپ قىل-
دىم...

بۇخەلچەم بۇ يەرگە جان بېقىش ئۈ-
چۈن كەپتۇ. ئاشۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ ئې-
رىدىن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ، مەن مەست
بېرىپ جېدەل چىقارغاندىن كېيىن، ئېرى
ئۇنى سەۋەبسىزلا خورلايدىغان، ئۇرىدىغان
بولۇپ قاپتۇ، كىچىكىدىنلا ئەركە ئۆسكەن
بۇخەلچەم بۇنىڭغا چىدىماي ئاجرىشىپتۇ،
ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي دادىسى بىر قېتىم-
لىق قاتناش هادىسىسىدە ۋاپات بولۇپتۇ.
ئانىسىمۇ شۇ ئىچ ئاغرىقىدا ئۇزۇن ئۆتمەي
دادىسىنىڭ يېنىغا سەپەر قىلىپتۇ. بىچارە
بۇخەلچەم كەڭ بىر هويلىدا يالغۇز قاپتۇ.
كېچىدە مەهەللە لۈكچەكلىرى ئىشىكىنى
قېقىپ، ئۆگزىسىگە چالما تاشلاپ ئارام بەر-
مەپتۇ، كۈندۈزى جان بېقىشنىڭ هەلەك-
چىلىكىدە تىنىمسىز تىپىرلاپتۇ.

ـــ سىز پەقەت ئۆزگەرمەپسىز ئەزهەر،
بۇرۇنقىدەك تۇرۇپسىز، مەنچۇ، پۈتۈنلەي
ئۆزۈمنى تاشلىۋەتتىم ـ دېدى بۇخەلچەم
ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ تۇرۇپ.

ـــ ئۇنداق ئەمەستۇ، مەنمۇ ئۆزگەر-
دىم، سىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تۇرمۇش
مېنى رەسمىي بىر زابوي، جەمئىيەت داش-
قىلى قىلىپ يېتىشتۈردى، نېمىلا دېگەن
بىلەن سىزنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. كۆرۈپ
تۇرۇپسىز، ياتىقىمنىڭ هالى مۇشۇ، خىز-
مەتكە قاتناشقىلى يەتتە يىل بولدى، ئۆي-
لىنىش، ئائىلە قۇرۇش دېگەنلەر هېچ خى-
يالىمدا يوق. ئەمەلىيەتتە ئون يىل ئاۋۋال
مەنمۇ هەممە نەرسەمنى يوقاتقان، تۈگەش-
كەنىدىم. مېنىڭ هەممە نەرسەمنى سىز
ئېلىپ كەتكەن ئىكەنسىز، ئۇندىن كېيىن
مەن قاغجىرىدىم، ئۇسسۇدۇم، بۇ يەردىكى
سۈنئىي مۇهەببەتلەرنى، گىرىم بىلەن بو-
يالغان رەڭدار چىرايلارنى مەن ياقتۇرمايمەن
هەم ئۇلار بىلەن خۇشۇم يوق، ئاه تۇنجى
مۇهەببەت! ـ ...دېدىم ئاه ئۇرۇپ تۇرۇپ.

بۇخەلچەمنىڭ چىرايلىق يۈزلىرى
قىزاردى. چوڭ شەهلا كۆزلىرى چەكچەيدى.
ماڭا ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئاه! جادۇ
كۆزلەر، سېنىڭ قارىشىڭ نېمە دېگەن ئوت-
لۇق، نېمە دېگەن مېهرىبان. ئاه! ئون يىل،
مەن نەقەدەر زور ئازاب چەككەن ئون يىل!
بۇ شەهلا كۆزلەرنى مەن ئاشۇ ئۇزۇن ۋا-
قىتنىڭ هەربىر دەقىقىسىدە ئۇنتۇپ كې-
تەلمىگەنىدىم. خىزمەت قىلىۋاتقىنىمدا،
ئۇخلاۋاتقىنىمدا، تاماق يەۋاتقىنىمدا ... ئۇ



غەرەزسىز، توغرا مەسلىهەت بەرگۈچىلەر دۇنيادا تەڭدىشى يوق كىشىلەر.

ھەمىشە ھەمراھ ئىدى. بۇ خەلچەمنىڭ چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇپ يۈرىكىم شۇررىدە ئېرىپ كەتتى. بۇ تەقدىرنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشكىن، ئارىدىن ساق ئون يىل ئۆتكەندە ــ ھە! مەن ھاياجانلانماقتا ئىدىم، گويا ئون يىل ئاۋۋالقى جۇشقۇن، ساپ، غۇبارسىز چاغلىرىمغا قايتىپ كەلگەندەك بولدۇم. كاللامدىكى خارامۇشلىقمۇ، تويۇقسىز ئۇچرىشىشتىن پەيدا بولغان زىددىيەتلىك ھېسسىياتلىرىممۇ تۈگىدى.

ــ مەن سىزنى ئەمدى قويۇپ بەرمەيمەن بۇخەلچەم، ھېلىمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن، مۇشۇ كۈنگىچە بىرمۇ قىز سىزنىڭ ئورنىڭىزنى باسالمىدى. يولدا ھارغانسىز، سەپەر ئازابى گۆر ئازابى دەپتىكەن، يېتىپ ئارام ئېلىڭ. قالغان گەپنى ئەتە دېيىشەيلى، ــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا قىيالماسلىق بىلەن قاراپ. بۇخەلچەم ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى.

ــ مۇشۇ ئۆيدە ياتامدىم؟ سىزچۇ ئەزھەر؟

ــ مەن قوشنا ياتاقتىكى خىزمەتداشلىرىم بىلەن بىللە ياتاي، سىز ياخشى ئارام ئېلىڭ ...مەن سىزنى بىر ئۆمۈر سۆيىمەن بۇخەلچەم، ــ دېدىم ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدە شەبنەمدەك يالتىراپ تۇرغان ياشلارنى سۈرتۈپ تۇرۇپ. ئۇ يەنە ھۆپپىدە قىزىرىپ ماڭا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى مەن تۇنجى قېتىم سۆيگەن ۋاقتىدىكىدەك شۇنچە ئۇماق ئىدى. مەن چىدىمىدىم، ئۇنىڭ جىنەستىدەك لەۋلىرىگە قېنىپ ــ قېنىپ سۆيدۈم. «سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن، ئەمدى بىز توي قىلايلى بۇخەلچەم» دەپ پىچىرلىدىم ...كېچىچە نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدىم، ئۆزۈمنىڭ بەكمۇ شەخسىيەتچى ئىنسان ئىكەنلىكىمنى سەزدىم، مەن شۇنداق شاللاق، مەسئۇلىيەتسىز ئەرمۇ؟ بۇخەلچەمنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەرگە تېگىدىن ئېيتقاندا يەنىلا مەن سەۋەبچى ئىدىم، ھەي ياشلىق، مەن ئۇنى ئەمدى بىر ئۆمۈر سۆيىمەن، ئۇ يوقاتقىنىمنى مەن قايتىدىن تېپىپ بېرىمەن. ئېھ، سۆيۈملۈك قىز، بىر قېتىم توي قىلساڭ نېمە بولۇپتۇ؟؟؟ مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئۆتە ھالدا ئەمەسمۇ؟ ئۈمىدسىزلىك پاتقاقلىرىغا پاتقاندا مەن نېمىلەرنى قىلمىدىم؟ رەڭگارەڭ سۈنئىي كۈلكىلەر، خىلمۇ خىل رەڭدار كۆزلەرنىڭ قايسى بىردىن ۋاپا كەلدى؟ مەن ئەمدى سېنى ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمەن. ئەتە، ياق ھازىردىن تارتىپ يېڭى ھايات قوينىدا كىرىمەن. ئاھ سۆيۈملۈكۈم مەن سېنى سۆيىمەن ...مەڭگۈ سۆيىمەن... مەن شۇنداق شېرىن پىچىرلىغىنىمچە ئۇيقۇغا كەتتىم...

شۇنداق شېرىن، ھۇزۇرلۇق ئۇخلاپتىمەنكى، تاڭنىڭ قاچانلاردا يورىغىنىنى، خىزمەتدىشىمنىڭ قايسى چاغدا چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماپتىمەن. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان بۇنداق قېنىپ ئۇخلىغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن، دېرىزە ئاراچلىرىدىن ئىيۇننىڭ قۇياش نۇرلىرى تال ــ تال تۆكۈلۈپ ياتاقنى بىر خىل رومانتىك ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى. مەن يېنىكلا ئورنۇمدىن تۇردۇم. پۇت ــ قوللىرىمنى ئايلاندۇرغاچ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدىم. يىراقتىنلا قىزىل تاغ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەركىزىي شەھەرنىڭ مۇھىتى كۈندىن ــ كۈنگە بۇلغىنىپ كېتىۋاتسىمۇ ماڭا يەنىلا ساپتەك، تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان جەنۇبنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئانا ماكانىمنىڭ غۇر ــ غۇر شامالىرى مېنىڭ يۈزلىرىمنى سىيپاۋاتقاندەك، مېنى پەپىلەۋاتقاندەك، ئەركىلىتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈردى. مەن كۈلدۈم ...بار ئاۋازىمنى چىقىرىپ كۈلدۈم ...مەن يەنىلا بەختلىك ئىدىم، كۆڭلۈمدە بىر خۇشاللىق كېزەتتى. دېرىزە ئالدىغا قويۇلغان بىر تەشتەك قوغۇن گۈلىنىڭ قىزىل بەرگلىرى سولۇشۇپ، قۇرۇشقا يۈز تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن، يېڭىلا ئېچىلماقچى بولغان بىر جۈپ غۇنچىسى ماڭا بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈندى. مەن ئەتراپنى ئاللىقانداق خۇشاللىق بىلەن كۈزەت-



ئېلىمسىز مىللەت نادان قالىدۇ، ئىلىمگە ئىرىشكەن مىللەتنىڭ ئالەمشۇمۇل ئالىملار چىقىدۇ.

كەچ، ھاياجىنىمنى تەستە بېسىپ، دىمىقىمدا بىر ناخشىغا غىڭشىغىنىمچە بوخەلچەم بىلەن ناشتا قىلىش، توغرىسى ئۇنىڭ بىلەن يېيىشكى بىر كۈننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ياتىقىمغا كىردىم. ياتاق پاك ـ پاكىز تازىلانغان بولۇپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىم، كىتابلىرىم بەكمۇ رەتلىك قويۇلغانىدى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يايراپ، تېخىمۇ ئېچىلىپلا كەتتى. ياتىقىمنىڭ ھەممە يەرلىرىگە سۆيۈنۈش بىلەن قارىدىم. لېكىن، بوخەلچەم ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى خۇشال ھالدا چاقىردىم. ھېچ سادا يوق ئىدى. قانداقتۇر بىر ئەندىشە كۆڭلۈمدىن كەچتى. يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقتىم. ئىدارە قورۇسىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. چوڭ يولغىمۇ چىقتىم، ئۇ يەردىمۇ يوق، ئاخىرى ياتاققا مەيۇس ھالدا قايتىپ كەلدىم. ئۇ كەتكەنمىدۇر؟ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. مەن پاك ـ پاكىز تازىلاپ قويۇلغان ياتىقىمغا نەزەر تاشلاۋېتىپ تويۇقسىزلا يېزىق ئۈستىلىمگە قويۇلغان بىر پارچە خەتكە كۆزۈم چۈشتى. ئالدىراپ خەتنى قولۇمغا ئالدىم.

«قەدىرلىك ئەزھەر، مەن كەتتىم. نەچچە ۋاقىتلاردىن بۇيان سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنىڭ مەن ئۈچۈن سوقۇپ تۇرغانلىقىنى ئويلىمايتىكەنمەن. بىلگەن بولسام شۇنچە دىشۋارچىلىقلارنى تارتماس ئىدىم. لېكىن، مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ تەلىپى بويىچە توي قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئەينى چاغلاردىكى سىز بىلەن قىلىشقان ۋەدەمگە ۋاپاسىزلىق قىلدىم. شۇندىن تارتىپ مېنىڭ ئازابلىق كۈنلىرىم باشلانغانىدى. سىز مەست ھالەتتە بىزنىڭكىگە كەلگەن شۇ كېچىدىن تارتىپ ماڭا بولغان ياخشى كۆرىشىڭىزنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى، مېنى قاتتىق ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلدىم. قىلغانلىرىمغا كۆپ پۇشايمانلارنى قىلدىم. شۇ ئىشتىن كېيىن ئېرىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ئىزچىل ياخشىلانمىدى. ئارىلىقتا غەمگۇزار دادام، مېھرىبان ئانىلار بىر ـ بىرلەپ ئالەمدىن ئۆتتى. مەن تىكەندەك يالغۇز قالدىم. تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىدىن كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىدى.

ئەزھەر! شۇ ۋاقىتلاردا سىزنى ئەسلىدىم. سىز مۇلايىم، ئېغىر ـ بېسىق جىمغۇر يىگىت ئىدىڭىز. مېنى قاتتىق ھۆرمەتلەيتتىڭىز. ماڭا كۆيىنەتتىڭىز. سىزگە ۋاپاسىزلىق قىلغىنىمنىڭ جازاسىنى تەقدىر ماڭا بېرىۋاتاتتى. كۆز ياشلىرىم فونتاندەك ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى، باش ـ پاناھسىز بىر ئايالغا نىسبەتەن تۇرمۇش چىقماق قىيىن بولغان داۋان ئىكەن. مەن ئاخىرى كۆپ ئويلىنىپ بۇ يۇرتتىن بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم. ئەتراپ ئەمدىلا يورۇشقا باشلىغان تاڭ سەھەردە مەن بوغجىمامنى يۇدۇپ ئۇپۇق تامان سىڭىپ كەتتىم. تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىدىن شەھەردىكى بىر قانچە ئاشخانىلاردا ئىشلىگەن بولساممۇ، دائىم يامان نىيەتتىكىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتىم. بىر قانچە قېتىم ئاياغ ـ ئاستى قىلىندىم. يىغلىدىم، قاقشىدىم. ئاخىرى مۇھتاجلىق مېنى قايسى بىر خۇجايىن ئاچقان سارايدا «كۈتكۈچى» لىككە سۆرەپ كىردى. كىرىمىم يامان ئەمەس ئىدى. لېكىن، بىرەر تونۇش كۆرۈپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيتتىم. مەن شۇ چاغدا تۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقىدىن نومۇسۇمنى، ھايانى ئۇنتۇغانىدىم. پات ـ پات سىزنى ئەسلەپ قالاتتىم. ئۆز ۋاقتىدىكى يەڭگىلتەكلىكىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلاتتىم. سىزنى كۈتۈپ سىز بىلەن توي قىلغان بولسام مەن بۇنداق كۈنلەرنى كۆرمەس ئىدىم. مېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن نەرسە پۇل دەپ ئويلايتتىم. ئەمدى پۇلنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا خەسچىلىكمۇ قەدرى يوق ئىدى. خالىغىنىمچە كىيىم ـ كېيەتتىم. ئەرلەرنى ئايدەك چىرايىم بىلەن ئەخمەق قىلىپ ئوينايتتىم. ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئالدىمدىكى بىر دەملىك لەززىتىنى قوغلىشىپ قىلىۋاتقان بىچارىلەرچە قىلىقلىرىنى كۆرۈپ ھوزۇر ئالاتتىم. تۇرۇپلا ئۇلاردىن قاتتىق

سەسكىنەتتىم. بۇ دۇنيانىڭ مۇشۇنداق جايلىرىنىڭ بەكمۇ پاسكىنا ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالاتتىم. پۇلدار بايلار ئايدەك چىرايلىق خوتۇنلىرىغا خىيانەت قىلىپ نەدىكى ياۋا قىزلار ئۈچۈن ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇراتتى. نىھايەت ساقچىلار ئۇ شەھەردىكى مېھمانخانا ـ سارايلارنى تەكشۈرۈش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، قاتتىق تازىلاشقا باشلىدى. مەن ئۇ يەردە تۇرالماي بۇ شەھەرگە كەلگىنىمدە سىزگە يولۇقۇپ قالدىم.

جېنىم ئەزھەر! سىز بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز. شۇڭا قەلبىڭىزدىكى ئورنۇم ئۆزگەرمىگەن، ئەمما، مەن مانا مۇشۇنداق ناپاك ئايال. لېكىن، مەن جەمئىيەتتىن، كىشىلەردىن شۇنداقلا سىزدىن ئاغرىنمايمەن. ئاغرىنىشقا توغرا كەلسە پەقەت ئۆزۈمدىنلا ئاغرىنىمەن. سىزنىڭ ماڭا قىلىۋاتقان مۇئامىلىڭىز مېنى بۇرۇنقى پاك، سەبىي چاغلىرىمغا قايتۇرۇپ ئەكەلگەندەك بولدى. سىزنىڭ شۇ ئەقىدىڭىزنى قەدىرلەپ بىر ئۆمۈر ئايىغىڭىزدا خىزمەت قىلسام بولاتتى. لېكىن، بۇنىڭغا مەندە جۈرئەت يوق، ۋىجدانىم يول قويمايدۇ. سىزدىن قاتتىق ئۇيىلىمەن. سىزدىن خىجىل بولىمەن. سىزگە قارىغۇدەك يۈزۈم يوق. ئەسلىدە سىز بۇ ئىشلارنى بىلمەسلىكىڭىز، مەنمۇ دېمەسلىكىم، سىزنىڭ قەلبىڭىزدە بۇرۇنقىدەك ئۆز ئورنۇمنى ساقلاپ تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. ئەمما، سىزنى يەنە بىر قېتىم ئالدىغۇم كەلمىدى. جېنىم ئەزھەر مېنى كەچۈرۈڭ! مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ. مۇشۇ ئىلىم يۇرتىدىكى ياخشى ئائىلىنىڭ بىرەر قىزى بىلەن توي قىلىڭ. مەن ئەمدى يۇرتقا قايتىمەن، ئاتا ـ ئانامنىڭ بېشىنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن مېنى كىشىلەر تونۇمايدىغان بىر شەھەرگە بېرىپ جېنىمنى جان ئېتەرمەن. سىزگە ھەمراھ بولالمايدىغان بولدۇم. مېنى كەچۈرۈڭ. مەن سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن ...سىزنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن... ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ، ئامان بولۇڭ!

بۇخەلچەم»

مەن قاتتىق ھەيرانلىقتا قالدىم. ئۇنىڭ بۇ خېتى يۈرىكىمگە قىزىتىلغان زىخ بولۇپ پاتتى. مەن ياتاق ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭغاچ يۈرىكىمنىڭ تىۋىشىگە قۇلاق سالدىم. ئىچ ـ ئىچىمدىن بۇغۇلۇپ چىققان بىر سادا مېنى ئىتتىرىۋەتتى. جېنىم بۇخەلچەم! ھەممىگە مەن سەۋەبچى ئەمەسمۇ؟ مەن مەس بېرىپ سېنىڭ ئىللىق ئائىلەڭنى بۇزمىغان بولسام مۇنداق كۈنلەرگە قالمايتتىڭ. كۆڭۈلسىز بولسىمۇ ئۇۋاڭ چۇۋۇلمايتتى. مەن يەنىلا سېنى ياخشى كۆرىمەن. سېنىڭ بۇ يولغا مېڭىشىڭ تۇرمۇشنىڭ بېسىمى بىلەن ئەمەسمۇ؟ ياق! مەن ئەمدى كىچىكمەسلىكىم كېرەك، سېنى قۇتقۇزۇش، بۇ يولدىن توسۇۋېلىش مېنىڭ بۇرچىم ھەم مەسئۇلىيىتىم. شۇنداق قىلسام سېنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ كېلەلەيمەن. بىزنىڭ يەنىلا بۇ دۇنيادىكى خۇشاللىقتىن، بەختتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىمىز بار. ئاڭلىغانلار نېمە دېسە پەرۋايىم پەلەك. قاراپ تۇرۇپ سېنى قۇتقۇزالمىسام، مەنمۇ بىر ئۆمۈر ئۆز ـ ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن. ئون نەچچە يىل تارتقان ھىجران ئازابىمۇ ماڭا يېتەرلىك ...شۇ خىياللار بىلەن ئۇنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. يۈرىكىم پىژژىدە ئېچىشقاندەك بولدى. ئۇ شەھلا كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سىماسى كۆز ئالدىمدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى.

مەن ياتاقتىن چىقتىم ـ دە، يۇرتۇمغا بارىدىغان يولۇچىلار ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ يۈگۈردۈم. قەلبىم مۇڭلۇق ماتەم تۇسىنى ئالغان بولۇپ «بۇخەلچەم؟!» دەپ نىدا قىلاتتى. ئاسمان پەلەك بىنالارمۇ قەلبىمگە جۆر بولغاندەك تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەكس سادا قايتۇراتتى...

(ئاپتور: قاراقاش تاش يول ئۇچاستىكىسىدا)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئۆتكاي قولغا كەلگەن مال ئۇزاق تۇرمايدۇ، پۇشايمان قىلىش بىلەن باھاسى ئاشمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت

# ئاي بۇلاقتا يۇيۇنغان كېچە

## ئاشىقنىڭ جېنى

تەگرىم ماڭا دەرد بېرىپتۇ، دېدىم مۇكاپات،
ئاشىقلىقىم نۇرلىنىپتۇ جۇلدۇر كېپەنگە.
بولسا ئەگەر ئۆز ئىلكىدە ئاشىقنىڭ جېنى،
ئوت كېتەتتى بۇ ئالەمگە ھەر بىر قەدەمدە.

مېنىڭ سازىم ئۆز تېنىمدۇر، قوللىرىم زەخمەك،
چالسام ھەربىر تىرىلىدۇ تۇمەنمىڭ ھىجران.
سوزۇلغاندۇر تاپىنىمدىن بېشىمغىچە تا،
مەشۇقۇمنى ئىزدەپ كەزگەن دەشتۇ ـ باياۋان.

## مەھەللەم

ناخشاڭنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالمىدىم،
دەردىڭنى ئېيتمىدىم ماشىنىلارغا.
كىيىپ مەن تېخىچە كوْرەك جوْۋاڭنى،
باردىم توي، ئۆلۈمگە، ئۆلۈم، تويلارغا.

ئەخلاق ــئۇ سۆيگۈڭنىڭ كېسەلچان قىزى،
يارىلاندى ئۇ مېنىڭ ئاشنالىقىمدىن.
ياشىرىپ رەڭ تۇزدى مۇھەببەت موماي
مېنىڭكى ھاياسىز، رىسۋالىقىمدىن.

ساۋاتسىز مۇئەللىم تۇرمۇش ھەققىدە
سۆزلەيتتى ئاۋازى يېقىملىق، سىجىل.
رەستە قىزلارنىڭ ئىشتان بېغىدا
ۋەھىمە نۇر چېچىپ تۇراتتى يېشىل...

شىجائەت ئىرغىتتى قورام تاشلارنى،
تېنىدىن زىرىكتى نادان قىز بالا.
مەھەللىم سۆزلىرىڭ ئېسىمدە مېنىڭ؛
كۆڭلۈمدە بەئەينى بىر ياۋاش كالا.

## چۈشلۈك ئۇيقۇ

قانداق راھەت، قانداق راھەت ئۆلۈپ قالغاندەك
سۇنايلىنىپ ياتساڭ ئۇخلاپ تىنجىق ئىسسىقتا.
سېسىپ قالغان رېئاللىقنىڭ بەدبۇي ھىدلىرى
چۈشىن بولسا قونسا سېنىڭ پۇت ـ قوللىرىڭغا
ھېس قىلمىساڭ ئۆلۈمنى ھەم ئۆلگەندەك ھەتتا.

چۈش قاناتلىق ۋە قاناتسىز بولسا بەرىبىر،
ئېلىپ كېتەر سېنى باشقا يىراق ئالەمگە.
پارچە پەسىل دېرىزەڭنىڭ ئالدىدا ئۆلەر،
پارچە قۇشلار گۈل چىشلىشىپ كېلەر ماتەمگە.

شوخ ئاۋازلار شىرىلدايدۇ بۇلاق سۈيىدەك،
ئۆچەر بىر پەس ئېھ، ياشاشنىڭ ئەجەم، جۇلاسى.
بۇ ئالەمدە بىر ئادەمنىڭ بىرلا خۇداسى...
ئىزدەيدۇ ئاھ، ئىزدىگەنچە كېتەر يىراقلاپ،
مەھشەرگىچە سوزۇلىدۇ ئىشىق بالاسى.

قانداق راھەت، ئۇخلاپ قالساڭ سەزمەي توساتتىن،
چىڭقى چۈشتە ئۆلگىنىڭنى جىمجىت ۋە شېرىن!

## ئاي بۇلاقتا يۇيۇنغان كېچە

تىپىرلىغان، ئۆلۈۋاتقان كىم،
چىدىغۇسىز شادلىق ئىچىدە؟
چىرقىرىغان كىم ئۇ لەززەتلىك،
يۇلتۇزلاردەك نۇرلۇق، يىگانە.
ئاھ ئۇرغىنى گۈلمۇ يا ياپراق،
ئاي بۇلاقتا يۇيۇنغان كېچە.

چېقىلىدۇ بارچە ئەينەكلەر،
يىرتىلىدۇ بارچە كىيىملەر.


بېلىقنىڭ قارماققا ئىلىنىشى نەپسى ئۈچۈن، بېلىقچىنىڭ بېلىق تۇتۇشىمۇ نەپسى ئۈچۈن.

كۆي ئەۋجىدە ئۈزۈلدۇ تار،
خۇشال ـ خۇرام ئۆلدۇ گۈللەر،
دۇنيادىكى بارچە ئەگرى يول
تۇتىشىدۇ يارنىڭ ئۆيىگە؛
ئاي بولاقتا يۇيۇنغان كېچە.

تورۇكلىتىپ چىغ ھاسىسىنى،
ماڭار دۇنيا قەبرىستانلىققا.
ماڭار ئۇنىڭ كەينىدىن قاتار،
ھازا ئېچىپ سانسىز ماشىنا،
ئېگىز ـ ئېگىز بىنالار يەنە...
ئاي بولاقتا يۇيۇنغان كېچە.

يۈرەك ئىستەر يارىلىنىشنى،
قانلار ئىستەر تۆكۈلۈشنى ھەم.
ئۆز قولىدا خار قىلار يارنى،
مۇھەببەتنى چۈشەنگەن ئادەم.
ئوت كېتەر ئېيە، قاخشال كۆڭۈلگە،
ئاي بولاقتا يۇيۇنغان كېچە.

(ئاپتور: گۇما قوشتاغ يېزىدا)

تەھرىرى: مەتسىلىم مەتقاسىم

**ئەزىز ھاشىم**

# ئىككى شېئىر

## ئۆزىنى تونۇش

قەلبىم مېنىڭ ناتونۇش ئارال،
مەن ئېزىققان سەيياھمەن ئۇندا.
قورشىۋالغان دولقۇنلۇق دېڭىز،
يالمىماقتا قەلبىمنى ئاستا.

كىملىكىمنى ئىزدەيمەن شۇ چاغ،
دولقۇن ئۇرۇپ تۇرغان ساھىلدا.
مېنى كۈرسە ئىلاھى ئىشىق،
يالتىرايدۇ قاسراقلىرىمدا.

ئۇنۇپ چىقار ماڭسام ئىزىمدىن،
«ۋەتەن ئىشقى» دېگەن لىرىكا.
ئادەملىكىم قىلىدۇ جەۋلان،
كۆزلىرىمنى تىكسەم ئۇپۇققا.

**ئابلىز ئابدۇۋايىت**

## ئارام كۈنلىرىدىكى ئۆگىنىش

مەنىسىزلىك بارخانلىدىن،
مەن ئۆزۈمگە مەنە ئىزدەيمەن.

جان بېقىش دەھشىتى سوزار قولىنى،
ناتونۇش نەرسىگە ئايلاندى ئىقبال.
مەنىسىز جىجىلاپ زەھەر بوپ پۈتكەن،
سىياھلار بەرگىندە جان بېرەر نىھال.

رەزىل بىر ئەقىدە ئۆرلەر كۈنسېرى،
پاسىق خىياللارغا بولۇپ ھەمنەپەس.
لېۋىڭنى تەڭلىمە بۇ دەقىق جېنىم،
ھەر نەپەس ئالماقمۇ ئىختىيار ئەمەس.

(ئاپتور: گۇما ناھىيە چوڭا يېزا مەركىزىي باشلانغۇچتىن)

تەھرىرى: مەتسىلىم مەتقاسىم

# چۈشنى سۆزلەپ بېرىش

بىلمەيسەن، باغرىڭدا ياتقان كىم، كېچە،
سۆيۈلدۈك، بىلمەيسەن سۆيۈلگىنىڭنى.
بىلمەن، قىلمىدىڭ پەرۋا تېخىچە،
مەن بىلەن تىلىگەن تىلەكلىرىڭنى.

چېكەڭگە بىر تال گۈل قىستىم ئاۋايلاپ،
بىلمەيسەن، چېچىڭنىڭ ھىدلانغىنىنى.
سۆيدۈك ھەم سۆيۈلدۈك، راسا باغلاشلاپ،
بىلمەيسەن يۈرەكنىڭ روھلانغىنىنى.

شۇنچىلىك رومانتىك ئۆتتى بۇ كېچە،
گوياكى بىز ئۈچۈن پۈتكەندەك دۇنيا.
ھېچنېمە بىلمەيسەن بۇ سىر ئۆزگىچە،
بىر ماڭا ئاشكارا، ساڭا مۇئەمما.

بىلمەيسەن ھەممىنى، بىلمەيسەن زىنھار،
ئۇ ئەمەس رېئاللىق، ئۇ ئەمەس ئۆتمۈش.
بولغىنىڭ راست ماڭا بىر كېچە ھەمراھ،
بۇ پەقەت مەن كۆرگەن تاتلىقىنە چۈش.

تەھرىرى: مەتسىلىم مەتقاسىم



پاسىقتىن ھايا كۈتمە، زالىمدىن ۋاپا كۈتمە.

ئۇبۇل ھاشىم

# ۋاپا بار دۇنيادا، پەرىشتە گۇۋاھ

1

بەزىلەر ھەقىقەت ھەققىدە سۆزلەپ
ئۆتىدۇ ئۆزىنىڭ نىيىتىنى كۆزلەپ.
ياشايدۇ كۈنۈتۈن ئىزتىراپ چېكىپ،
ئۆتىدۇ ھەسەتتە ئوي ـ دۈگىنى تۈزلەپ.

2

ھەقىقەت ـ ھەقىقەت دەيدۇ تىرىكىپ،
ئۆتىدۇ ئاۋامغا ھامان ماختىنىپ.
ئوخشايدۇ قاخشالغا دالىدا قالغان،
ئۆتىدۇ ئاخىرى ئوتقا قاقلىنىپ.

3

بەزىلەر، تۆھپىسىز ياشايدۇ كۈندە،
قاقشايدۇ ئاۋامدىن، جاھاندىن كۈندە.
كۆزلەپ شۇ ئۆز مەقسىتى، ئارزۇلىرىنى،
سۈيقەستلەر ئويلايدۇ قاراڭغۇ تۈندە.

4

نان بەرگەن ئېلىگىدىن رازى بوپ ئۆتكىن،
ئاۋامدىن ـ خەلقىڭدىن رازى بوپ ئۆتكىن.
بىرىنىڭ ھادىسە، سەھۋەنلىكىنى،
ئەپۇ قىل، چۈشۈنۈپ ياد ئېتىپ ئۆتكىن.

5

ئۆزۈڭنى، ئۆزگىنى بىلمىسەڭ بولماس،
ئىنساپنى، ۋاپانى بىلمىسەڭ بولماس.
بۇ ھايات باغرىدا ساغىمۇ يول بار،
ھەممىدىن قاقشاپلا ياتلىشىپ بولماس.

6

دۇغ سۈنى كۆرۈپلا لايمىكىن دېمە،
سۆزلەرنى ئاڭلاپلا راستمىكىن دېمە.
پاكىتسىز سۆز ـ چۆچەك، ئىغۋا ئالدىدا،
ھۇشۇڭنى يوقىتىپ راستكىن بۇ دېمە.

7

ئۆزىدىن ئۆزىگە گەپ تېپىپ كۈندە،
ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭغا شاخلىتىپ سۆزلەپ.
ياشايدۇ ئازابلاپ باشقىنى ھەردەم،
راھەتتە ئۆزىنى ئۆزگىدىن دەگسەپ.

8

دائىما ئەل ئۈچۈن ئىشلىسە بىراۋ،
يوچۇقلار ئىزدەيدۇ ئۇنىڭدىن بېرى.
كۆپلەپ شۇ ئىشلارنى قىلغاچقا ئۆزى،
ئاندا ھەم يوچۇقلار بولماسمۇ تېخى.

9

قۇرساقنىڭ كەڭلىكى بىرخىل گۈزەللىك،
قۇرداشلار، سەپداشلار بۇنى بىلگىلىك.
دېڭىزدەك كۆڭۈللەر ئەجەپ شەربەتلىك،
ئېگىزگە يامىشار يۇمران چىڭگىلىك.

10

قۇيرۇقلار بولىدۇ، بۇ شۇنداق جاھان،
تۇتۇمەن دېمىگىن ئېسىلىپ ئۇنى.
يامانلىق ئەيلىسەڭ نادان، سەن نادان،
ئۆلسەن، ئۆلسەن سېسىپ بىر كۈنى.

11

ۋاپا بار دۇنيادا، پەرىشتە گۇۋاھ،
بەرھەقكى بۇنىڭغا ئىنسانلار گۇۋاھ.
ۋاپانىڭ سۈيىنى ئىچىپ ھەممە تەك،
ياشايلى ئۆملۈكتە ياساپ بىر ئۇۋا.

12

ئىللىتار جاھاننى يورۇتۇپ قۇياش،
قۇياشتەك بەدەلسىز نۇرچاچ، باق ئويلاپ.
دەۋرنىڭ ئېقىمى تېزلىشەر ھامان،
ئىنسانلار ئەقلىدىن كۈلۈپ ۋىلىقلاپ!

13

شائىرى، ئالىمى بولمىسا يۇرتنىڭ،
سەنئىتى، مېھنىتى بولمىسا يۇرتنىڭ؛
بىلىملىك ئادىمى بولمىسا يۇرتنىڭ،
بولامدۇ ھاياتنىڭ مەنىسى، قۇتنىڭ .

14

ئىناقلىق گۈلىگە تولسا بۇ جاھان،
چىقىشقاق، باھادىر بولسا ھەر ئىنسان.
ئارزۇ ھەم ئىستەككە پۈركەنسە جاھان،
بايرامدەك شاد ـ خورام ياشىسا ئىنسان.

15

غەيۋەتلەر، ھەسەتلەر قىلمىسا ئىنسان،
چۈشەنسە ئۆزىنى، ئۆزگىنى ھامان؛
مەدەتلەر، ئىلھاملار بېرىشكىدەك ھەم
بولسىچۇ كەڭ قۇرساق ھەمدە مېھرىبان!


نامەرد، بىلىمسىز ئادەمنىڭ ئۆيىدىكى بايلىقلار ئۇنىڭغا پەقەت بىچارىلىك ۋە ھالاكەت كەلتۈرىدۇ .

16

بايلىقلار قېزىلىپ تىزىلسا شۇئان،
بەرسىچۇ ئاۋامغا شاخلىتىپ جىق پۇل.
بازارلار ئاۋات، ئەل تۇرمۇشى ئۆسسە،
قۇرۇلسا جەننەتتەك كەلگۈسكە ئۇل.

17

تاشلىساڭ ئىشرەتنى، بىكارچىلىقنى،
تاشلىساڭ ھاكاۋۇر ھال ـ مىجەزىڭنى.
قۇچاقلاپ بىلىمنى شۇڭقاردەك ئۇچۇپ،
گۈللەت ئەل ـ يۇرتۇڭنى ھەمدە ئىزىڭنى!

18

تاشلىساڭ ئۆزۈڭنى ئەلنىڭ باغرىغا،
ئىشلىسەڭ كۈنۈتۈن ئەيلەپ جان پىدا.
ئامەتنى ياغدۇرۇپ، ئاپەتنى قوغلاپ،
قۇياشتەك كۆيسەڭچۇ ئەلنىڭ ئوتىدا!

19

بال كوزىسى بولسا گەر ئاغزىڭ،
بىلىم بىلەن تولسا لىق باغرىڭ.
ئۆزگىنى يېتەكلەپ ئىلىمىڭ بىلەن،
دەۋرلەر بېتىدە قالسىچۇ ئىزىڭ.

20

ئاززۇيى شۇنچە جىق مەندەك تۇركىنىڭ،
ئىلھامىم جۇش ئۇرۇپ نەزمىلەر يازدىم.
سىلەردە ئەي خەلقىم، پىكىر ـ خىيالىم،
سىلەرنى دەپ مانا كۆڭلۈمنى قازدىم...

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يولۇچى توشۇش باش بېكىتىدە)

تۇردى تۇرسۇن

## تۇتاش رىشتىلەر

(1964 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپتا بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلارنىڭ 40 يىلدىن كېيىن قايتا ئۇچراشقانلىقىغا بېغىشلايمەن)

ئەسسالام ياتاقداش، ساۋاقداش دوستلار،
ئوخچىيدۇ يۈرەكتە ساقلانغان چېقىن.
كۆرۈشۈش ئىرادە دىدار غەنىمەت،
تۆت كۈنلۈك ئالەم بۇ ياشايلى يېقىن.

جەم بولدۇق قەدىم يۇرت ـ خوتەندە بۈگۈن،
كەزمەكتە دىللارنى ئوتلۇق تۇنۇگۈن.
بىر تىزىق مارجانتۇق، بىر دەستە گۈل ھەم،
ھاياتنى ئۆتكۈزدۇق مەنىلىك تۈرگۈن.

باللىق مايىسى غۇنچە چىقارغاچ،
قىرىق قىش ئۆتۈپتۇ، باھار چېچەكلەپ.
ئۇستازلار ئۈمىدى، ئىشەنچى ئاخىر،
ئۇتۇقىقا يەتكۈزدى بىزنى يېتەكلەپ.

ئايرىلدۇق قىسمەتكە سەپەرداش بولۇپ،
ۋە لېكىن، يۈرەكتە مېھرىمىز تۇتاش.
شۇ قىيىن كۈنلەردە تۈگۈلگەن رىشتە،
كۆيۈدۇ يۈرەكتە يالقۇنغا ئوخشاش.

ياشلىقتىن ياشاندۇق بولدۇق نەۋقىران،
پىشقانچە تويۇنۇپ بارماقتا دىللار.
قەلبتە لىققىدە ئەقىل كەۋسىرى،
ئەجرىمىز ھوسۇلىغا گۇۋاھتۇر يىللار.

قىرىق يىل، قىرىق ئوت بىزنى كۆيدۈرگەن،
قىرىق يىل، قىرىق قىز بىزنى سۆيدۈرگەن.
قىرىق يىل، قىرىق گۈل بىزلەر ئۆستۈرگەن،
قىرىق يىل، قىرىق ئات بىزلەر كۆندۈرگەن.

قىرىق يىل، قىرىق غايە بىزلەر تەلپۈنگەن،
قىرىق يىل، قىرىق ئۈمىد بىزنى چۆمدۈرگەن.
قىرىق يىل ئەل ئۈچۈن تۆككەن تەر بىلەن،
مېھمەتنىڭ بابىدا بىزنى سۆيدۈرگەن.

ئەل غېمى بولغاچقا بىزدىكى ئارمان،
ئاتلاندۇق ئات مىنىپ جەڭگاھلار تامان.
گەر مەنزىل بولسىمۇ مۇشكۇل ۋە يامان،
جەسۇرلۇق بىزلەرنى ساقلىدى ئامان.

دىداردىن خوش بولدۇن ياشنىدى يۈرەك،
قېرىلىق نەگىدۇر بوپكەتتى غايىپ.
ياش يۈرەك ياش ھېستا يايرىدۇق، كۈلدۇق،
دىلدا كۈچ ئارمانلار ئۇلغايدى ئاۋۇپ.

(ئاپتور: قاغىلىق تاشيول باش ئۇچاستىكىسىدىن)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

ئاچلىق ۋە يوقلۇققا قانائەتچان كىشى ماھىيەتتە قانائەتسىز باي شاھلاردىن ياخشى.

www.uyghurkitap.com

ئەنۋەر ھوشۇر

# ئەدەبىياتنىڭ ئورنى ۋە رولىنى قايتىدىن تونۇش

كومپيۇتېر —ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ كەڭ تۈردە ئومۇمىيلىششى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىششى، جۇملىدىن ئېلىمىز يولغا قويغان بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەللىششى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى كەسىپ، ساھەلەرنىڭ ئورنىنى، فۇنكسىيىسىنى ئاستىن —ئۈستىن قىلىۋەتتى. كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ئېستېتىك ئۆلچىمىدىمۇ تۈپلۈك ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىلگىرى كۆچلۈك سىياسىي كاللا، ئېنىق سىنىپىي مەيدانغا ئىگە بولۇش كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەيدىغان تۈپكى ئامىل سانىلىپ، شۇخىل سۈپەتتىكى كىشىلەر ياراتقان قىممەتنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاشلا ئالتۇندەك ئەتىۋارلىنىپ، ئەڭ ياخشى مۇئامىلىدىن بەھرىمان قىلىنغانىدى. ئىدىيىدىن تارتىپ ماددىي بۇيۇملارغىچە ھەممىگە قارا قويۇق سىياسىي —سىنىپىي تامغا بېسىش، بىرخىل سۆزلەش، بىرخىل كىيىنىش، نامرات بولسىمۇ قەلبىنىڭ ئاقلىقىدىن، قارا قورساق بولسىمۇ سىنىپىي تەركىبىنىڭ پاكلىقىدىن پەخىرلىنىش شۇدەۋر كىشىلىرى ئېڭىنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغانلار بىردەك جەمئىيەت ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغانىدى. ھازىر بولسا كۈچلۈك ئىقتىسادىي كاللا ۋە ھازىرقى زامان پەن —تېخنىكا بىلىملىرىگە ئىگە بولۇش —كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىلغا ئايلىنىپ، شۇ خىل سۈپەتتىكى كىشىلەر ئەڭ ياخشى مۇئامىلىدىن بەھرىمان بولىدىغان بولدى. ئىلگىرى ئىقتىساد چەتكە قېقىلىپ، نامراتلىق كۆككە كۆتۈرۈلگەنىدى، ھازىر بولسا ئىقتىساد مەركەز قىلىنىپ، بايلىق ياراتقۇچىلار ۋە بايلار ئەتىۋارلىنىپ، نامراتلىق كەمسىتىلىدىغان بولدى. ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىپ، بايلار ۋە كەمبەغەللەر ئارىسىدىكى پەرق تەدرىجى چوڭايدى. ئىقتىسادنىڭ جەمئىيەتنى تىزگىنلەشتىكى رولى كۈچىيىپ، كارخانىچىلار، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ھەر خىل ئاممىۋى يىغىلىشلاردا، سورۇنلاردا شۇ ئورۇن ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالىدىغان، مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق شۇجاينىڭ ئىقتىسادىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، شۇ جاي رەھبەرلىرىنىڭ سىياسىي نەتىجىسىنى كەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندى. تىپىك شارائىتتا تىپىك پېرسوناژ يارىتىلىدۇ. ماس ھالدا، بازار ئىگىلىكى مۇھىتىدا بازار ئىگىلىكىگە خاس كىشىلەر توپى، كىشىلىك مۇناسىۋەت تورى ۋە جەمئىيەت تۈزۈلمىسى شەكىللەندى. ھەممە تەرتىپ بازارنىڭ قوماندانلىقىدا تولىمۇ تەبىئىي يوسۇندا قايتىدىن رەتلەن-

دى. بۇ جەرياندا بەزىلىرى جايىنى تاپتى، بەزىلىرى چەتكە قېقىلدى. «ياقىلار ئېتەك، ئېتەكلەر ياقا بولدى»، بەزىلەر كۈلدى، بەزىلەر يىغلىدى...

ئەدەبىيات ئۇستىقۇرۇلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۇنۇم يارىتالمايدىغان ساھە بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇخىل چۆچمەل رېئاللىقنىڭ ئەڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىدى. ئەدەبىياتىمىز بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇپ بىرقانچە يىلغىچە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك يۆلىشى، مىللىتىمىزدىكى ئەدەبىياتنى سۆيۈش ئەنئەنىسىنىڭ بەرىكىتى، 50 ـ ھەم 80 ـ يىللاردا يېتىشىپ چىققان بىر بۆلۈك مۇنەۋۋەر كىتابخانلار قوشۇنىنىڭ ئىخلاس ـ ئەقىدىسى بىلەن بىرمەزگىل گۈللىنىش ھالىتىنى ساقلاپ، دەۋر رېتىمىغا ئەگىشىپ، يېڭى ئىراغا ئۇلاشقان بولسىمۇ، لېكىن، بۇ ئىرادىكى كۈچلۈك رىقابەت جۈملىدىن، ئۆزىدىكى بىرقاتار ئاجىزلىقلار ۋە باشقا ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېتى ھېرىپ، جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تېلېۋىزىيە، تور قاتارلىق زامانىۋى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىغا تارتتۇرۇپ قويدى. ماس ھالدا يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭمۇ جەمئىيەتتىكى، كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنى ـ ئىناۋىتىدىمۇ تۆۋەنلەش بولدى. ئىلگىرى بىرەر پارچە ياخشى ئەسەر ئېلان قىلىنىپ قالسا، كىشىلەر گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇشۇپ، قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈشۈپ ئوقۇشاتتى، خاتىرلىرىگە كۆچۈرۈپ تەۋەرۈك سۈپىتىدە ساقلىشاتتى. كىتابلارنىڭ تىراژىمۇ يۇقىرى بولۇپ، ئەدەبىي توپلاملارنىڭ 7، 8 مىڭ ھەتتا 10 نەچچەمىڭ تىراژدا نەشر قىلىنىشى ئادەتتىكى ئىش ئىدى. «ئىز» رومانىنىڭ تىراژى 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ھازىر داڭدار يازغۇچىلارنىڭ رومانىنى 3، 4 مىڭ تىراژدا نەشر قىلىپ تارقىتىشمۇ نەشرىيات سودىگەرلىرىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان ئىش بولۇپ قالدى. ئىلگىرى يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ھۆرمىتى چوڭ ئىدى، بىرەر يۇرتقا بىرەر يازغۇچى ـ شائىر كېلىپ قالسا ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈش، سۆھبىتىگە داخىل بولۇشنى، مېھمان قىلىشنى ئىستەپ ئۆچىرەت ساقلايدىغانلار كۆرۈلمەك ئىدى. ھازىر بولسا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىش شۇ يۇرتتىكى قەلەمكەشلەرنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى. ئىلگىرى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئاساسلىق ئىجابىي پېرسوناژلىرى، پېرسوناژلار ئىچىدىكى قىزلار قوغلىشىدىغان ئوبيېكتلار يازغۇچى ـ شائىرلار قىلىپ تەسۋىرلىنەتتى. ھازىر پۇلدار كارخانىچىلار، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر بۇ ئورۇننىڭ ئەتىۋارلىق ساھىبىغا ئايلاندى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ بېشىدا لۇشۈن ئەپەندى تېبابەتچىلىكنى تاشلاپ، ئەدەبىيات ئۆگەنگەنىدى. ھازىر بولسا ھەرقانداق بىر ياشنىڭ ئالدىغا دوختۇرلۇق كەسپى بىلەن ئەدەبىيات كەسپىنىڭ چاقىرىقىنى قويۇپ، تاللاش پۇرسىتى بەرسە، ھېچ ئىككىلەنمەستىن دوختۇرلۇقنىڭ چاقىرىقىنى تاللىۋالىدىغانلىقى، ئەگەردە ئېزىپ ـ تېزىپ ئەدەبىيات كەسپىنىڭ چاقىرىقىنى تاللاپ قالسا، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ بۇ ياشنى ساراڭلار قاتارىغا چىقىرىۋېتىدىغانلىقى ئاياقتىكى ئاشتەك رېئاللىق بولۇپ قالدى. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، بەزى كىشىلەر قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك ئاشكارا سورۇنلاردا جۈملىدىن تېلېۋىزور، گېزىت ـ ژۇرناللاردا مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تىنىمسىز ئىزدىنىۋاتقان ئەدەبىياتنى، ئەدەبىياتچىلارنى ئوچۇق ئاشكارا ھالدا كەمسىتىدىغان، قەستەن مازلاشتۇرىدىغان ئەھۋاللار باش كۆتۈرۈپ قالدى. پاكىتىمىز شۇكى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئويۇشتۇرۇپ كېلىۋاتقان قۇربان ھېيتلىق پروگراممىنىڭ ئاساسلىق ئېتوتلىرىدا شائىرلار ئۈچ يىلدىن بېرى ئىزچىل تۈردە سەلبىي پېرسوناژلار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ،

ئىنساننىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ ئارزۇلىرىدا ئەكس ئېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۆزىدە يوق سۈپەتلەر بىلەن سەتلەشتۈرۈلدى. قىزىقچىلار ئارىسىدا شائىرلارنىڭ نامىغا توقۇلغان ۋە تېلېۋىزورلارنىڭ تەلەپ ـ تەقدىم سەھىپىسىدە تارقىتىلىۋاتقان لەتىپە ـ چاقچاقلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا ئەخمەت غوپۇر ئىسىملىك بىر ئاپتور «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «شائىرلارغا نەسىھەت» ناملىق ماقالىسىدا: «ھۆپۆپ شائىرلار» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىپ، شائىرلارغا ئوچۇق ـ ئاشكارا تىل سالدى. سۇلايمان قېيىۋم ئىسىملىك ئەدەبىيات كەسپى ئاسپرانتى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «سالاھىيەت كىرزىسى ۋە سىياسىي تەپەككۇر» ناملىق ماقالىسىدا ماقالىنىڭ تېمىسى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، گەپتىن ـ گەپ چىقىرىپ «شېئىرىي ھېسسىيات دېگەن شېئىر يازغاندا، قىزلارغا مۇھەببەت ئىزھار قىلغاندا، دوسلار ئارا قىزىقچىلىق قىلغاندا ئەسقاتقان بىلەن، دۇنيانىڭ مۇرەككەپ، نازۇك ئىشلىرىغا ئىنكاس قايتۇرغاندا ئەسقاتمايدۇ»، «بىز تەھلىل يۈرگۈزىۋاتقان بۇ ئەسەر (خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» ناملىق ئەسىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان رومان ياكى ھاياجان قوزغايدىغان شېئىر ئەمەس»، دېگەندەك ئەدەبىياتنىڭ رولى، جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئىچكى قانۇنىيىتىگە زىت ئورۇنسىز بىلجىرلاشلىرى بىلەن ئەدەبىياتنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ، «مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭ سىياسىي تەپەككۇر ئېڭىنى ئويغاتماقچى بولدى»، ئومۇمەن، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئورنى كۈچلۈك خىرىسقا، ئەدەبىياتچىلار ئازابلىق تاللاشقا دۇچ كەلدى. لۇشۈن ئەپەندى: «سۈكۈت ئىچىدە پارتلىمىساڭ، سۈكۈت ئىچىدە ھالاك بولىسەن»، دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. مېنىڭچە بىزنىڭ «ئەجرىمىزنى خەلق ھامان چۈشىنىدۇ» دېگەندەك ئۈمىدسىز ئۈمىدلەرنىڭ بەزلەشلىرىدە كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرۇپ، كەلگۈسىدىن باھا كۈتۈپ، سۈكۈت ئىچىدە ئىزىلىپ ئولتۇرماي، دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەدەبىيات ئاسىيلىرىنىڭ ئەدەبىياتنى خۇنۈكلەشتۈرىدىغان، سەتلەشتۈرىدىغان ھەتتا يوقۇتۇشقا ئۇرۇنىدىغان سەپسەتىلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلىپ، شۆھرىتىنى قايتا نامايەن قىلىدىغان، خاتا ھالدا يېتەكلىنىپ، ئەدەبىياتتىن يالتىيىۋاتقان، تەۋرىنىۋاتقان كىتابخانلىرىمىزنى ئىلمىي ئۇسۇلدا قايىل قىلىپ، ئەدەبىياتىمىز ئەتراپىغا قايتىدىن ئويۇشتۇرىدىغان، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسا ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتىكى ئەدەبىيات ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئورنى، رولى ۋە بۇرچىنى قايتىدىن تونۇپ، ئۆزىمىزگە توغرا باھا بېرىپ، مەۋقەنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېڭى مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. تۆۋەندە مەن بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى قاراشلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنماقچىمەن:

**1. ئەدەبىيات ـــ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، ئېھتىياجى، مەنىۋىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى.**

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى كىتابلىرىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق، ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولۇشى، زۆرۈرىيىتى ھەققىدە خىلمۇ خىل قاراشلار مەۋجۇت. بۇلاردىن بىرقەدەر تىپىك بولغانلىرى: ① ئەدەبىيات ـ سەنئەت دوراشتىن كېلىپ چىققان، ② ئويۇندىن پەيدا بولغان، ③ پىرخونلۇقتىن پەيدا بولغان، ④ ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ۋە يەتكۈزۈشتىن پەيدا بولغان، ⑤ ئەمگەكتىن پەيدا بولغان دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساسى بار. ئورتاقلىقى : ھەممىسىدە ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنغان. ئاجىزلىقى، ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتىپلىقىغا، ئىنكاسنىڭ پائالىيەتچانلىقلىقىغا سەل قاراپ، ئەدەبىياتنى بەكمۇ ئاددىيلاشتۇرىۋەتكەن ھەتتا

ئەگەر مەخسەتسىز بولساڭ ھېچ ئىش قىلالمايسەن.

چاكىنىلاشتۇرىۋەتكەن. مېنىڭچە، ئەدەبىيات — دۇنيانى، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان ئىنساننىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى — قايغۇ — شادلىقى، ئۇمىد — ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەش، ئورتاقلىشىش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان ھالدا پەيدا بولغان مۇرەككەپ پسىخىك پائالىيەتنىڭ يازغۇچى تەرىپىدىن ئىككىلىنىشى ۋە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ «ماددى ئادەم» دىن ئىجتىمائىي، سىياسىي ئادەمگە ئايلىنىش مۇساپىسى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز قاسىراق تاشلاپ، كوللېكتىپلىقتىن شەخسىيلىككە، ئېغىزاكىلىقتىن يازما شەكىلگە، ئۇنىۋېرساللىقتىن يەككىلىككە، بىرخىللىقتىن كۆپ خىللىققا، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا (ھەجىم جەھەتتىن) قاراپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە مۇستەقىل پەنگە ئايلاندى. ئۇ، بۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسى جەريانىدا ھازىر مۇستەقىل پەن سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىۋاتقان تارىخ، پەلسەپە، سىياسىي، ئېتىكا، قانۇن، جەمئىيەتشۇناسلىق، تېبابەتچىلىك، ئىلمىي نۇجۇم قاتارلىق تۈرلۈك پەنلەرنى ئۆز باغرىدا يېتىلدۈرۈپ، قانات — قۇيرۇقى يېتىلگەندە، ئۇچۇرما قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مىسلىسىز رول ئويناپ، ئانا پەنلىك، ئۇستاز پەنلىك ئورنىنى تىكلىدى. ئەدەبىيات پەيدا بولغاندىن باشلاپ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ھەمراسى ۋە روھىيەت مۇئەككىلى بولۇپ كەلدى. قايغۇ — خوشاللىقى، ئۇمىد — ئارزۇلىرى ۋە تەرەققىيات ئىزلىرىنى سەممىيلىك بىلەن خاتىرىلەپ، بىر پۈتۈن ئىدىيە تارىخىنى ياراتتى. گۈزەللىك، ياخشىلىق ئۆلچىمى بويىچە قەلبىنى لايىھىلىدى.

ئۇيغۇرلارمۇ مىللىي ئېتنىك گەۋدە سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولغاندىن باشلاپ، سەنئەتكە، ئەدەبىياتقا ھېرىسمەن، ھېسسىياتچان خەلق سۈپىتىدە ئەدەبىياتنى، سەنئەتنى سۆيۈش ۋە قەدىرلەشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇپ كەلدى. ئۇلار تۇغۇلىشىدىنلا دۇنيانى ئوبرازلىق چۈشىنىشكە ئۆگىنىلدى. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلاردىن تارتىپ، دۆلەت باشقۇرۇشقىچە (مەسىلەن: «قۇتادغۇ بىلىك») بولغان بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆلچىمى ئەدەبىيات ۋاستىسى ئارقىلىق شەرھلەندى. كىشىلەر گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق دىئالېكتىكىسىنى ئەدەبىيات ۋاستىسى ئارقىلىق ئوبرازلىق چۈشىنىپ، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئورتاق ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن شەخسنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى ئورنى ۋە رولىنى بېكىتىپ، پاكىز روھ بىلەن بىللە ياشاش ۋە ئورتاق تەرەققىي قىلىشنىڭ ئەندىزىسىنى ياراتتى. شۇ سەۋەبلىك ئەدەبىيات قەدىرلەندى، ئەدىبلەر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تۈۋرۈكى، مىللەتنىڭ يول باشچىلىرى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاندى. ئەمەلىيەتتە ھېسسىيات ئارقىلىق قەلبكە، ئەقىلگە تەسىر كۆرسىتىش بىلىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇنىڭ رولىنىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىنى ھازىرقى زامان ئىلىم ساھەسىمۇ قوللايدۇ. ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، ئىدىيە تارىخى (ھېچ دېمىسەكمۇ ئۇنىڭ يېرىمى) تېگى — تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات تارىخى بولۇپ، تونيۇقۇق، بۇددا سىڭا، كومۇراجىۋا، فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئەھمەد يەسەۋىدىن تارتىپ، لۇتفى، ناۋائى، سەئىدخان، ئابدۇرەشتخان، خاراباتى، ئابدۇرېھىم نىزارى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئەھمەد زىيائى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن، شەرىپىدىن ئۆمەر، ئىمىن



باش شائىر مەنتۇرسۇن يۇسۇپ ئىنھال «مۇھەببەت دەرياسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىغا مۇبارەك بولسۇن.

تۇرسۇنلارغىچە بولغان، جۇملىدىن ھازىرقى مەدەنىيەت دالاسىدا تېزگىن سىرىپ كېتىۋاتقان ئەسئەت سۇلايمان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئابلەت ئابدۇرېشىت پەرقى قاتارلىق ياشلارغىچە بولغان مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاۋۋال ئەدەبىيات ئاشىقى، ئۇندىن قالسا باشقا پەن ــ كەسىپلەرنىڭ ساھىبى ئىكەنلىكىدەك كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان رېئاللىق بۇنۇقتىنى پاكىتلىق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

دۇنيانىڭ ئېدولوگىيە ۋە مەدەنىيەت تارىخى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ قەدىمدىن تارتىپ، يېقىنقى زامانغىچە ھەتتا ھازىرغىچە دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىدىيە ۋە پەن ــ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاۋۋال ئەدەبىياتنى ئوت پىلتىسى قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان. مەسىلەن، 14 ــ ئەسىردىكى ياۋروپا ئويغىنىشى (ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسلىق شوئارى: گۇمانىزىم ــ ئىنسانپەرۋەرلىك بولۇپ، شۇندىن ئېتىبارەت ياۋروپا ئېدولوگىيىسى ئىلاھنى مەركەز قىلىشتىن، ئادەمنى مەركەز قىلىشقا كۆچكەن، «بىلىم ــ كۈچ» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ۋە جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە سانائەت ئىنقىلابىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان)، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، دۆلىتىمىزدە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ بېشىدا كۆتۈرۈلگەن «يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى» (ئەدەبىيات ئىنقىلابى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسلىق شوئارى: يېڭى ئەدەبىياتنى تەشەببۇس قىلىپ، كونا ئەدەبىياتقا قارشى تۇرۇش، يېڭى مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلىپ، كونا مەدەنىيەتكە قارشى تۇرۇش، يېڭى ئەدەبىي تىلنى تەشەببۇس قىلىپ، كونا ئەدەبىي تىلغا قارشى تۇرۇش بولۇپ، جۇڭگودا 2000 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن پېئوداللىق مەدەنىيەت ۋە ئەدەپ ــ قائىدىلەرنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، دېموكراتىك ئىنقىلابنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان)، شۇنداقلا مىللىتىمىز تارىخىدىكى 4 قېتىملىق گۈللىنىش ۋە بۇرۇلۇش دەۋرى، يەنى قاراخانىلار دەۋرى، سەئىدىيە دەۋرى، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ۋە مەرىپەت تەلەپلىرىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرى ۋە 80 ــ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 90 ــ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى نۇقسانلارنى، ئاجىزلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانىنى بەلگىلەشنى مەقسەت قىلغان مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن ئەدەبىيات ھادىسىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، بەدىئىي ئوبراز ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئاۋامنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ، كۈچلۈك جامائەت پىكرى توپلىنىپ، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئومۇمىي يۈزلىنىشكە ئايلانغاندىن كېيىن، ئاندىن سۈپەت ئۆزگىرىشى ياساپ، بىرخىل ئىدىيە، مەدەنىيەت ياكى سىياسىي ھادىسە سۈپىتىدە نامايان بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا پىشاڭلىق، تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئىجتىمائىي رولى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات كىشىلەرنىڭ ساغلام ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈش، كىشىلەرگە ئەقىل كۆرسىتىش، تۇرمۇش تەجرىبىسىنى موللاشتۇرۇش، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى پاكلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا، جەمئىيەتكە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بىلىش رولى جەھەتتە: ئەدەبىي ئەسەرلەر تۇرمۇشنى، كىشىلىك ھاياتنى، جەمئىيەتنى، تارىخنى كەڭ دائىرىدە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھايات ھەقىقىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كىتابخانلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق بىرتەرەپتىن، ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قاندۇرسا، يەنە بىر

تۈگمەن سۇدا چۆرگىلەيدۇ، داۋا پۇلدا (چۆرگىلەيدۇ).

تەرەپتىن، جەمئىيەت، تارىخ، تـۇرمـۇش ۋە
كىشىلىك ھايات توغرىسىدا خېلى مۇپەسـ
سەل بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. تۇرمۇش تەجـ
رىبىلىرىنى كۆپەيتىدۇ. تۇرمۇشنىڭ قانۇ-
نىيەتلىرىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭـ
قۇرلاشتۇرىدۇ. تىل بايلىقىنى ئاشـۇرىـدۇ.
تەپەككۇر، نۇتۇق ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىـ
نى يېتىلدۈرىدۇ ۋە ئۆستۈرىدۇ. مەسىلەن،
80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىـدىن بـاشـلاپ
ئېلان قىلىنىۋاتقان تارىخىي رومانلىرىمىز
ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزىـنىـڭ
ھەقلىق ئىگىلىرىدىن پىنھان تۇتۇلـغـان،
ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان، سەمەرىيلىك شۇنـ
داقلا كۆز يېشى بىلەن نەملەنگەن قاراڭغۇ
تارىخىمىزنى بىرـ بىرىگە ئۇلاپ كىتابـ
خانلار ئالدىدا قايتا نامايەندە قىلىپ، تونۇـ
گۇن بىلەن بۈگۈننى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇـ
تاشتۇرۇپ، كەلگۈسىمىزنى كۆرسـىتـىـپ
بەردى. كىتابخالار ھەربىر روماندىن خەلقىـ
مىزنىڭ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتىـكى
پاك، سەممىي روھىنى، تارىخ سەھنىسىدە
مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرۇش، مىللىتىمىزنى
بۈگۈنگە ئۇلاشتۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانـ
لىقلىرى، تۆلەنگەن بەدەللىرىنى ئـەقـىل
كۆزى بىلەن كۆرۈپ، يۈرۈكى بىلەن ھېس
قىلدى. ئومۇمەن، بۇ تارىـخـىي رومـانـلار
خەلقىمىزگە ئۆز تارىخىنى قايتىدىن تونۇتـ
تى. ئەگەر مۇشۇ تارىخىي رومانلار يېزىلمىـ
غان، ئېلان قىلىنمىغان بولسا، خەلقىمىز
ئۆز تارىخىنى ھازىرقىدەك چوڭقۇر ئىگىـ
لىيەمىدى؟

تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلار ئەدەـ
بىياتنىڭ بىلىش رولىنى ئېتراپ قىلغان ۋە
مۇنداق ھېكمەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتـكـەن:
«نەزىم كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، كىشىگە
كۆزىتىش، ئۆزئارا پىكىرلىشىش، ئەيىبلەش
پۇرسىتى بېرىدۇ. ئۆيدىكى ئىشلاردىن پاـ
دىشاھنىڭ ئىشلىرىغىچە بىلىش، قۇش،
ھايۋانات، گۈل ـ گىياھلارنىڭ نـامـىـنى
كۆپرەك بىلىش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ» (ـ
كۇڭزى)، «شائىر — چوڭلارنىڭ ئوقۇتقۇـ
چىسى» (ئارىستوفان)، «ھېكايىچىلار ئەزەلـ
دىن ئۆز زامانداشلىرىنىڭ كاتىپى بولۇپ
كەلدى» (بالزاك)، «ئەدەبىياتنىڭ ئەھمىيىـ
تى زور: ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئائىلە ئوقۇتقۇـ
چىسى» (بېلىنسكى)، «گېتى بىلەن شىـ
كىسپىر بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا بـاراۋەر» (ـ
گېرتسېن)، «ئەدەبىيات كىشىلـىك تـۇر-
مۇشنىڭ دەرسلىكى»، «ھازىرقى ئەنگلىـ
يىدىكى بىرتۈركۈم مەشھۇر يازغـۇچـىـلار
تەسۋىرلىرى جانلىق چىققان ئېسىل كىـ
تابلىرىدا دۇنياغا ئېچىپ بەرگەن سىياسىي
ۋە ئىجتىمائىي ھەقىقەت بارلىق كەسپىي
سىياسەتۋازلار، سىياسىي مۇھاكىمىچىلەر ۋە
ئەخلاقشۇناسلارنىڭ بىرلىكتە ئېچىپ بەر-
گەنلىرىدىنمۇ كۆپ» (ماركس)، «ئۇ ‹ بالـ
زاكنى دېمەكچى›، مۇشۇ مەركىزىي كارتىـ
نىنىڭ ئەتراپىغا فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ
پۈتۈن تارىخىنى يىغدى. مېنىڭ بۇنىڭدىن،
ئاساسلىقى ئىقتىسادقا دائىر تەپسىلاتلاردىن
ئۆگىنىۋالغانلىرىم شۇ چاغدا بارلىق كەسـ
پىي تارىخشۇناسلار، ئىقتىساسشۇناسلار ۋە
ستاتىستىكاشۇناسلاردىن ئۆگىنىۋالغانلىـ
رىمدىنمۇ كۆپ بولدى» (ئېنگېلس)، «ـ
ئەدەبىيات بىر تۈرلۈك سەنئەت بولۇش سۈـ
پىتى بىلەن مۆجىزە يارىتالايدۇ، يەنى ئىنىـ
سانلارنى ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى بىـلـەنـلا
چەكلەنمەستىن، باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىـ
نى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىـگـە
قىلىدۇ ... گەرچە دەۋرىمىزدە كىشىلەرنىڭ
نەزەردە كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كېـ
ڭەيگەن، ھەممە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان
بولسىمۇ، بىراق، بىر قىسىم دۆلەت، بـىـر
قىسىم رايونلاردا مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن،
بەزىدە بىر نەچچە ئەسىردىن كېيىن ئىنىـ
سانلار ئىلگىرى سادىر قىلغان خاتالىـقـلار
تەكرارلانماقتا، بىر قىسىم مىللەتلەر ئىلـ
گىرىكى خاتالىقلىرىنى تۈزىتىۋاتقاندا، بىر
قىسىم مىللەتلەر ئۇلار ئىلگىـرى سـادىـر
قىلغان خاتالىقلارنى سادىر قىلماقتا. بۇخىل
ئەھۋالنى ئۆزىمىز قولغا كەلتۈرگەن تەجرىـ
بىلەر ئەمەس، بەلكى سەنئەتنىڭ بىر تۈرى


دوستلىرىڭىزنىڭ خۇشاللىقى سىزگە ئازاپ ئېلىپ كەلسە ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېسابلىماڭ.

بولغان ئەدەبىياتلا ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ مۇنداق بىرخىل ئاجايىپ ئالاھىدىلىكى بار، يەنى ئوخشىمىغان تىل، ئۆرپ ـ ئادەت، ئىجتىمائىي تۈزۈم ئارقىلىق پۈتۈن مىللەتنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسىنى باشقا بىر مىللەتكە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، نەچچە ئون يىللىق تەجرىبىسىنى بۇ ئىشلارنى باشتىن كەچۈرمىگەن باشقا بىر مىللەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق شۇ مىللەتنىڭ تۈيۈق يولغا، ھەتتا ھالاكەت يولىغا مېڭىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش خاتالىقنى تەكرارلىشىنى ئازايتىدۇ ...ئۇنىڭدىن باشقا ئەدەبىياتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىنسانلارنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان تەجرىبىلىرىنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرىدۇ، ئەدەبىيات مىللەتنىڭ يوقۇتۇپ قويغان تارىخىنى بۇرمىلىمىغان، ھاقارەت كەلتۈرمىگەن ھالدا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ داۋاملاشتۇرىدۇ. دېمەك، ئەدەبىيات بىلەن تىل مىللەتنىڭ روھىنى ساقلاپ قالىدۇ» (سولژېنىتسىن).

ئومۇمەن، ئەدەبىياتنىڭ بىلىش رولى زور بولۇپ، ئۇ تارىختىن بۇيان، بولۇپمۇ ئۇچۇر تارقىتىش ۋاستىلىرى تەرەققىي قىلمىغان ئەينى زامانلاردا ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە چۈشىنىشتىكى ئاساسلىق كۆزنىكى بولۇپ قالغان. نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نۆۋەتتىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىجتىمائىي بىلىمى ۋە تۇرمۇش بىلىمىنىڭ كەمچىل، تىل، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىز، مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئۇزۇقلىنىشىنىڭ كەمچىل بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەگەر ئۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوقۇپ تۇرمۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى خالىسىلا، ئۆزىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تېزلا تولۇقلاپ «مۇكەممەل ئادەم» بولۇش نىشانىغا يېقىنلىشالايدۇ.

تەربىيىۋى رولى جەھەتتە: ئەدەبىياتنىڭ بىلىش رولى كىشىلەرگە دۇنيانىڭ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرسە، تەربىيىۋى رولى قانداق ياشاش، قانداق ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى ئۆگىتىدۇ. يازغۇچى مەلۇم بىرخىل دۇنيا قاراش ۋە ئىجادىيەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇ ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تەسۋىرلەش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا، جەمئىيەتكە بولغان باھاسىنى، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ، مىللىي ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە ئادىمىيلىك ئۆلچىمىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىدۇ. كىتابخانلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش جەريانىدا ھەرخىل خاراكتېر ۋە كەچۈرمىشلەرگە ئىگە پېرسوناژلارنىڭ ئەگرى ـ توقاي تۇرمۇش مۇساپىسىدىن ھايات ھەقىقەتلىرىنى بايقاپ، ئۇنى ئۆزىگە تەدبىقلايدۇ، ھەق ـ ناھەق، ياخشىلىق ـ يامانلىق ۋە ئەخلاق تۇيغۇسى ئورغۇپ، تۇرمۇش مۇھىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە قەلبىنى ئادىمىيلىك ئۆلچىمى بويىچە لايىھىلەش جاسارىتى ئاشىدۇ. بۇ ھەقتە گوركى مۇنداق دەيدۇ: «ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتى ئادەمنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش، ئادەمنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش، ھەقىقەتكە ئىنتىلىش تەلپىنى قوزغاش، ئادەمنى كىشىلەر ئارىسىدىكى يامان ئادەتلەرگە قارشى كۆرەشكە ئاتلاندۇرۇش ھەمدە كىشىلەر ئارىسىدا ئىنسان تەبىئىتىگە ياتىدىغان نەرسىلەرنى تېپىشقا ماھىر قىلىشتىن ئىبارەت. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە نومۇس، غەزەب ۋە باتۇرلۇق تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ، بارلىق ئاماللار بىلەن كىشىلەرنى تېخىمۇ ئالىيجاناب، تېخىمۇ قۇدرەتلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىغا مۇقەددەس گۈزەللىك روھى ئارقىلىق ئىلھام بېرىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت». ئومۇمەن، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا تەسىر قىلىش، روھىنى پاكلاشتۇرۇش، ئادىمىيلىك ئۆلچىمى بويىچە

قەلبىنى لايىھىلەش، تۇرمۇش مۇھىتىنى
ئۆزگەرتىش، جاسارىتى ۋە ئىرادىسىنى ئا-
شۇرۇش كۈچى يەنى تەربىيىۋى رولى كەۋ-
دىلىك بولۇپ، ھەرقانداق بىر پەن ياكى
مۇئەسسە، ئۇنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. مەن
ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولىنىڭ ئەمەلىي
تەسىرى زادى قانچىلىك دېگەن مەسىلە
ھەققىدە ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇشنى ئادەت
قىلغان، جەمئىيەتتىكى ئابروي ـ ئىناۋىتى
يۇقىرى بىرقانچە كىشىنى زىيارەت قىلدىم:
«سىز ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ نېمىلەر-
گە ئېرىشتىڭىز» دېگەن سوئالىمغا ھەم-
مەيلەن خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا «ئەدە-
بىيات ماڭا ئادەم بولۇشنىڭ، ياشاشنىڭ يو-
لىنى ئۆگەتتى، ئەگەر ئەدەبىيات بولمىغان
بولسا، مېنىڭ بۈگۈنۈم ــ بۈگۈنكى ئابروي
ـ ئىناۋىتىم بولمىغان بولاتتى»، دەپ جا-
ۋاب بېرىشتى. مېنىڭچە نۆۋەتتىكى جەم-
ئىيىتىمىزدىكى ئەخلاقىي چىركىنلىكلەر-
نىڭ سەلدەك يامراپ كېتىشى كىشىلەرنىڭ
ئەدەبىياتتىن (روھتىن) يىراقلىشىپ، ماد-
دىيەتكە بېشىچىلاپ كىرىشىپ كېتىشى
بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ
ئەڭ ئۇنۇملۇك دورىسى كىشىلەرنى ئەدەبى-
يات دۇنياسىغا قايتىدىن باشلاپ كىرىشتىن
ئىبارەت. بىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك
ئەجدادلىرىمىز بۇ نۇقتىنى ئاللا بۇرۇن
ھېس قىلغان ھەمدە ئەدەبىياتنىڭ تەربى-
يىۋى رولىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ
سەرپ قىلىپ، ئۇنى خەلقىنىڭ ئائىلە مەك-
تىپىگە ئايلاندۇرغان. بىز ھازىر قوللىنىپ
كېلىۋاتقان «ئەدەبىيات » ئاتالغۇسى ئەخلاق
ـ قائىدە مەنىسىدىكى «ئەدەب» سۆزى
بىلەن تەربىيە مەنىسىدىكى «ئىيات» سۆ-
زىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ،
بىرچە «ئەخلاق تەربىيىسى ھەققىدىكى
پەن» ياكى «ئەخلاق تەربىيىسى» دېگەن
مەنىنى بېرىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەدە-
بىياتنىڭ تەربىيىۋى رولىنى گەۋدىلەندۈرۈ-
دىغان بىر تۇرلۇك پاكىت بولالايدۇ.
ئېستېتىك رولى جەھەتتە: «ئىنسانلار

گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىجاد قىلى-
دۇ» (ماركس) گۈزەللىكنى بىلىشنىڭ ئالىي
شەكلى بولغان ئەدەبىياتمۇ گۈزەللىك قانۇ-
نىيىتى بويىچە يارىتىلىدۇ. كىشىلەر ئەدە-
بىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش جەريانىدا گۈزەل
نەرسىلەردىن ھۇزۇرلىنىدۇ، سەتلىكتىن
يىرگىنىدۇ. گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىشمۇ
بىرخىل ئىقتىدار بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەت
جەريانىدا تەربىيە شەكلى ئارقىلىق تەدرى-
جى شەكىللىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ گۈزەل-
لىكتىن ھۇزۇرلىنىش ئىقتىدارى بىلەن
گۈزەللىك يارىتىش ئىقتىدارى بىردەكلىك-
كە ئىگە بولۇپ، ھۇزۇرلىنىش ئىقتىدارى
يۇقىرى بولسا، تەبىئىي يوسۇندا گۈزەللىك
يارىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ، سەت-
لىك، رەزىللىك بىلەن كۈرەش قىلىش
ئىرادىسى كۈچلۈك بولىدۇ. ھالبۇكى، ئەدە-
بىيات ـ سەنئەت كىشىلەرنىڭ گۈزەل-
لىكتىن ھۇزۇرلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىل-
دۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك شەكلى ۋە ۋاس-
تىسى بولۇپ، باشقا ھەرقانداق پەن ئۇنىڭ
ئورنىنى ئالالمايدۇ. ئومۇمىيلاشتۇرغاندا،
ئەدەبىيات ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ
مەھسۇلى، ھاياتلىقنىڭ ئېھتىياجى، مەنىۋى
ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئۇ قانداقتۇر
بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدىغان پەن ئە-
مەس!

**2. ئەدەبىياتنىڭ ئورنى ۋە رولىنىڭ
تۆۋەنلىشى ۋاقىتلىق ھادىسە، شۇنداقلا
نورمال ئەھۋال بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەددى-
دىن زىيادە قورقۇپ كېتىشكىمۇ، سەل قا-
راشقىمۇ بولمايدۇ.**

ئەدەبىيات ئىنساننىڭ ياشاش شەكلى.
ئىنساننىڭ ئېھتىياجى ئىككى تۈرلۈك بو-
لىدۇ: بىرى، ماددىي ئېھتىياج، يەنە بىرى
مەنىۋى ئېھتىياج بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى
ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. بىزدە «توقلۇقتىن
شوخلۇق چىقىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار.
بۇ ماددىي ئېھتىياج قانغان ھامان، تەبىئىي
ھالدا مەنىۋى ئېھتىياج كېلىپ چىقىدۇ.
ئۇنى توسىۋالغىلى بولمايدۇ، دېگەنلىكتىن

www.uyghurkitap.com

ئىبارەت. بىز ھازىر كۆچنى مەركەزلەشتۈ-
رۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋا-
تىمىز، قازانغان نەتىجىلىرىمىزمۇ ئاز ئە-
مەس. گەرچە مەركەز «ئىككى قولدا چىڭ
تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش»
فاڭجېنىنى بېكىتكەن بولسىمۇ، ئىجرا
قىلىش جەريانىدا بىرقول قاتتىق، يەنە
بىرقولدا يۇمشاقراق بولىۋاتىدۇ. دۇنيا ئەدە-
بىيات تارىخىدا ئىقتىساد گۈللەنگەن مەز-
گىللەردە ئەدەبىياتتا چېكىنىش بولغان،
ئەكسىچە ئىقتىساد خارابلاشقان مەزگىل-
لەردە ئەدەبىياتتا كۆتۈرۈلۈش، گۈللىنىش
بولغان (مەسىلەن، تارىخىمىزدىكى خوجىلار
دەۋرى ۋە ھازىرقى زامان دەۋرى ئەدەبىياتى-
دەك) ئەھۋاللارمۇ كۆپ قېتىم كۆرۈلگەن.
ماركس: «ئادەملەر ياشىشى ئۈچۈن ئاۋۋال
يېيىشى، كىيىشى، تورالغۇغا ئىگە بولۇشى
لازىم. بۇ شەرت ئادا قىلىنغاندىن كېيىن
ئاندىن مەنىۋى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇل-
لىنالايدۇ»، دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.
نۆۋەتتە خېلى بىرقىسىم كىشىلىرىمىزدە
ئالدىنقى شەرت ھازىرلانغان بولسىمۇ، لې-
كىن، كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىزدە ھې-
لىھەم ھازىرلىنىش باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ.
بۇ شەرتلەر ھازىرلانغان ھامان، مەنىۋى
ئېھتىياجنىڭ تۇغۇلىشى مۇقەررەرلىك بو-
لۇپ، مېنىڭ، نۆۋەتتىكى ئەدەبىياتنىڭ
ئورنى ۋە رولىنىڭ تۆۋەنلىشى ۋاقىتلىق
ھادىسە دېگىنىم مۇشۇنىڭغا قاراپ ئېيتىل-
غان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىيات تەرەق-
قىياتى بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتى
ۋاستىلىك مۇناسىۋەت. ئەدەبىيات تەرەق-
قىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق
ئامىللار قانداقتۇر بىر قىسىم كىشىلەر
ئويلىغاندەك ئىقتىساد بولماستىن، بەلكى،
ئىقتىسادىي بازىس ئاساسىدا ئۆسۈپ يې-
تىلگەن سىياسىي، قانۇن، پەلسەپە، ئەخلاق،
دىن قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسى-
ۋەتلەر بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي
پسىخىكىسىنى بەلگىلەيدۇ. دەل مۇشۇ
ئىجتىمائىي پسىخىك ئامىللار ئەدەبىيات ـ
سەنئەت ئىجادىيىتىگە بىۋاسىتە شەرت قو-
يۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى بەل-
گىلەيدۇ. ئۇندىن باشقا ئەدەبىياتتىكى
ۋارىسچانلىق، ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر
ئېقىملىرى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ
بىۋاسىتە رولىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قى-
لىشقا بولمايدۇ. ئومۇمىيلاشتۇرغاندا، بىز
ئىقتىسادنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققى-
ياتىنىڭ بىردىن ـ بىر بىۋاسىتە ئامىلى،
دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم. لېكىن، شۇنى
ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى ئىقتىساد
ھەر قانداق ئەھۋالدا ئەدەبىيات تەرەققىياتى-
نىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئامىلى
بولىدۇ، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى مۇئەييەن
ئىقتىسادنى ئاخىرقى مەنبە قىلىدۇ. بۇنى
مۇنداق ئىككى جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە
بولىدۇ: 1) مۇئەييەن دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ
تەرەققىياتى شۇ دەۋردىكى ئىقتىسادنىڭ
يۈكسىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. بۇنداق
ئەھۋالدا، مۇئەييەن دەۋردىكى ئىقتىسادنىڭ
تەرەققىياتى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى بى-
لەن تەكشى، بىردەك بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ
گۈللىنىشى ئىقتىسادنىڭ گۈللەنگەنلىكى-
نىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چى-
قىدۇ. 2) مۇئەييەن دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ
تەرەققىياتى شۇ دەۋردىكى ئىقتىسادنىڭ
تەرەققىيات تەلىپىنىلا ئەكس ئەتتۈرىدۇ.
بۇنداق ئەھۋالدا ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشى
ھەمىشە ئىقتىساد گۈللەنگەن دەۋردىلا بار-
لىققا كەلمەستىن، بەلكى ئىقتىساد بىر قە-
دەر ئارقىدا قالغان دەۋرلەردە بارلىققا كېلى-
دۇ ...ئەدەبىيات تەرەققىياتى بىلەن ئىقتى-
سادىي تەرەققىياتتىكى تەكشىسىزلىك ھا-
دىسىسى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ مۇقەر-
رەر قانۇنىيىتى بولۇپ، ئۇ تارىختىن بۇيان
قايتا ـ قايتا ئوتتۇرىغا چىقىپ كەلگەن. ئا-
لاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇ-
كى، ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئىبارەت بۇ
ئۇزاق جەرياندا مەيلى سەنئەت ئىشلەپچى-
قىرىشى ياكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش
بولسۇن ھەممىسى مۇناسىپ ھالدا ئالغا قا-

قورقۇنچاقنىڭ جاڭجىلى ئۇزۇن بولىدۇ.

راپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. شۇڭا بۇخىل
تەكشىسىزلىك تەرەققىي قىلىش جەريانى-
دىكى تەكشىسىزلىك بولۇپ، ئۇنى ئالاھىدە
قانۇنىيەت ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيات —
سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ بىر ئاساسىي قا-
نۇنىيىتى، دەپ قاراش كېرەك. نۆۋەتتىكى
ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى تۇر-
غۇنلۇقنىڭ سەۋەبىنى نوقۇل ھالدا ئىقتى-
سادتىن ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى، ئىجتىما-
ئىي مۇناسىۋەتلەر قاتلىمىدىن، يېڭى ئىج-
تىمائىي مۇناسىۋەتلەر تەسىرىدە كېلىپ
چىققان ئىجتىمائىي پسىخىك ئامىللار،
ۋارىسچانلىق، ئەدەبىيات — سەنئەت پىكىر
ئېقىملىرى، يازغۇلاچىلارنىڭ ئۆزى ۋە باش-
قىلاردىن ئىزدىسەك تېخىمۇ مۇۋاپىق بولى-
دۇ. مېنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ئورنى ۋە رولىنىڭ
تۆۋەنلىشى نورمال ھادىسە دېگىنىم مۇشۇ-
نىڭغا قاراپ ئېيتىلغان. لېكىن، ئەدەبىيات
ئىنسانىنىڭ ياشاش شەكلى، ھاياتلىقىنىڭ
ئېھتىياجى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەمئى-
يەت تەرەققىياتى بىلەن ماس قەدەمدە تە-
رەققىي قىلىش لازىم. كىشىلەرنىڭ ماددىي
ئېھتىياجىنىڭ قېنىشىنى كۈتۈپ ۋەياكى
باشقا سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئەدەبىياتنىڭ
تەرەققىياتىنى ۋاقىتلىق توختىتىپ تۇ-
رۇشقا، ساقلاپ تۇرۇش، كۈتۈش پوزىتسى-
يىسىدە بولۇشقا بولمايدۇ. ئەكسىچە بارلىق
ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، جەمئى-
يەت تەرەققىياتى بىلەن ماس ھالدا تەرەققىي
قىلدۇرۇشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ئۈستىدە
ئىزدىنىشىمىز لازىم. ھالبۇكى بۇ مەقسەتكە
يېتىش ئۈچۈن، نۆۋەتتىكى ئەدەبىياتىمىز-
نىڭ رولى ۋە ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشىگە سە-
ۋەب بولۇۋاتقان كونكرېت سەۋەبلەرنى تې-
پىپ چىقىپ، كېسەلگە قاراپ دورا بېرىش
تولىمۇ زۆرۈر.

مېنىڭچە ئەدەبىياتىمىزنىڭ رولى ۋە
ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولۇۋاتقان
كونكرېت سەۋەبلەرنى تۆۋەندىكىچە كۆر-
سىتىش مۇمكىن:

**1) ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر**

① بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ
تەسىرىدە پەيدا بولغان ئىجتىمائىي پسى-
خىك ئامىللار، جۈملىدىن، روھىي قورغاق-
لىق. مەلۇمكى بازار ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ
چوڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلەپ-
چىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە
ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى رولىنى ھېچكىم
ئىنكار قىلالمايدۇ. ھەرقانداق بىر كۈچ ئۇ-
نىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. ھەم ئېلىشىمۇ
مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، بىز بازار ئىگىلى-
كىنى بىرخىل تۈزۈلمە شەكلى سۈپىتىدە
ئەمەس، بەلكى نەسلى — ۋەسلىمىز، بار-
لىقىمىز سۈپىتىدە چۈشەندۇق. بۇنىڭدىن
مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈ-
سۈپ خاس ھاجىپ: «مۇكەممەل جەمئىيەت
قانۇن، ئەخلاق ۋە ئەقىل — بىلىم ئۈستىگە
قۇرۇلىدۇ، قانۇن — جەمئىيەتنى يۆلەپ
تۇرىدىغان تۈۋرۈك، ئەخلاق جەمئىيەتنىڭ
ئىچكى بۆلەكلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان رىش-
تە، بىلىم قانۇننىڭ ئىشقا ئېشىشىنى،
ئەخلاقنىڭ ھۆرمەتكە ئېرىشىشىنى كاپالەت-
لەندۈرىدىغان تۈپ ئاساس»، دەپ شەرھلەپ،
بىزنىڭ ياشاش ئۇسۇلىمىز ۋە مەنزىلىمىزنى
كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى. لېكىن، بىز بازار
ئەمەلىيىتى جەريانىدا بۇ ئەنگۈشتەرلەرنى
قارا قويۇق بىرياققا چۆرۈۋېتىپ، ئىقتىساد
قاينىمىغا بېشىمىزچىلاپ كىرىشىپ كەت-
تۇق. نەتىجىدە روھىمىز كۈنسايىن قور-
غاقلىشىپ، مۇكەممەللىككە ئەمەس، ئىپتى-
دائىلىققا، قوپاللىق قىلىپ ئېيتقاندا، نوقۇل
ھالدىكى «ماددىي ئادەم» لىككە — ياۋايى-
لىققا قاراپ چېكىندۇق. جەمئىيەتتە ئەج-
دادلىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تە-
رەققىيات جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئې-
سىل مىللىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە يات
ھالدىكى شەخسىيەتچىلىك، پۇلپەرەسلىك،
ئەمەلپەرەسلىك، نامەرتلىك، ساختىپەزلىك،
سەمىمىيەتسىزلىك، ۋاپاسىزلىق، مەسئۇلى-
يەتسىزلىك، قاتارلىق ئەخلاقىي چىرىكىن-
لىكلەر ھەدەپ باش كۆتۈرۈپ، «مەزمۇن ۋە
شەكىل جەھەتتە» ئۆزلۈكسىز تەرەققىي

قىلىپ، مىللەتنىڭ روھىنى يېتەرلىك بۇلغىدى. ئەدەبسىزگە ئەدەب ھەققىدىكى ئۈگۈت — نەسىھەتلەر خوشياقمىغاندەك، روھى قۇرغاق كىشىلەرگە ياشاشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، قەلبىنى ئادىمىيلىك پەزىلىتى بويىچە لايىھىلەپ ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئەدەبىيات، جۈملىدىن ئەدەبىي ئەسەرلەر تازا خۇش يېقىپ كەتمىدى. ② زامانىۋى ئۇچۇر تارقىتىش ۋاستىلىرى ئەدەبىياتنىڭ تارىختىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا جەڭ ئېلان قىلدى. ئىلگىرى 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا قەدەر كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ شەكلى ئاددىي، مەزمۇنى تار بولۇپ، ئېستېتىك ئېھتىياجىنى ئاساسەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق قاندۇرۇپ كەلگەن، ئومۇمەن، ئەدەبىيات خەلقنىڭ روھىي تۇرمۇشىنىڭ مەركىزىي بولغانىدى. تېلېۋىزور، ۋىيىسدى، تور قاتارلىق زامانىۋى ئۇچۇر تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئومۇمىيلىششىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى كۆپ خىللاشتى، قولايلاشتى، ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىر پارچە رومانىدىن ئالىدىغان ئېستېتىك زوقنى بىر، ئىككى قىسىملىق تېلېۋىزيە تىياتىرىدىن ئالالايدىغان بولدى. (بۇ جەھەتتە زامانىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تېز، شاللاق تۇرمۇش رېتىمىغا ئاكتىپ ماسلاشتى)، كىشىلەرنىڭ يازغۇچى ـ شائىرلارغا ۋە ئۇلار ياراتقان ئەدەبىي ئەسەرلەرگە بولغان ئېھتىياجىدا تۆۋەنلەش بولدى. كىتابخانىلار قوشۇنى زور دەرىجىدە تارايدى. ③ مائارىپتىكى بىرتەرەپلىمە ھالدىكى خاتا يېتەكلەش يېڭى كىتابخانىلار قوشۇنىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى بوغۇپ قويدى. ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكى يېنىك ئىدى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكلىشى ۋە ئائىلىنىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپ رومان ئوقۇشقا كىرىشىپ، ياخشى بولغان كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرەتتى. بۈنىڭغا يېتەرلىك ۋاقىتمۇ، مۇھىتمۇ بار ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكى كۈنسايىن ئېغىرلاپ، تېخى تولۇق ساۋاتى چىقىپ بولالمىغان باللارغىمۇ 7 & خىل كىتاب ـ ماتېرىيال يۈتتەتىپ، ھەممىسىدە تاپشۇرۇق ئىشلەش تەلەپ قىلىنىدىغان بولدى. ئەڭ قاملاشمىغىنى شۇكى، مەكتەپتىن تارتىپ، باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغىچە ھەممەيلەندە خەنزۇ تىلى بىلەن ماتېماتىكىغىلا كۆچەپ، باشقىلىرىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە سەل قاراش خاھىشى باش كۆتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش ئىقتىدارى ۋە ئادىتىنىڭ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىندى. ھازىرقى ئەدەبىيات كىتابخانىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى 25 ياشتىن يۇقىرىلار بولۇپ، تۆۋەنلىرىدىن ـ ياشلار ئارىسىدىن، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنغانلىرىدىنمۇ بىرەر پارچە رومانىنى تۈگىتىپ ئوقۇپ باققانلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ئېنىقكى، بۇھال ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى كىتابخانىلار قوشۇنىغا سەلبى تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. ④ جاپالىق ئىزدىنىشلىرى بەدىلىگە 80 ـ ، 90 ـ يىللار ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقان پېشقەدەملىرىمىزنىڭ خېلى بىرقىسمى ئالەمدىن ئۆتتى. بىرقىسمىلىرىنىڭ يېشى چوڭىيىپ، قەلىمى ھاردى. ئەدەبىياتىمىز قوشۇنىدا قىسمەن ئۈزۈكچىلىك كۆرۈلدى.

### 2) سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر

① كەسپلەرنىڭ تەقسىمات شەكلىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەدەبىياتقا تۇتقان پوزىتسىيىسى يازغۇچىلارنىڭ ئېڭىغا كۈچلۈك تەسىر قىلدى. يازغۇچىلار شۇنچە جاپا تارتىپمۇ يەنىلا جەمئىيەتتىن تېگىشلىك نەپ ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشەلمىگەچكە، ئىرادىسى بوشىشىپ، ئىككىلىنىدىغان، ھەتتا قېيداپ قەلىمىنى

تاشلاپ قويىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. ئۆ-
زىنى بېغىشلاش روھى سۇسلاشتى. ②
يازغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە پېدا-
كارلىق روھى سۇسلاشقان بولغاچقا، ئىزدى-
نىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى كەمچىل
بولدى. قول ئۇچىدا ئەسەر يازىدىغانلار، ئى-
زىغا سەكرەيدىغانلار كۆپىيىپ، كىتابخان-
لارنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىنى تولۇق
قاندۇرالمىدى. ③ بىرقىسىم يازغۇچىلار
رېئاللىققا توغرا قارىيالمىدى. تۇرمۇش ئۆ-
گىنىشكە، بىلىم ۋە بەدىئىي ئىقتىدارنى
يېڭىلاشقا، يۇقىرى كۆتۈرۈشكە سەل قاراپ،
زامانىۋى تۇرمۇش رېتىمىغا ئىچكىرلەپ
كىرەلمىدى، ماسلىشالمىدى. تاختا بېشىدىن
چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئېنىقراق
قىلىپ ئېيتقاندا، يازمىلىرى ۋە جاھانىنىڭ
نەدە كېتىپ بېرىۋاتقانلىقى بىلەن ھېساب-
لاشماي، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، نەتىجىسىنى
پەش قىلىپ، ھۆرمەت ـ تون تەماسىدە
بولدى. بۇ بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ دونكى-
خوتلارچە قىلىقلىرى كىشىلەرنى بىزار
قىلىپ، يازغۇچىلار قوشۇنى ۋە ئەدەبىياتى-
مىزنىڭ ئىناۋىتىگە زور دەرىجىدە سەلبى
تەسىر كۆرسەتتى.

## قانداق قىلىش كېرەك؟

1) ئالدى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئورنىغا
ئوبىيېكتىپ، ئادىل باھا بېرىپ، مەۋقەسىنى
مۇقىملاشتۇرۇشىمىز لازىم. ئەدەبىياتنىڭ
ئورنىدا تۆۋەنلەش بولۇۋاتقانلىقى ئوبىيېك-
تىپ رېئاللىق. ئۇنى يوشۇرۇپمۇ، پەردازلاپ-
مۇ بىر ياققا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.
بىزدە «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈمى ئاش-
كارا بولىدۇ»، دەيدىغان ھېكمەت بار. شۇڭا
تېخىمۇ كۆپ، چوڭ زىياندىن ساقلىنىش
ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ ئاچچىق
رېئاللىقنى دادىل ئېتىراپ قىلىشىمىز لا-
زىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يېزىق-
چىلىق ئىقتىدارى ۋە نەشر ئەپكارلىرى
جەھەتتىكى ئۇستۇنلىكىمىزدىن پايدىلى-
نىپ، ئەدەبىياتنى كەمسىتىدىغان، چۆكتۈ-
رىدىغان، پەسلەشتۈرىدىغان ھەر قانداق
سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە ئىلمىي يوسۇندا
كەسكىن رەددىيە بېرىپ، ئۇسەك سۆزلەرنىڭ
يامان تەسىرىنى تازىلاپ، ئەدەبىيات ۋە ياز-
غۇچىلار ئوبرازىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى كا-
پالەتلەندۈرۈپ، ھۆسنىنى جۇلالاندۇرۇشىمىز،
شۇنىڭدەك ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىچە خىس-
لەتلىرىنى يېڭى رېئاللىق نۇقتىسىدىن
ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈپ ۋە تەشۋىق
قىلىپ، تېزىپ كەتكەن كىتابخانلىرىمىزنى
ئەدەبىيات ئەتراپىغا قايتىدىن يىغىشىمىز ۋە
يېڭى كىتابخانلار قوشۇنىنى زور كۈچ بى-
لەن يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. كونىلاردا «ئى-
خېرىدارىڭ بولمىسا زىبالىقىڭ نە ئەتىۋار»
دەيدىغان ھېكمەت بار. ياخشى ئەسەرلەرنى
كۆپلەپ يازغىنىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئوقۇر-
مەنلىرى بولمىسا، ئېنىقكى بۇنداق ئەسەلەر
ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلالمايدۇ.

2) يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىز ئەدەبى-
ياتنى ئىلاھىي مۇئەللەق ئەمەس، بەلكى،
بىرخىل زۆرۈر پەن ـ كەسىپ سۈپىتىدە
تونۇشى، رېئاللىققا ئاكتىپ يۈزلىنىپ، كى-
بىر ـ تەمانىنانى تاشلاپ، تاختا پەرىدىن
چۈشۈپ، كىشىلەر ئارىسىغا، تۇرمۇش قوي-
نىغا قايتىپ كېلىشى لازىم. ئۆزى شۇغۇل-
لىنىۋاتقان ئىشنى ئارتۇقچە ئېلاھلاشتۇرۇ-
ۋېتىش چاكىنىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. يازغۇ-
چىلارنىڭ ئاۋام قوينىدا ياشىشى ئەمەلىيەتتە
ئىجادىيىتىگىمۇ، ئەدەبىياتقىمۇ پايدىلىق.

3) ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى
ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە داۋام-
لىق ئىزدىنىش، ئەدەبىيات ۋاستىلىرى-
نىڭمۇ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتى-
شىمىز لازىم. ھازىر ياشلارنىڭ كۆپ قىسمى
تورغا كىرىدۇ. گەرچە ھازىرغىچە ئېچىلغان
ئۇيغۇرچە قىسمەن تور بەتلىرىدە بىر قى-
سىم ئەدەبىي ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىپ،
ئوقۇرمەنلەرنى قىزىقتۇرۇپ كېلىۋاتقان
بولسىمۇ، لېكىن، سانى ئاز، ئىملا خاتالىقى
كۆپ، لايىھىلەش سۈپىتى تۆۋەن، ئادەمنى
ئەيمەندۈرگىدەك داملار قويۇلغان ئەدەبىيات
تور بەتلىرى لايىھىلەنگەنۇ، ئاچسا ئىچى
قۇپقۇرۇق. مېنىڭچە ژۇرناللارنىڭ ئەسەرلى-
رىنى توردىمۇ ئېلان قىلىشنى سىناق قى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىپ باققىنى ياخشى. (بەزى ژۇرناللار شۇنداق قىلدى) ئۇ كىتابخانلار قوشۇنىنى كۆپەيتىشكە پايدىلىق. دەرۋەقە ژۇرناللار ئەسەرلىرىنى تورغا كىرگۈزسە، ژۇرناللارنىڭ تىراژىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. لېكىن، تورمۇ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدىغان بولغاچقا، ئۇزاق مۇددەتلىك پايدىنى كۆزلىگەندە، يەنىلا ژۇرناللارنىڭ توردا ئېلان قىلىنىشى، ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق. بىز ئادەمنى كىيىمگە ئەمەس، كىيىمنى ئادەمگە ماسلاشتۇرۇش يولىدا ئىزدىنىشىمىز لازىم.

4) يازغۇچى ـ شائىرلىق پىداكارلىق، ئۆزىنى بېغىشلار روھى ۋە مىننەتسىز ئەجىر تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق كەسىپ. تارىختىن بۇيان نامدار ئەدىبلەر تەمە ۋە مەنئەتتىن خالىي نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئىستىگەن ۋە ئادەت قىلغان. پۇل ـ پېچەك ۋە ئاللىكىملەرنىڭ مەئىشەتلىرىگە ئارتۇقچە ھەۋەس قىلىپ، كۆز قىزارتىپ كەتمىگەن. بۇ جەھەتتە دېگىنىگە ئۆزى ئەمەل قىلىپ، ئاۋامغا ئۈلگە بولغان. بىز شۇلارنىڭ ۋارىسلىرى! دەرۋەقە يازغۇچىمۇ ئادەم، بىر ئائىلىنىڭ بېشى، تۆۋرۈكى، ئۇمۇ بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىشى، باللىرىنى ئوقۇتۇشى، باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشى ھەمدە ئۆزىمۇ باياشات ياشىشى لازىم. لېكىن، ھازىرقى رېئاللىقىمىزدا، بىر پارچە رومانىنى ئىككى ـ ئۈچ مىڭ تىراژدا تارقىتىشىمۇ بىر گەپ بولۇپ يازغۇچىغا تىراژ توپلاش ۋەزىپىسى چۈشۈۋاتقان ھەتتا چىقارغان كىتابلىرى يازغۇچىلارنى نەشرىياتلار ئالدىدا قەرزدارلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ قەلەم ھەققىگە تايىنىپ باي ـ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشەلىشى، ئاق سۆڭەك يازغۇچىلارنىڭ پەيدا بولالىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. دەرۋەقە بىر قانچە يىلدىن بويان قەلىمى پىشقان بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەددىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن سودا قايناملىرىغا كىرىپ باقتى، «بورىچى ھالۋىچى بولىمەن دېسە، كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ»، دېگەندەك كۆپ قىسمى ئوخشىتالماي ئۆزىنى تارتتى، بەزىلىرى پاتاڭغىچە قەرزگە بوغۇلۇپ، دەردىنى كۆتۈرەلمەي، ئەدەبىيات ساھەسىگە قايتىپ كېلىشكە تېخى يۈزى چىدىماي، چۈشكۈنلىشىپ چېچىرەندىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. ئوخشاتقانلىرىمۇ ئەدەبىيات ساھەسىدىن تەدرىجىي يىراقلىشىپ كەتتى. سودا ۋە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يول تېپىش ياخشى ئىش. لېكىن، ئۇنىڭغا يېتەرلىك سەرمايە، ماس ھالدىكى دىت، ئەڭ مۇھىمى ۋاقىت كېتىدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەلۇم بىر ئىشتا ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. شۇنداقلا ۋاقتى ـ ئۆمرى چەكلىك بولىدۇ. بىزنىڭ ئالاھىدىلىكىمىز ـ دېتىمىز ئەسەر يېزىشتا كۆرۈلىدۇ. بىز يېزىقچىلىق قىلالىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا بىز بولالىغان. ئەقلىمىزنى، ۋاقتىمىزنى باشقا ئىشلارغا سەرپ قىلساق، ئېنىقكى، تەپەككۇر قىلىشقا، يېزىقچىلىققا ۋاقىت چىقىرالمايمىز ـ دە، مۇقەررەر يوسۇندا ئەدەبىياتتىن تەدرىجىي يىراقلىشىپ كېتىمىز، ۋاقىت بىزگە ساقلاپ تۇرمايدۇ. ئالاھىدە ئالقىشلاشقا تېگىشلىكى شۇكى، بىز ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىمىز خالاپ بۇ كەسىپنى تاللىدۇق. شۇڭا بىزمۇ ھازىرچە ئۇدۇمغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، بۇ كەسىپنى تاللىغىنىمىزغا پۇشايمان قىلماسلىقىمىز، ئىككىلەنمەسلىكىمىز، قېيداشماسلىقىمىز لازىم. ئادەم ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىسا، ھاياتنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. روھىي قۇرغاقلىق كۇنسايىن ئۇلغىيىۋاتقان، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىش يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئىشلار ھەدەپ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان شۇنداقلا، بەزى ئىشلار ئىزىغا چۈشۈپ، جايىنى تېپىۋاتقان ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا بىز ۋە ئەسەرلىرىمىزنىڭ بولۇشى ئىلگىرىكى مەزگىللەرگە قارىغاندا، تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ زۆرۈر!

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تەشۋىقات بۆلۈمىدە)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

دۇنيادا ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىنمۇ ئۇزۇن ياشايدىغان نەرسە يوق.



ئادىل ئابدۇقادىر

# تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ۋە پىكىر قاتماللىقى

يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزۈمنى بىرخىل ھارغىن ھېس قىلىدىغان، ئىچىم تىتىلداپ، تىرىكىپلا يۈرىدىغان، مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدىغان، بىر مەسىلىنى ئويلاپ كېتىۋېتىپ باشقا بىر مەسىلىگە ئاتلاپ كېتىدىغان، تۇرمۇش غەملىرى تولا كاللامغا كىرىۋالىدىغان بولۇپ قالدىم. يەنە كېلىپ مېنى ئۆزىنىڭ مەبۇدى ھېسابلايدىغان ئايالىممۇ مەندىن تولا قۇسۇر ئىزدەيدىغان ۋە ماڭا چېپىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭىمىكىن مىجەز ـ خاراكتېرىم ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىمدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىشقا باشلىدىم ۋە بىر قانچە يىل بۇرۇنقى مىجەز ـ خاراكتېرىم ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىم بىلەن ھازىرقى مىجەز ـ خاراكتېرىم ۋە ئادەتلىرىم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن خېلى كۈچ سەرپ قىلدىم. نەتىجىدە، سېلىشتۇرۇپ چىققان پەرقلەردىن بايقىدىمكى مەن ئۆزگىرىپتىمەن.

ئىلگىرى دۇنيا ۋە ئەتراپىمدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزەلمىسەممۇ، لېكىن، ھەر ھالدا كاللامغا دۇنيا سىغاتتى، ئەمما، ھازىر كاللامنى ئائىلە ۋە تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك مەسىلىلىرى، غەملىرى ئەسىر قىلىۋاپتۇ. ئويلايدىغان، پىكىر يۈرگۈزىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرىم ئىلگىرىكىدىن كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، بارغانسېرى تارىيىۋېتىپتۇ. مەسىلىلەر ئۈستىدىكى پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلۇم ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى چىقىش نۇقتامدا بۇرۇلۇش بولىۋېتىپتۇ. روھىم ھەم قەلبىمدىكى ئىلگىرىكى بىغۇبارلىق، شەخسىيەتسىزلىكنىڭ ئورنىنى بىرخىل «زىيالىيلارچە قاقۋاشلىق» ئىگىلەپ، روھىم قاشاڭلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۆزۈم ئەڭ مۇقەددەس بىلىدىغان غايەم، زامان ۋە ماكان تەقەززالىرى پەيدا قىلغان تۇترۇقسىز ھەۋەسلەرنىڭ قورشاۋىدا قاپتۇ. ۋۇجۇدۇمدىكى ئۆزگەرمەس ھەقىقەت ۋە يېڭىلىققا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە ھاياجان سۇسلىشىۋېتىپتۇ. ئۆزۈمدىكى بۇخىل ئۆزگىرىشلەرنى بايقاپ ھەيران بولدۇم ھەم ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزگەرگەنلىكىمنى ياكى ئۆزگەرتىلىۋاتقانلىقىمنى پەرق قىلالماي سەل ئەندىكتىم.

مەندىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بەزىلىرى تۇرمۇش ئادەتلىرىم ۋە خاراكتېرىمدىكى ئۆزگىرىش بولسا، بەزىلىرى مېنىڭ روھىي دۇنيايىم ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلۇمدىكى ئۆزگىرىشلەر ئىدى. شۇڭا، ئۆزۈمدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانداق قىلىپ چىققانلىقى ۋە نېمە ئۈچۈنلىكى ھەققىدىكى سوئاللار بىر قانچە ھەپتىگىچە



كىشىنىڭ سۆزى ئۇنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلغۇچى تەرجىماندۇر.

زادىلا كاللامدىن كەتمىدى. شۇخىل روھىي ئىزتىراپ ئىچىدە يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە گېزىت كۆرۈۋېتىپ گېرمانىيە پەيلاسوپى گېگېلنىڭ: «ئادەمنى ئادەت ئۆلتۈرىدۇ، ئادەم تۇرمۇشقا پۈتۈنلەي ئادەتلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھىي قاشاڭلىشىپ، سۇبيېكتىپ ئېڭى بىلەن روھىي پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تاناسىپلىق يوقايدۇ. بۇ چاغدا ئادەم ئۆلگەنگە باراۋەر بولىدۇ»، دېگەن ئەقلىيىسىنى كۆرۈپ قالدىم ھەم كاللامدىكى سوئاللارغا جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم. ئەسلى ۋۇجۇدۇم ۋە تۇرمۇشۇمدا كۆرۈلىۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەر، گېگېل ئېيتقاندەك «تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ» قېلىۋاتقانلىقىمدىن بولغانىكەن. بىردىنلا ئويلىغاندەك بولدۇم ھەم ئەتراپىمغا ئەقىل كۆزۈم بىلەن نەزەر تاشلاشقا باشلىدىم.

دەرھەقىقەت تۇرمۇش بەزىدە ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەقلى تەپەككۇر ۋە سۇبيېكتىپ ئارزۇلىرىنىڭ قاتلىمغا ئايلىنىپ قالىدىكەن. بولۇپمۇ گېگېل ئېيتقاندەك ئادەم تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئادەم ئۆزى ۋە ئۆز ۋۇجۇدىغا مەنسۇپ نۇرغۇن ئىزگۈلۈككە ئىگە نەرسىلەردىن مەھرۇم بولىدىكەن، ئادەمنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى ئۆز مەۋجۇدلۇقىنىڭ سىرتقى قاتلىمىغىلا مەركەزلىشىپ قېلىپ، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا غايە ۋە ھەقىقەت كىرزىسى كۆرۈلۈپ، ئادەم ئۆزىدىن ھالقىيالماس بولۇپ قالىدىكەن. بەزىدە ھەتتا ئادەم ئۆز مەۋجۇدلۇقىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدىكەن. ئەڭ يامىنى ئادەم تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئادەمنىڭ ئۆزى ۋە دۇنيا ھەققىدىكى پىكرى قېتىشىپ، توغرىلىق ۋە ھەقىقەت ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆزلىشەلمەيدىكەن. جەمئىيىتىمىزدىكى، ئىسىم ـ فامىلىسى، سالاھىيىتى، كەسپى، تىرىكچىلىكى بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما، ئارزۇ ـ غايىسى، ئېھتىياجى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى قېلىپتا قۇيغاندەك ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئۆز مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرىيىتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزەلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى مەۋجۇدلۇقى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي ياشايدىغان، ئۆز ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئەخلاقسىزلىق، ناھەقچىلىقلەرگە پەرۋاسىز قارايدىغان كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن ئىكەنلىكىگە قاراپ بۇلارنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم ۋە گېگېلنىڭ «ئادەمنى ئادەت ئۆلتۈرىدۇ» دەپ نېمىنى بىشارەتلىمەكچى بولغانلىقىنى تېخىمۇ چۈشەنگەندەك بولدۇم.

تۇرمۇش ئىنتايىن ئاددىي ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت، ئائىلە ئىشلىرىدىن تارتىپ، بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي فورمىغىچە بولغان بىر سىستېمىلىق قۇرۇلمىدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ جەريان. ئەمما، ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ جەرياننى تولۇمۇ ئىپتىدائىي يوسۇندا ئائىلە قۇرۇش، تىرىكچىلىك قىلىش ئەۋلاد قالدۇرۇش جەريانىدىنلا ئىبارەت دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى ۋە روھىي قىزغىنلىقىنى مۇشۇخىل ئىپتىدائىي تۇرمۇش فورمىسى ئۈچۈن بېغىشلىۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار «ئۆزىنى مەركەز قىلىپ ياشاش» قا ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە بۇخىل كىشىلەر تۇرمۇشنى مەقسەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز رايى بويىچە ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ رايى بويىچە ياشايدۇ. يەنى ئۇلار قىلغان ئىشنى بىرەر مەقسەت ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا قارار قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانى، تۇرمۇشنى قايسى خىل يوسۇندا قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلىش ھوقۇقى بولمىغانىكەن، ئۇنداقتا ئادەم ئۆز ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان تۇرمۇش مەسىلىلىرى ئىچىدە بەئەينى ئۆمۈچۈك تورىغا چۈشۈپ قالغان بىچارە ھاشارەتكە ئوخشاپ قالىدۇ.

بىز ئۆز رېئاللىقىمىزغا نەزەر تاشلاي-

ئابرۇيپەسەرلىكتىن قاچساڭ خارلىقتا قالمايسەن.

دىغان بولساق، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى پەيدا قىلغان چوڭ ـ كىچىك ئائىلىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە جەمئىيەت، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى پەيدا قىلغان كەسىپ، ئۇنۋان، ھوقۇقتىن ئىبارەت تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۆلچەملەرگە لايىقلىشىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تىپىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇخىل كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە پىكىر قىلىشى مۇشۇخىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە ساختا ئۆلچەملەرگە لايىقلىشىشقا كۆنۈكۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى ۋە مەۋجۇدلىقىنى ئۇلارسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بۇخىل كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى قارىماققا سۈزۈك كۆرۈنسىمۇ تېگى لاي ـ لاتقا ۋە لاۋىلار بىلەن تىنىپ كەتكەن كۆل سۈيىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئۇلار ھەر قانچە پىكىر قىلسىمۇ خۇددى كۆل سۈيى ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان قاشالاردىن تاشقىنلىيالمىغاندەك، ئۆز ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان مەسىلىلەرنى ھالقىيالمايدۇ. پىكىر قىلىش جەھەتتىكى بۇخىل ئۆزىدىن ھالقىيالماسلىق، ئەمەلىيەتتە جەمئىيىتىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر باشتىن كەچۈرىۋاتقان تىراگېدىيە.

بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان پىكىر قىلىش قانداقتۇر ئۆزىمىز ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئاددىي مۇلاھىزە ۋە ئانالىزنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى ئادەملا بولىدىكەن، ئۇ مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن ئوخشاشلا پىكىر قىلالايدۇ. شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىش كاللىسى بار ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش. ئەمما، بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا بىزگە ھەمىشە مەسىلە سۈپىتىدە ئۇچرىمايدىغان، بىز دۇچ كېلىدىغان كونكرېت ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەسىلىلىرى دائىرىسىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كەتكەن، ئۆزىگە نۇرغۇن سىر ۋە ھېكمەتلەرنى مۇجەسسەم قىلغان. ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى يارقىنلاشتۇرىدىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەر نۇرغۇن. بۇخىل شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىگە يۈكلىگەن شۇخىل سىر ۋە ھېكمەتلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭرىلىكى جەھەتتە بىزنىڭ كونكرېت ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىمىزدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغان بولغاچقا، ھەمىشە بىزنىڭ دىققىتىمىز مۇنداقچە ئېيتقاندا، تەپەككۇرىمىزنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىمىزنىڭ بۇخىل شەيئى ۋە ھادىسىلەر ھەققىدىكى بىلىشىمىزمۇ پەقەت ئادەت خاراكتېرلىك كۆزىتىش بىلەنلا چەكلەنگەچكە، تەپەككۇرىمىزدا سىجىللىق ھاسىل قىلالمايدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا كۈندە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ، غەربكە پېتىشى؛ دەل ـ دەرەخلەرنىڭ باھاردا يوپۇرماق چىقىرىپ، كۈزدە يوپۇرماق تاشلىشى ... دېگەندەك نۇرغۇن ھادىسىلەرنى كىشىلەر نوقۇل تەبىئەت ھادىسىسى سۈپىتىدە چۈشىنىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە، تۇرمۇشىمىزدىكى مۇشۇ خىل كىچىك ھادىسىلەرنىمۇ مۇئەييەن تەپەككۇر كەڭرىلىكىگە قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆز ئەتراپىمىزدىكى باشقا مەسىلىلەر بىلەن باغلاپ بىرخىل پەلسەپىۋى پىكىر يۈكسەكلىكىدە ئويلايدىغان بولساق، ئۇ نۇرغۇن مەسىلىلەرگە يىپ ئۇچى ۋە جاۋاب بولالايدۇ. ئەمما، ئارىمىزدا مەسىلىلەرنى مۇشۇ خىل يوسۇندا ئويلايدىغان كىشىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇلار بەلكىم بىزنىڭ شەيئى ۋە ھادىسىلەر ھەققىدىكى بىلىشىمىز ۋە تەپەككۇرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ كەمتۈكلۈك بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، پىكىر قىلىش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدەك ئۇنچە ئاددىي جەريان ئەمەس، ئۇ بىرخىل ئۆزلۈكتىن ھالقىغان، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى مۇئەييەن بىر قانۇنىيەت ۋە ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان، پىكىر يۈرگۈزگۈچىنىڭ قەلبىنى توغرىلىققا يېتەكلەيدىغان جەريان.

ئەلدىن ئۆيالمىغان كىشىنىڭ ئەل ئالدىدا قەدرى بولماس.

ئادەملەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، پىكىر قىلىش دائىرىسى، پىكىرنىڭ كەڭرىلىكى ۋە چوڭقۇرلىقى جەھەتتە پەرق بولىدۇ. بەزىلەر پىكىر قىلىش ئارقىلىق توغرىلىققا ئېرىشەلەيدۇ، يەنە بەزىلەر پىكىر قىلىش ئارقىلىق خاتالىشىدۇ. بەزىلەرنىڭ پىكرى كەسپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان بىر كەسىپ ياكى پەن ساھەسىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئالاھىدە ماھىر كېلىدۇ (بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە شۇنداق)، ئەمما، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپلەردىن ھالقىپ پىكىر يۈرگۈزۈشكە خام كېلىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ پىكىر قىلىش دائىرىسى كەڭ ئەمما، تولىمۇ يۈزە بولىدۇ. پىكىر قىلىش جەھەتتىكى بۇخىل ئەھۋاللار كۆپىنچە ھاللاردا، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە پىكرى يېتەكچىلىكىنىڭ خاھىش ۋە نوپۇزغا چوقۇنۇشقا ئوخشاش مەۋھۇم نەرسىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىشى، پىكرى مۇستەقىللىقىنىڭ يوقۇلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، پىكىر قىلىشتا خاتالاشقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى جاھىللىقتۇر. ئەمدى جاھىللىق ئۆزلىكىدىن ھالقىيالماسلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىي ھەلەكچىلىك پەيدا قىلغان پىكرى قاتماللىقنىڭ نەتىجىلىنىشىدۇر. كېگىل دەل مۇشۇ خىل پىكرى قاتماللىقنى «ئۆلۈم» گە ئوخشاتقان.

بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كېگىلنىڭ ئەقلىيىسىدىكى ئۆلۈم ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى يوقىلىشى بولماستىن، بەلكى مېخانىكىلاشقان تۇرمۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادەمنىڭ ئەقلىي ۋە روھىي جەھەتتىكى قاشاڭشىشى بولۇپ، كېگىل دەل مۇشۇ خىل قاشاڭشىشنى بىرخىل تىراگېدىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئىپادىلىگەن. شۇنداقلا بۇخىل تىراگېدىيىنىڭ سەۋەبىنى «ئادەت» تىن ئىبارەت بىر ئۇقۇمغا يىغىنچاقلىغان. بۇ بىر نۇقتا ھەقىقەتەن ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى، ئادەت ـــ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە تولىمۇ ئاددىي، تۇرمۇشىمىزدا ھەرخىل مەنەلەردا، ھەممىشە ئۇچراپ تۇرىدىغان بىر ئۇقۇم. بىز ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا ئۇنى كۆپۈنچە ھاللاردا كۆنۈككەن قائىدە ـ يوسۇننى ئىپادىلەش مەنىسىدىكى «ئۆرپ ـ ئادەت» ئاتالغۇسىدا ئۇچراتقاندىن باشقا، يەنە بەزىدە ئۆزىمىز كۆنۈپ قېلىش سەۋەبىدىن ئۆتكۈزگەن سەھۋەنلىكلىرىمىزنى ئاقلاش يۈزىسىدىن «ئادەتلىنىپ قاپتىمەن» دەپ قوللىنىمىز. ئۇنىدىن باشقا يەنە تىلىمىزدا «تۇرمۇش ئادىتى»، «ئادەت بويىچە» دېگەندەك سۆز بىرىكمىلىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇخىل ئىستېمال مەنىلىرىدىن قارىماققا ئۇ تولىمۇ ئاددىي بىر ئۇقۇم بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنى بىرخىل ئەقلىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئانالىز يۈرگۈزىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئۇنچىۋالا ئاددىي ئۇقۇم ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئادەت ياكى ئادەتلىنىش ـــ يۈزە قارىماققا بىر ئادەمنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، خىزمەت جەھەتتىكى تاشقى ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇئەييەن بىرخىل ئۆلچەم ۋە شارائىت ئاساسىدىكى قېلىپلىشىپ قېلىشىنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن، ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ نوقۇل بىر ئادەمنىڭ تاشقى ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇئەييەن ئۆلچەم، شارائىت ئاساسىدىكى قېلىپلىشىپ قېلىشىلا بولماستىن، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، تەپەككۇرى ۋە روھىي سىزىملىرىنىڭمۇ مۇئەييەن بىرخىل ئۆلچەم ۋە شارائىتقا ماسلىشىشى، كۆنىكىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇخىل كۆنىكىش شەخسنىڭ تۇرمۇشىدا بىرخىل تۇرمۇش ئادىتى سۈپىتىدە ئىپادىلەنسە، مۇئەييەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىن ۋە مەدەنىيەت ئورتاقلىقىغا ئىگە بىر جامائەدە بىرخىل مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ئالاھىدىلىك سۈپىتىدە ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا، ئوخشىمىغان مىللەتلەردە ئوخشىمىغان مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر بولىدۇ. بۇخىل مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزلىكىنى ئىپادىلەش، نامايان قىلىش ۋە سالاھىيىتىنى بېكىتىشتىكى بىرخىل ئالا-

ھىدە ۋاستىسى بولغاچقا، كىشلەردە ئۆز مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىگە نىسبەتەن بىرخىل ئالاھىدە ساداقەت بولىدۇ. ئەمدى مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا يەنە شەخسلەردىمۇ ئۆزىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە مەۋقەسىگە قارىتا بىرخىل ساداقەت بولىدۇ. بىزدىن بۇرۇنقىلار ئىنسان تەبىئىتىدىكى بۇخىل ساداقەتنى ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ، «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ»، «ئادەم ئۆزگەرسىمۇ خۇيى ئۆزگەرمەيدۇ» دېگەندەك ئەقلىيەلەر بىلەن ئىپادە قىلغان. بۇ ئەقلىيەلەردىن كۆرىنىپ تۇرۇپتىكى ئادەت ئادەمگە ئۆزلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئادەت ئادەمنىڭ غايىسى، ئىرادىسى ۋە ھەرىكىتىنى كونترول قىلىدىغان بىرخىل كۈچكە ئايلىنىپ، ئادەمنى ئۆزىدىن ھالقىيالماس قىلىپ قويىدۇ. ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا ئادەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «ئادەت» ھەرگىزمۇ بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكىدەك ئۇنچىۋالا ئاددىي ئۇقۇم ئەمەس.

تۇرمۇشمۇ ئەمەلىيەتتە مۇئەييەن بىرخىل ئادەتنىڭ راۋاج ئېتىش جەريانى. ئەمما، ئادەت ئادەمنىڭ تاشقى مۇھىت ۋە شارائىتقا ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىش جەريانى بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئادەمنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى ۋە روھىي سېزىمىنىڭ تەدرىجىي خۇرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى ئەخلاقىي، ئەقلىي پرىنسىپقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئىجتىمائىيلىشىپ كېتىشى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدىغان سەپسەتىلەر ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىپ يۈرىشى مۇشۇنىڭ دەلىلى. شۇڭا گېگىل: «ئادەم تۇرمۇشقا پۈتۈنلەي ئادەتلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھىي قاشاڭلىشىپ، سۇبيېكتىپ ئېڭى بىلەن روھىي پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئاناسپىلىق يوقايدۇ» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئادەم ئادەتنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئادەم سۇبيېكتىپ پائالىيىتىنى تەدرىجىي ئۆلتۈرۈپ ئاخىرقى ھېسابتا ئادەم ئادەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئالىي مەكتەپ قويىندىكى مەزگىلىدە كۈچلۈك ئىرادە ۋە گۈزەل غايىگە ئىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، تەدرىجىي غايىسىزلىشىپ ۋە ئىرادىسىزلىشىپ كېتىشى بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى بولالايدۇ. ئەمما، شۇ نەرسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، ئادەمنىڭ ئادەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشى ھەرگىزمۇ بىردەمدىلا يۈز بېرىدىغان جەريان ئەمەس. تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ كېتىش جەريانى خۇددى سوغۇق سۇ قاچىلانغان ئېدىشتا تىرىك سېلىنىپ، سۇنى ئاستا ـ ئاستا ئىسسىتقاندا، سۇنىڭ قىززىغانلىقىنى سەزمەيلا قىززىق سۇدا ھالەك بولغان پاقىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر تۇرمۇشتا ئەتراپىدىكى مۇھىتقا تەدرىجىي ماسلىشىش داۋامىدا، خۇددى ئاشۇ ئېدىشتىكى پاقىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى ۋە روھىي سېزىمىنى يوقىتىدۇ. ئەمما، ئەڭ پاجىئەلىك يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانداق ھالەك بولغانلىقىنى مەڭگۈ بىلمەيدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «بوسۇغا داۋاندىن ئۆتمەك تەس» دەيدىغان بىر ماقال بار. بۇ ماقالدا بەلكىم «بوسۇغا» ئائىلىگە، «داۋان» تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى، ئائىلە ئىشلىرىغا مىسال قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. دەرھەقىقەت ئائىلىسىنى بىر دۇنيا دەپ قارايدىغان ھەم بىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن تۇرمۇش مەڭگۈ بىر داۋان. شۇڭا، سىز، بىز ھەممىمىزنىڭ ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بىز ھەر كۈنى ئۆيىمىزنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغاندا بىر كەڭرى دۇنياغا چىقىمىز، ئەمما، كاللىمىزدىكى «بوسۇغا» دىن ئاتلىمىغۇچە مەڭگۈ تار دۇنيادا ياشايمىز.

(ئاپتور: خوتەن مەۋرىي مەھكىمە تەرجىمە بۆلۈمىدىن)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

چاقىرىلمىغان يەرگە بارغان مېھمان سۇپۇرۇلمىغان يەردە ئولتۇرار.



مۇتەللىپ ئىقبال

# مەنپەئەت كوچىسى ۋە روھىيەت دالاسى

ئىلگىرى چوڭلاردىن نۇرغۇنلىغان ھېكايە، قىسسەلەرنى ئاڭلىغانىدىم. بۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرىدە قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، مەردلىك، جاسارەت، ساداقەت، سەمىيەتلىك ۋە ئۇلارغا باغلانغان ئىش ـ ھەرىكەتلەر سۆزلىنىپ مەدھىيىلەنسە، يامانلىق، ياۋۇزلۇق، قارا نىيەتلىك، قانخورلۇق ئىللەتلىرى قامچىلىنىپ، ئەمگەكچان، باتۇر خەلقنىڭ تىنچ ـ ئاساييىشلىق خاتىرجەم تۇرمۇشى ئۈچۈن ئۈلگە خاراكتېرلىك ساۋاتلارنى بېرەتتى. بەلكىم ھەممە كىشى بۇ توغرىسىدىكى ھېكايىلارنى بىزمۇ ئاڭلىغان دېيىشى مۇمكىن. راست، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى ئەزەلدىن ھېكايە، قىسسە، رىۋايەتلەردىن ئايرىلغان ئەمەس، بۇ ھېكايىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەلقىمىزنىڭ قورقۇمسىز جاسارىتى، مۇستەھكەم ئىرادىسى، ئۇلۇغۋارلىقى ۋە قەيسەر شىر سۈپەت ۋۇجۇدى، ئوغۇلبالىچە مىجەز ـ خاراكتېرىنى تۇتقا قىلغان ھالدا راۋاجلانغان ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ روھىي ئېنېرگىيىسى سۈپىتىدە قان ـ قېنىمىزغا سىڭىپ كىن ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئەڭ مۇھىمى بۇنداق ئۈگۈت نەسىھەتلەر، ھېكايە ـ قىسسىلەرگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتقا بولغان تەلپۈنىشى ۋە باھاسى سىڭگەن، بىزنىڭ ئادىمىيلىك سۈپىتىمىز ۋە ئۆلچىمىمىز ئەنە شۇ ئەجدادلار خەزىنىسىدىن ئۆزىگە كۈچ ۋە ئىلھام ئالغان ھالدا راۋاجلانغانىدى.

ئاشۇ ھېكايىلەردە ماڭا ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغىنى ئاشۇ شىر يۈرەك، پالۋان ئەزىمەتلەرنىڭ بېشىغا قىلىچ ـ نەيزىلەر ئۇرۇلغان، ئۆلۈم ئالدىدىكى قورقۇمسىزلىقى ۋە ئوغۇلبالىچە مىجەزى.

رىۋايەت ـ قىسسەلەردىن كۆرە يېقىنقى زامان تارىخىمىزنى ئەسلىسەكمۇ ھەقىقىي ئادىمىيلىك خىسلەتلەرگە ئىگە ۋەتىنى ۋە خەلقىگە سادىق ئوت يۈرەكلەرنى ئۇچرىتالايمىز، پەزىلەتلىك، غۇرۇرلۇق ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللارنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان نوزۇگۇم دار ئالدىدا قىلچىمۇ ۋايىسىمىغان، دۈشمەنگە تىز پۈكمىگەن، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئىسسىق قانلىرى ئارقىلىق ۋاپادارلىق، سەمىمىيەتنىڭ نېمىلىكىنى ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ قەلبىگە مۆھۈردەك باسقان. غۇرۇرلۇق قىز ـ ئاياللارنىڭ تاۋاپگاھىغا ئايلانغان، ئەنە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھۆرلۈك، ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان. ئۇنىڭ ھەر نەپەس مىللەت دەپ سوققان يۈرىكى كېيىنكى ئىز باسار ئەۋلادلارنىڭ ئەگىلمەس ئىرادىسى ۋە روھىغا ئوت ياقماقتا. كۆز ئالدىمدا «گۈل ئاچىل» دېگەن ياڭراق خىتابى ياڭرىماقتا. بۇ خىتابلاردىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەزىزانە خەلقىگە، سۆيۈملۈك يۇرتىغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتى، كۈلۈمسىرىگەن تەبەسسۇمى ئارقىلىق سۇنۇلماقتا ... مانا بۇلار خەلقىمىزنىڭ قەھرىمانلىق، پالۋانلىق تارىخى، يۈكسەك روھ، يۈكسەك خىسلەتنىڭ شەجەرىسى. بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئاختۇرۇپ باققىنىمىزدا ئادىمىيلىكتىن ئىبارەت ئىنسانىي سۈپەتنىڭ ۋەزىنىنىڭ ناھايىتى ئۇلۇغلىقىنى، ھايات دەل ئىنسانىي سۈپەت بىلەن مەزمۇنلىنالىسا ئىنساننىڭ ھاياتىنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بىلىمىز.

ئادىمىيلىك ھەققىدە گەپ باشلىغىنىمىزدا

مېھمانسىز ئۆي سۈيى قۇرۇغان تۈگمەنگە ئوخشايدۇ.

يەنىلا چىن ئىنسانىي پەزىلەت، ئەخلاقىي بۇرچ، ھايا ـ نومۇس تۇيغۇسى كۈچلۈك، ۋۇجۇدىدا ياخشىلىق ۋە ھېكمەت نۇرلىرى مۇجەسسەم بولغان تارىخىي قەھرىمانلىرىمىز، ئۆلىما ـ ئالىملىرىمىزنىڭ ھاياتى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. شەرق مەدەنىيەت تېپىغا خاس قەدىمىي مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن روھىيەت قۇرۇلمىمىزدا ھاياتقا بولغان تولۇپ تاشقان ئىنسانىي قىزغىنلىق، جەسۇرلۇق ۋە مەردلىك، ئەخلاقىي يېتۈكلۈك ئامىللىرى كەڭ تۈردە راۋاجلانغان ۋە خەلقىمىزنىڭ ھايات ۋە ئادىمىيلىك ئۆلچىمىگە ئايلانغاندى. خەلقىمىزنىڭ روھىيەت زېمىنىغا تېخنىكا ۋە زامانىۋىلىق ئۆلچەملىرى يىلتىز تارتمىغان ئاشۇ زامانلارنى ئەسلىسەك ھايات بىلەن مەنە، ئادىمىيلىك سۈپەت بىلەن گۈزەللىك ئوتتۇرىسىدىكى روھىي باغلىنىشلار ھاياتقا بولغان ئۆلچىمىمىز ۋە ئادىمىيلىك سۈپىتىمىز ھەققىدە ئويلىنىشقا چاقىرىدۇ.

ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بەزى ئەجدادلىرىمىز نەزىرىدىكى كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، كۆيۈنۈش ۋە مېھرىبانلىق تۇيغۇسى بۈگۈنكى كىشىلىرىمىزنىڭ كۆزىگە ئۆتۈپ كەتكەن نادانلىق ۋە ئەخمىقانىلىق بولۇپ كۆرۈنىدىغان بولدى. ياشاش رىتىمىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشى بەزىلەردە نېمىدىن نەپ يۇقسا شۇنىڭ يېنىدا دەرھال ئۈنۈپ بولىدىغان، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ياخشىلىق ۋە كۆيۈنۈش تۇيغۇسى رېئاللىق ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالىدىغان ھالەتلەرنى شەكىللەندۈردى. تۇرمۇش ساپاسىنىڭ ئازتولا ئۆزگىرىشى بىر قىسىم كىشىلەر قەلبىدىكى ئىنساپنى يوقىتىۋەتتى. چۈنكى كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەتى بىلەن باغلىنىشلىق ھالەت ۋە شۇخىل ئۆلچەم ماددىي مەنپەئەتنى چىقىش قىلغاچقا، ماددىي مەنپەئەتدارلىق قارىشى ۋە ئىنسانچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان ئادىمىي پەزىلەت ئوتتۇرىسىدا قاراڭغۇ ھاڭلار شەكىللەندى.

ھايات قىممەتلىك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قىممەتلىكى ئىنسانىي سۈپەت بىلەن زىچ باغلىنىشلىقىدا. ئەگەر ئىنسان قەلبىدە ئىنساپ ـ دىيانەت، ھەققانىيەت ۋە نومۇس، ئەخلاق ۋە پەزىلەت، قەھرىمانلىق ۋە باتۇرلۇق تۇيغۇسى بولمىغاندا ئىدى ئۇ پۈتۈنلەي ھايۋانى شەكىلدىكى بىر مەخلۇققا ئوخشىغان بولار ئىدى. كىشى ھاياتى دەل ئاشۇ روھىي ئامىللارنى چىقىش قىلىدىغان بولغاچقا، بىز ئىنسان ھاياتىنىڭ ئۇلۇغلىقى ھەققىدە گەپ ئاچالايمىز.

بۈگۈنكى كۈندە قاراپ باقىدىغان بولساق، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ياشاشتا ئايرىملارنىڭ مەنپەئەتىنىلا ئاساس قىلىدىغان قىممەت قارىشىنىڭ ئۇلارنى نەقەدەر بىچارە ۋە زەئىپ كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇلار ئەمدىلىكتە جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە ئەتىدىن كەچكىچە چېپىشقا مەجبۇر، كىشىلەر بىلەن ساختا تەبەسسۇملار بىلەن كۆرۈشۈشكە ھىجىيىشقا مەجبۇر. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىنسانىي سۈپەتنى ئاختۇرۇپ تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى نەپ ئىگىلىكىدىكى مەنپەئەت ئۆلچىمىمىز ئىنسانىي روھنى كۆرىدىغان كۆزۈمىزنى توسىۋالدى، بىرەرسى خەلقىگە ھەقسىز مۇلازىمەت قىلسا كىشىلىرىمىز كوچا-كويلاردا ئۇنىڭ ئۈستىۋېشىغا چەكچىيىپ قاراپ كېتىدىغان بولدى. بەزىلەر ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭ بۇرۇن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشتى. بەزىلەر ئۇنىڭ ساراڭمۇ ياكى كاللىسى ئېلىشىپ قالغانمىدۇ، دەپ ياقىسىنى چىشلىدى. بەزىلەر شۇنداقمۇ نادان، بىكارغا پۇل خەجلەيدىغان ئەخمەقتىن يەنە بىرسى بارمىدۇ، دەپ جاھان ئاختۇرۇپ بېقىشتى. بەزىلەر نېمە غەرەز بىلەن شۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ تەگسىز گۇمانلارغا پېتىشتى ...قىسقىسى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە پۇلنى بىكاردىن بىكار ئىشلىتىش ئەخمەقلىق بولاتتى. بىز رېئاللىقتا خەقلەردىن موچەن سوراپ يېلىنىۋاتقان جۇل ـ جۇل كىيىملىك تىلەمچىلەرنىڭ بىزنىڭ يانچۇقىمىزدىكى بەش موچەنسىز ياخشى تىلەكلەرنى تىلىمەيدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئاشۇ تىلەمچى، قەلەندەرلەرنىڭ ئاغزىدىكى گەپمۇ بىزنىڭ «ئىلتىپاتىمىز» سىز يۇرۇشمەيدۇ.

مەنپەئەت توغرىسىدا ئويلىنىۋاتقىنىمدا دوستلىرىم تىلىمىزدىكى مەنپەئەت سۆزى «مەن پەقەت» دېگەن بايان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن دېيىشتى. مەنمۇ شۇنداق قاراشقا كەلدىم. چۈنكى «مەن پەقەت» بايانى «دۇنيادا مەنلا بار، مەنلا بولسام قالغانلار بىلەن نېمە كارىم، مەن دېگەن مەن»، دېگەن مەنىلەرگە تەڭداش كېلەتتى، مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان تۇرمۇش قارىشىنىڭ تېز ئومۇمىيلىشىشى نەتىجىسىدە بىر قىسىم كى-



سەۋرى كۆپىنىڭ دوستى كۆپ.

www.uyghurkitap.com



شىلىرىمىز شۇ قەدەر شەخسىيەتچىلىشىپ كەتتىكى، مەنپەئەتنى دەپ بوران ــ يامغۇردا يۈگۈرمەيدىغان كۈنى بولمىدى. ئۇلار ئۆز نەپسى ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان سېلىشتىن قىزارمىدى. «مەنپەئەت» ناملىق بۇ ئۇقۇمنىڭ رولى كۈچەيگەندىن تارتىپ بەزىلەردە مېھرى ــ مۇھەببەت، ئاق كۆڭۈللۈك، سەممىيەت، دىيانەت، ۋاپادارلىق، ئالىيجانابلىق، قەيسەرلىك، ئۇلۇغۋار غايە ــ ئىرادىلەرنىڭ نۇرى بارغانسېرى خۇنۈكلەشتى.

ئادىمىلىك روھىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، روھنىڭ ئۆزى ئادەملەردىكى بارلىق ئېسىل ئەخلاقىي ــ پەزىلەتلەر، باتۇرلۇق، قەيسەرلىك كەبى مەنىۋى لاتاپەتلەر ئىنسانچىلىقنىڭ گۈلتاجى ھېسابلىنىدۇ. ئادىمىي خىسلەت پۇچەكلەشكەن كىشىدە ۋىجدان، نومۇس ــ ھايا تۇيغۇسى بولمايدۇ. بۇ چاغدا ئۇ خۇددى سۇلياۋ قوچاقتەك سىرتىدىن قارىسا راستتەك، ئەمما، ئىچى قۇرۇق بىر نەرسىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بىر چاغلاردا ساختا نەرسىلەر ئاپىرىدە قىلىنىپ، ئۇنى راست نەرسىلەردەك پەردازلاپ سېتىش پۈتۈن بازارنى قاپلاپ، ساختا مال بازىرى كۆتۈرۈلگەنىدى، كۆرۈنۈشتە راست مەھسۇلاتلاردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان بۇ مەھسۇلاتلار كىشىدە ھېچقانداق غەيرىلىك ھېس قىلدۇرمايتتى. كىشىلەر ئۇنى راست مەھسۇلاتلاردەك سېتىۋالغان ئىدى. كېيىنچە كىشىلەر چۈشىنىپ يەتتىكى ئۇلار ئالدانغانىدى. راست مەھسۇلات بىلەن يالغان مەھسۇلات پەرقلىنىدىغان بىرلا ئالاھىدىلىك ــ ئۇنۇمدارلىق پەرقى ئوخشىمايتتى، شەكىل ــ قىياپەت جەھەتتىكى بىردەكلىك يالغان مەھسۇلاتنى راست قىلسا، مەزمۇن ــ ئۇنۇمدارلىق جەھەتتىكى ئىچكى كۈچ مەنە ۋە قىممەتكە ۋەكىللىك قىلدۇراتتى. بىز كىشىلەر توپىغا نەزەر سالساق ئەنە شۇ ئىنسانىي سۈپىتى بىلەن ياشاۋاتقان كىشىلەر بىلەن، ئادىمىيلىكنى ئۇنتۇغان كىشىلەرنىڭ ئوخشاشلا ھاياتىنى داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئادەملىك تەقى ــ تۇرقى ھەممەيلەننىڭ پەرقلەنمىگىنى بىلەن ئادىمىيلىك سۈپىتى پەرقلىنىدۇ، خالاس. ئىنسانىي سۈپەتنى ئەمەلىيەت جەريانىدىكى ئىش ــ ھەرىكەت ۋە شۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن ئايرىش مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئىنسانىي پەزىلەتسىز كىشىلەر دۇنيادا مەنپەئەت دەپلا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنيادىن بىردىنبىر ئېرىشىدىغىنى مەنپەت سۇرۇقچىلىقى ۋە بۇزۇقچىلىقى بولىدۇ، خالاس. ئۇلار تۈرلۈك ئاماللار بىلەن بىر ــ بىرىگە يالغان ئېيتىدۇ، يالغاندىن كۈلىدۇ، يالغاندىن يىغلىشىدۇ، يالغاندىن ھەسرەت چېكىدۇ ۋە يەنە يالغاندىن مۇڭلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان بارلىق ھەرىكەتلىرى يالغان بولىدۇ. بەزىلەر ئىش ــ ھەرىكەتلىرىمنى خەقلەر كۆرسۇن، مەرتىۋەم ئۆسسۇن دەپ خەلقنى ئالدىماقچى بولىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆزىنى مەردلىك، جاسارەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئوغۇل بالا، دەپ قاراپ ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ. ئۇلار كۆپىنچە ئادەم دەپ ئاتالسىمۇ ئادىمىيلىك شەرتىگە توشمايدۇ، ئىنسان پائالىيىتى يەككە يېگانە بولمايدۇ. ئۇ نوقۇل ئېرىشىش يۈزىسىدىنلا پائالىيەت قىلغىنىدا كىشىلەرنىڭ سەممىي قەلبىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئىنساننىڭ كىشىلىك پائالىيىتىدە باشقىلارغا بېرىدىغان بىر تالاي مۇھەببەت قەرزى بار.

ۋۇجۇدىمىزدا ساقلىنىۋاتقان ئىنسانىي خىسلەتكە يات بولغان شەخسىيەتچىلىك ئېلېمېنتلىرى ھەر زامان ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلايدۇ. دۇنيادىكى بارلىق مەئىشەتلەرنىڭ ھەممىمىزگە باب ــ باراۋەر مەنسۇپ بولۇشى ناتايىن. بىز ئىنتىلگەن مەلۇم بىر نەرسە ئۈچۈن مەلۇم نەرسىمىزدىن كېچەلىسەك، مەنپەئەتنىڭ قۇلچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن، بىمالال ھەرىكەت قىلالايمىز. ئەكسىچە مەنپەئەت ئۈچۈن شاپاشلاپ، شەخسىيەتچىلىكنىڭ قۇلى بولساق، ئاخىرىدا ئېرىشىدىغىنىمىز قۇرۇق، پۇچەك نەرسە، يوقالغان ئىنسانىي پەزىلەت بولىدۇ. مەن بۇ يەردە ماددىي مەنپەئەتنى چەتكە قاقماقچى ئەمەسمەن. ئادەم دۇنيادا ياشىغان ئىكەن مەلۇم نەرسىلەردىن مەنپەئەت ئېلىشقا، مەنپەئەت ئارقىلىق ئۆز شەخسىيىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەنپەئەت ماددىيچىلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇنۇمدارلىق تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇخىل ئۇنۇمدارلىق قوزغاتقۇچلۇق رولىنى ئويناپ، ئادەملەر ھەرىكىتىنى ھېكمەت ۋە گۈللىنىش خاتىرىسىگە ئىگە قىلىدۇ، بۇ جەرياندا ئالىيجاناب روھقا ئىگە بولغان كىشىلەرلا ھەقىقىي ئادەمدەك ياشيالايدۇ، ئۇلار ئەقلىنى ئۆزىگە خاس ئىجادىي مۇھىت ئىچىگە مەركەزلەشتۈرۈپ ئادەمىيلىكنىڭ ئۆزگىچە جۇلالىق بەتلىرىنى نۇرلاندۇرالايدۇ.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كۇيا يېزا ئوتتۇرا قايغۇلۇق كەنتتە)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم



كىشى ئۈچۈن دىلىنى يورۇتقۇچى نەرسە ـ قانائەتتۇر.

ئەركىن داۋۇت ئوغۇز

# ھايات بۇلۇڭلىرىغا سوغ نەزەر

قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى شۇنچە سۆيۈندۈردۇ، ۋۇجۇدىنى ئىللىتىپ ھاياتقا بولغان ئەقىدىسىنى، تەبىئەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى تېخىمۇ قوزغايدۇ. نۆۋەتتە ئۇ ئوت چېچىپ ئالەمنى تونۇرغا ئايلاندۇرۇپ، زىرائەتلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ، بۇنداق كۆيدۈرۈپ تاشلاشلار ئۇزۇل-كېسىللىككە ئىگە ئەمەس، پەقەت چىدامچىلىقتا ئىگىلىرى ھاياتىي كۈچىنى داۋاملاشتۇرۇپ مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ قالىدۇ، چىدامسىزلىرى بولسا، قانۇنىيەت بويىچە شاللىنىپ مەۋجۇدلىقىدىن مەھرۇم بولىدۇ، بۇنداق شاللاش-شاللىنىش تەبىئەتتىلا بولماستىن، جەمئىيەتتىمۇ بار، ئەلۋەتتە. بەلكىم ئادەملەر شاللاش ۋە تاللاشنى تەبىئەتتىن ئۆگىنىۋالغان بولسا كېرەك.

قۇياشنىڭ سۆيۈملۈكلىكى ئۇنىڭ تەبىئەت، پۈتكۈل ئىقلىم بىلەن سىڭىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلانغانلىقىدىن. شۇڭا قۇياشسىز ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەكمۇ تەس. مۇشۇنداق بولغاچقا بارلىق مەۋجۇدات قۇياشقا ئىنتىلىدۇ، قۇياشنى ئۇلۇغلايدۇ، قۇياشنى ئىچ-ئىچىدىن سۆيىدۇ. شۇنداقتىمۇ جەمئىيەتتە بىر قىسىم ئادەملەر باركى، ئۆزىنى تەبىئەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارايدۇ، شۇنداق بولغاچقىمىكىن ئۇنىڭ ھېچ يېرىدىن يۇلتۇزغا ئوخشاش چاقناقلىقنى، قۇياشقا ئوخشاش ئىللىقلىقنى ھەم سېخى، تەمەسىزلىقنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن تېپىلىدىغىنى قىزىل كۆزلۈك، مەككارلىق، ساختا شۆھرەتكە ئىنتىلىش، كۆرەلمەسلىك ئۆزىنى چوڭ چاغلاش، پايدا مەنپەئەت ئۈچۈن جان تىكىش، ھارام دۇنياغا سىزىك تارتىش، بىرلا چولپاننىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش، «مەن»دىن باشقىسى خىيالىغا كەلمەسلىك ...قاتارلىقلار. بۇ كۆيدۈرگەندىنمۇ يامان كېسەل بولۇپ، ئومۇملۇق خاراكتېرىنى ئالىدىغان بولسا مىللەت ۋە مىللەت كىشىلىرىنى كاردىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكىنى، ئابرۇيىنىڭ يۈكسەكلىكىنى، كەڭ قورساق، خوش پېئىللىقنى، خۇنۇكلەشتۈرۈپ رىقابەت سەھنىسىنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئېلىش پۇرسىتىنى يوققا چىقىرىپ بار بىلەن يوقلۇقنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ھازىر يەر شارى مىقياسىدا ئۇچۇر ئىنقىلابىي پارتلاش خاراكتېرلىك كېڭىيىپ ئادەملەردە روھىي ۋە جىسمانىي جىددىيلىكنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىۋەتتى. بۇنداق رىقابەت شارائىتى ئادەملەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى بېسىم ھالىتىدە تۈرلۈك بازار ۋە بازار باشقۇرۇش جېڭىنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇ مەيداندىن مەردانە قەدەملەر بىلەن يەنە بىر مەيدان يەنە بىر يېڭى يۈزلىنىشكە ئاتلىنىپ تۈۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا دەۋەت قىلماقتا. چۈنكى، ئەقىل ئىگىلىكى دەۋرى كونىچە تەپەككۇر قىلىشنى چۆرۈپ تاشلاپ، تەپەككۇرنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان يولىنى ئېچىشنى ئالدىمىزغا قويىدى. بۇنىڭدىكى تۈپكى مەسىلە يەنىلا ئەقىل بايلىقىغا تايىنىشتىن ئىبارەت.

ئەقىل بايلىقى ماددىي بايلىقنى تېپىش، قېزىش، ئېچىشنىڭ ھەم لايىھەلەشنىڭ ئاچقۇچى، بۇ ئاچقۇچقا سەل قارىغانلىق كەلگۈسىمىزگە، تەرەققىياتىمىزغا، ئۆزلۈكسىز دەۋر قىلىشىمىزغا سەل قارىغانلىق بولىدۇ، بۇ نۇقتىنى يۈزەكى چۈشىنىپ، يۈزەكى پىكىر قىلىشقا، بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ، بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئېتىبارچىلىق سىياسىتىگە تەلمۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئەمدى يول قالمىدى. ئېتىبارچىلىققا تايىنىۋەرسەك مىللەتنىڭ ئەقىل پاراسىتى، تەپەككۇرى، رىقابەت ئېڭى تۆۋەنلەيدۇ، سۇسلىشىدۇ، زور دەرىجىدە ئاجىزلايدۇ، نەتىجىدە روھىي قۇللۇقتىن مەڭگۇ قۇتۇلالمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇنداق كونا ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماي يەمچى قوزىغا ئوخشاش ياشاپ كېلىۋاتقانلارنى ئارىمىزدىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇلار ئازغىنە نەرسىدىن بەھرىمان

تەكەببۇرغا سالام بەرمە چۈنكى سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ كۆنۈپ قالغاچقا، پۈتىنى كونا يولدىن
تارتالمايۋاتىدۇ، چۈمۈلە ھەسەل كوزىسىدىن
مېھرىنى ئۈزەلمىگەندەك ئۇلارمۇ ئوخشاشلا
مۇشۇ قېلىپقا كىرىۋالغان. فىزىئولوگىيە-
لىك نۇقتىدىن ئالغاندا قايسى مىللەت بو-
لۇشىدىن قەتئىينەزەر بەدەن تۈزۈلۈشى
ئوخشاش. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق بۇگۈنكى
كۈندىمۇ يەنىلا ئۆزىمىزگە تايانماي ئاللا
قانداقتۇر غايەت زور شاپائەتنى كۈتۈپ، ئاغ-
زىمىزنى چوڭ ئېچىپ ياشاۋېرەمدۇق؟ مې-
نىڭچە بۇنداق ياشاش تولىمۇ مەنىسىز.

مەسىلىنىڭ تۈگۈنى شۇ يەردىكى،
تاينىۋېلىش پسىخىكىسى ئادەمنى ھۇرۇن-
لۇققا باشلايدۇ، ئەقىل بۇلىقىنىڭ ئېچىلى-
شىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ، ئىلىم ـ
پەن ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، يې-
ڭىلىق يارىتىشقا يول قويمايدىغان قىلىپ
قويىدۇ، تۈگەشتۈرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئې-
لىپ ئېيتقاندا، روھنى ئۇرغۇتۇپ، چۈش-
كۈنلۈككە قاتتىق ئوت ئېچىپ رىقابەت،
خىرىسنىڭ نېمىلىكىنى تولۇق تونۇشقا
توغرا كېلىدۇ، بۇ جەھەتتىكى تونۇش
چوڭقۇرلىشىدىغانلا بولسا، كۆمۈلۈپ قالغان
ئەقىل بۇلىقى بىردىنلا ئېچىلىپ، چۆلدە-
رەپ كەتكەن ھايات بوستانلىقى يېڭىدىن
ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، بۇرۇلۇشنى ھەقى-
قىي تۈردە كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

لوقمان ھېكىم «تىل بىلەن يۈرەك ـــ
ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ بولىقى. بۇ
ئىككىسى ياخشى بولسا، ئادەممۇ بەختلىك،
ياخشى بولىدۇ. بۇ ئىككىسى يامان بولسا،
ئادەممۇ يامانلىق ۋە بەختسىزلىكتىن خالىي
بولالمايدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب: تىل
يۈرەكنىڭ جارچىسى، يۈرەك نېمىنى ئوي-
لىسا، تىل شۇنى سۆزلەيدۇ، كۆڭۈلگە كەل-
گەننى ئالەمگە ئايان قىلىدۇ»، دەپ ناھايىتى
توغرا ئېيتقان. بۇ بىزگە نىيەت توغرا بولسا
ياخشىلىققا يۈزلىنىشتە ئەھمىيىتىنىڭ
چوڭلۇقىنى، غەيرىلىكتىن ساقلىنىنىش
ئىمكانىيىتىنىڭ كەڭلىكىنى چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ. دېمىسىمۇ بەزى ئادەملەرنىڭ يۈرى-
كى قارا، نىيىتى يامان بولغاچقا باشقىلارنى
چۆكۈرۈشنىلا ئويلايدۇ، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلى-
قىنى نامايان قىلىشنى، سۆزلەشنى، چوقۇ-
نۇشنى، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشنى قىلچىمۇ
خالىمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ كىچىككىنە
كەمچىلىكىنى تېپىۋالسا گويا ئات كاللى-
سىدەك ئالتۇن تېپىۋالغاندەك تۈيغۇغا چۆ-
مۈپ، پۇرسەت كەلدى دەپ قاراپ «ئىلتى-
ماس» قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئۆزى ئۇچۇن
شوتا تەييارلاشقا كىرىشىدۇ. نۆۋەتتە بۇ
قىلىقى ئۇنىڭغا قانچىلىك، قانداق دەرى-
جىدە شوتا بولىدىغانلىقى نامەلۇم. شۇنداق-
تىمۇ يۇقىرى ئۆرلەشنىلا ئويلاپ، جاپاغا
چىداپ قاتتىق ئىشلىگەنلىكىنى ئىپادى-
لەش ئۇچۇنلا «ئىلتىماس» لىقنى نورمال
بولمىغان خىزمىتىنىڭ ۋاستىسى قىلى-
ۋالغان، كىملەرنىدۇر «ئىلتىماس» قىلىش
بەدىلىگە «خىزمەتنى ياخشى ئىشلىدى،
خىزمەت دېگەننى مۇشۇنداق ئىشلىسە بو-
لىدۇ، باشقىلار ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش كېرەك»
دېگەندەك يالقۇنلۇق، شېرىن ئىبارىلەرنى
ئاڭلىشنى ئۆزىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋال-
غان. بەلكىم ئۇنىڭ مۇز ئۈستىدە چاك چى-
قىرىدىغان، قاملاشمىغان يېقىمسىز ناز ـ
كەرەشمىسى بىلەن ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۆن
كۆچۈرىدىغان خاراكتېرى باشلىقىقا يېقىپ
قالغان بولۇشى مۇمكىن. (تەكشۈرۈپ تەت-
قىق قىلمىغانلىقتىن) ئۇنداق بولمىغاندا
ئۇ بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرالامتى؟

ئۇرۇشنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرسى
جەڭ دېگەندەك رەڭۋازلىق، شەكىللىۋازلىق
قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادەملەر
خۇددى چىشى تۈلكىدەك تۇرمۇش سەھنى-
سىدە ئۇستىلىق بىلەن رول ئېلىپ، ئاق
بىلەن قارىنى ئېلىشتۇرۇپ ئادەمنىڭ كۆل-
كىسىنى كەلتۈرۈپ ئۆزىنى مىكىر رەڭلىرى
بىلەن پەردازلاپ، شۆھرەتپەرەسلىك قايني-
مىدا ئۈزىدۇ. تۈردە يەنىمۇ تۈردە ئولتۇ-
رۇشنى تالىشىپ ۋە ئۇنى تەمە قىلىپ ئەي-
نۇلۇق ھۈنىرى بىلەن يول تاپماقچى بولۇ-
شىدۇ. بۇ بىرخىل نومۇسسىزلىق بولۇپ،
بۇلارنىڭ ھەممىسى نادانلىق، بىلىمسىز-
لىك، كۆرەلمەسلىكنىڭ ئىپادىلىرى، بۇن-
داق يامانلىق ئادەمنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈ-
رىدۇ، خالاس.

شۇنىسى ئېنىقكى، پۇل ئېتىقادچى-
لىقى، ئەمەل قىزغىنلىقى بىر قىسىم ئىرا-
دىسى ئاجىزلارنى گاڭگىرىتىپ، كۆزىنى ئالا
چەكمەن قىلىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ-
ڭىدىمۇ، چۈشىدىمۇ شۇنى ئويلايدىغان ۋە
چۈشەيدىغان بىمەنە ھالەتنى شەكىللەندۈ-
رىۋالدى. ئۇلار ئىلىم ـ پەننىڭ قۇدرىتىنى
ئويلاپمۇ قويمىدى. ئەقىل ئىگىلىكى بىز-

ئىككى يۈزلىمىچى دوستتىن قاتىل دۈشمەن ياخشى.

دىن ئەقلىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، ئەقىل بايلىقىنى ئېچىپ زامانىنىڭ تەقەززاسىغا ماس قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق نا توغرا يول بىلەن پۇل تېپىش، ئەمەلگە ئولتۇرۇپ ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرۈشنى ئويلاش كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان بىر ئىش. چىن مەنىسىدىكى ئەمەلدار بولدۇڭ دېگەنلىك ئېغىر تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالدىڭ دېگەن گەپ. ئەمەلدار بولغۇچى خەلقنىڭ غېمىنى يېمىسە، ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىمىسا، ئىلىم - پەنگە تايىنىپ جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكمىسە، بۈگۈن ئاساسىدا ئەتىنى كۆرەلمىسە، ئاۋام ئۈچۈن بەخت يارىتالمىسا، ئومۇمىي تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا ئۇنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ. بۇنداق بىر دۆۋە گۆشلەر ئەمەل تەختىدە ئولتۇرغانىنىڭ ئەتىسى خەلقنىڭ شىنىللىسىگە مىنىدۇ، ئوڭنى تەتۈر، تەتۈرنى ئوڭ قىلىدۇ، غازنى كاتەككە، توخۇنى كۆلگە سولايدۇ، بۇنداق تەلۋىلەرچە ساراڭلاردىن جەمئىيىتىمىزدە يوق دەپ ئېيتالامسىز؟

مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى باراۋەرلىكنى، ھەمكارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، باراۋەرلىك، ھەمكارلىق ئۇ ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسە ئەمەس، ياكى ئۆسۈملۈككە ئوخشاش يەردىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس، ئۇ پەقەت ئىلىم - پەنگە تايىنىپ كۈرەش قىلغاندىلا، يېڭى پەن تېخنىكىنى ئىگىلەپ ئىقتىسادنى، تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئىگىلىكنى ئالغا سىلجىتقاندىلا، روھىي بېكىنمىچىلىكنى روھىي كەڭلىككە ئايلاندۇرغاندىلا ئاندىن ئېرىشكىلى بولىدىغان ئەنگۈشتەر. كونىلىققا ئېسىلىۋېلىش، يۆلىنىۋېلىش، ئىقتىدارسىز تۇرۇپمۇ ئەمەل تەمەسىدە ئۇسۇل ئويناش ھەم ئەمەل تۇتۇش، توپىلاڭدىن توغاچ ئوغۇرلاش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمنى روھىي قۇللۇققا يۈزلەندۈرۈپ، ئىدىيە، ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى بوغۇپ تاشلايدۇ. تەرەققىياتنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ. ئۇلۇغ ئىنسان دېڭ شىاۋپىڭ ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش توغرىسىدا ئاجايىپ دانا يوليورۇقلارنى بەرگەن. شۇنداقكەن تارىخىي تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، مائارىپ، ئىجتىمائىيەت دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسقا تاقابىل تۇرالايدىغان يېڭىچە تەپەككۇرغا ئىگە بولغاندىلا؛ روھىي ساپسىزلىق ئىللەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ دەۋر رېتىمىغا ماسلاشقىلى، تۈمەنلىگەن يۈرەك رىشتىنى مەزمۇت چېگىپ، ئۈزۈلمەس روھىي قورغان ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

كلاسسىكلىرىمىز ئۆز زامانىسىدىلا پىتنىخورلۇق، كولامچىلىققا شىددەت بىلەن ئوت ئاچقان، چېقىمچىلىقنى قاتتىق قامچىلىغان، تەمەخورلۇقنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ھەجۋىلەشتۈرگەن، زامانىمىز يازغۇچىلىرى شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. لېكىن، ئايرىم ساندىكى ئادەملەر مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ئەتىۋارلاپ ئۆزىنىڭ يان تايىقى قىلىۋالغان ئىشلار ئەتراپىمىزدا يوق ئەمەس. بۇ ئادەتتە توغرا بولمىغان خاھىش بولۇپ، ئۇ دۆلەتكە، خەلققە زىيان كەلتۈرىدۇ. قارايدىغان بولساق، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە، نېمىس تىللىرىنى بىلىدىغان، توغرا يول تۇتۇپ بىلىم ئىگىلەپ، دۆلەتكە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، ئىلمىي تەتقىقات، ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئوقۇتۇش، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىدە تۆھپە يارىتىۋاتقانلار ئاز ئەمەس. مۇشۇنداقلار تۇرغۇچىدا نادان، سەۋىيىسى يوق، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، بىر شاپتۇلنى ئون كۆرسىتىدىغان، گېپى جىق، ئىشى ئاز ئادەملەرنى تەختىپەرىدە ئولتۇرغۇزۇش كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟

ئومۇمەن دۇنيا زىددىيەت بىلەن تولغان بولىدۇ. زىددىيەتلىك دۇنيا كۆزنى چوڭ ئېچىپ، ناتوغرا رىقابەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، تۈرلۈك يامان ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەش، مىللەتنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىدا يېڭى مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، تۈرلۈك بۇلغۇنىشقا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، ئەقىل ئىگىلىكىگە تايانغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي تەرەققىيات مەنزىلىگە يەتكىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

ئابدۇرېشىت ئېلى

# ئاي نۇرى بېشىمدا چاقنار قېلىچتەك



تىرەن پىكىرلىك ياش شائىر ئابدۇرېشىت ئېلى 1973 ـ يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1996 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا ئاچقان ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئىلگىرى ـ كېيىن ئوتتۇرا ماكتەپتە تىل ـ ئەدەبىيات، ئوتتۇرا تېخنىكومدا يېزىقچىلىق ئوقۇتقۇچىسى، سەنئەت ئۆمەكتە ئىجادىيەتچى، ئىچكى ژۇرنالدا تېخنىك مۇھەررىر، كوررېكتور بولۇپ ئىشلىگەن.

ئۇ «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «بىز ياشايلى قۇشتەك ئازادە» قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن ئىجادىيەت قوشۇنىغا كىرگەن. ھازىرغىچە «نەگىرتاغ»، «نارىم»، «ئېلى دەرياسى»، «شىنجاڭ گېزىتى» ...قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا «مۇھەببەت پەسلى»، «بىرىنچى يار ھەققىدە قوشاق»، «مۇھەببەت خېتى» ...قاتارلىق 450 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، «زۆھرە»، «ۋوي ـ ۋوي» ...قاتارلىق 10 پارچىدىن ئارتۇق نەسىر، ھېكايىسى، «مېنى قۇتقۇزۇڭلار»، «جاڭگالدىن ھۇزۇرلىنىشمۇ بىرخىل سەنئەت» ...قاتارلىق بەش پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىي ئوبزور، نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. 15 پارچە شېئىرى ھەرخىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن، «شېئىر بىر كېسەلدۇر ماڭا چاپلاشقان»، «بۈگۈنكى زامان ئادىمى» ...قاتارلىق ئالتە پارچە شېئىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «سالغا تېشى» (خەنزۇچە)، «قەشقەردىكى يەر شارى»، «ئۈمىد يۇلتۇزلىرى» قاتارلىق توپلاملارغا بىر تۈركۈم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

ئۇ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. بىز بۇ ياش شائىرنىڭ قەلىمىگە نۇسرەت تىلەپ بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

—تەھرىر بۆلۈم

## ھاياتىمنى چەكمەكتە كېچە

مەرھۇم ئانام توختىمەۋىيخان ۋاپاتىنىڭ سەككىز يىللىق خاتىرىسىگە

شېئىر يېزىپ كەلمەكتىمەن كۆز ياش باغرىغا،
سەن ئۆلۈمنى ئىسپاتلىغان سەھەردىن بۇيان.
سىغىنىشنىڭ غۇۋۋا، نەمخۇش شامالىرىدا،
كۆيەر تېنىم بولۇپ گويا مەڭگۈلۈك گۈلخان.

جىملىق مەندىن يىراق جايدا لەززەتلەنمەكتە،
ئەتراپىمدا ئەسلىمىلەر تاشلايدۇ قاسراق.
ھاياتىمنى تاماكىدەك چەكمەكتە كېچە،
ئاي نۇرىدا سوزۇلماقتا سارغايغان ياپراق.

ئاقارتماقتا ئاداققى دەم خىياللىرىمنى،
ئىشەنچ باردۇر پاناھ جاي ۋە بىر بۇردا ناندا.
پاچاقلىدىم بىردىنلا مەن قەپەسلىرىمنى،
قىش كۈنىدەك تەسەللىلەر قالدى ئارماندا.

## بۇلبۇل بولۇپ سايرار خازانلار

چەكسىز كەتكەن جىمجىتلىق ئارا،
بىر يول باردۇر يىراق سوزۇلغان.
بۇلبۇل بولۇپ سايرار خازانلار،
لەرزان ئۇسسۇل ئوينايدۇ تۇمان.

كەلمەكتىسەن ئۈنسىز ـ تىنشانسىز،
كۆيەر تېنىڭ —روھىڭ لاۋۇلداپ.
جىلۋە قىلار يالقۇنلار ئارا،
ھايات ۋە قىز مۇزلارغا ئوخشاپ.

ئۇچرار ساڭا بىر تامچە كۆز ياش،
پارچىلىنار شەكىللەر ئاستا.
ئىستەكلەرگە ئەلۋىدا ئېيتىپ،
ئايلىنىسەن ئەرك تېغىغا.

## يوشۇرۇن پىچىرلاش

شېئىر يازماي ئۆتمەكتە كۈنلەر،
گاھى جىمجىت، گاھى ۋاقىراپ.
كۆز ئالدىمدا سوزۇلغان يوللار،
ئۈمىدىمدەك ياتار قاغجىراپ.

سايرىماقتا يالىڭاچ شاختا،
تەنها قۇشقاچ باھار كەلدى، دەپ.
قارىدىمەن ئەتراپقا شۇئان،
سەزدى تېنىم بىر ئاچچىق تىترەك.

پىچىرلىدىم: ئابدۇرېشىت ئېلى،
تېخى ھايات يۈرمەكتە بۇندا.
كۈل بولماقتا چەكسىز قىسمەتلەر،
ئۇنىڭ يىراق سەرسانلىقىدا.

**ئابلەت ئەخمەت**

## ئاھ، پەقەت كەچۈرگىن دەيمەن ھەممىگە

ئاي نۇرى بېشىمدا چاقنار قىلىچتەك،
بۇ يانۋار ئاخشىمى زېرىكىش ئارا.
قەلبىمنىڭ بىر يېرى تىلسىز بوۋاقتەك،
نەگىدۇر ئىنتىلىپ بېرىدۇ سادا.

تەنهامەن تېنىمدىن روھىمغا قەدەر،
ھېسلىرىم دېڭىزى قاتقان مۇز بولۇپ.
ئالبۇمۇم قېتىدا يىرتىق پەسىللەر،
كۆردۈڭمۇ، ياتماقتا كۆز ياشقا تولۇپ.

مەن بەلكىم ئېزىققان ئاشۇ چۆللەردە،
قالغاندۇر ياشلىقىم ناشقا ئايلىنىپ.
ئاھ، پەقەت كەچۈرگىن دەيمەن ھەممىگە،
ئېرىگەن قارلاردەك ھارغىن بىر تىنىپ.

# ئىككى شېئىر

## خەتنە قىلىش

تامچە ـ تامچە ئېقىپ چۈشكەن كۈنىنىڭ نۇرىدا،
ۋۇجۇدلاردا غۇنچىلايدۇ ئەرلىكنىڭ گۈلى.
ھاياجانلىق تۇيغۇلاردا چاقنار ئېزىلىراپ،
كىچىككىنە تەنلەر بولار ھەۋەسنىڭ چۆلى.

چاۋاك چالار تەبىئەتنىڭ گۈلگۈن شاخلىرى،
بۇ دۇنياغا يەنە بىر ئەر چېچەكلىدى، دەپ.
ئاشۇ تاپتا ھاياتلىقنىڭ مەلۇم يېرىدە،
پورەكلەيدۇ ئىپار ھىدى نازلار لەپىلدەپ.

قەدىم روھىنىڭ تەلقىنىدە يېقىلغان گۈلخان،
بۇ ئالەمنىڭ مۆجىزىسى ئىزاھ بىھاجەت.
پاكلىق ئۈچۈن كۆپۈلدىگەن بىرىنچى قەدەم،
تەننى روھقا، روھنى تەڭگە قوشقان مۇھەببەت.

## ھەي ئەر...

ھەي ئەر
بىر قىز چىقار تۇيغۇڭدىن سۆزسىز،
بىر قىز چىقار قوينىڭدىن يۈزسىز.
روھ كۈلىدۇ يالقۇنلىرىڭدا،
تەن كۈلىدۇ شاۋقۇنلىرىڭدا.

ھەي ئەر
ۋۇجۇدۇڭدىن پۈرايدۇ ئەنبەر،
قوللىرىڭدا تىترەيدۇ خەنجەر.
ھەي ئەر
بىر زەربەڭدىن دۇنيا شۈكلىسۇن
بىر كۈلكەڭدىن دۇنيا كۆكلىسۇن!

**روشەنگۈل روزى**

(ئاپتور: گۇما ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدا)

## قاراقاش

1 بەرگى تولۇق خۇشپۇراق گۈلسەن. ساڭا جان بەرگەن،
قاراقاش تومۇرۇڭدا ئاقار كۆۋەجەپ، ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان،
يورۇق چىمەن يۈزۈڭدە ئېچىلغان، ئوتتۇڭدا كۆيگەن، قارا قاشىنىڭ يىگىتلىرى.



ئازاد بولۇپ شاد خۇرام بولاي دېسەڭ تەمادىن قاچ.

بەرگىگىدىكى سۇزۇك شەبنەمدەك،
پاكىز، بىغۇبار
مەھرىملىك قىزلار.

2

قاراقاش
سەن بۇغرانىڭ ئەڭ تاتلىق چۈشى،
سەئىدنىڭ خىيالى ھەم سەن.
يېڭى ئىرا رېئاللىقىدىكى
بەر يىگىتتەك شەھەرسەن.

3

قاراقاش
سەن تېخى ياپياش،
تۇغۇم بىلەن داۋامدۇر ھايات.
تۇغالايسەن،
قەيسەر ئاتىلارنى،
تۇغالايسەن ھەم ئۈمىدكە سېزىك،
يارامىلىق ئانىلارنى.

4

قاراقاش
ياش تۆكۈش يوق،
سېنىڭدە ئەسلا.
تەر تۆكۈش،
يەنە تەر تۆكۈش بار،
سېنىڭدە پەقەت.
ئەڭ بۈيۈك ئارزۇنى،
باغاشلاپ مەھكەم.
ئەڭ ئۇلۇغ ئارمان بىلەن،
تۇرىسەن بەردەم.

(ئاپتور: مەكىت ناھىيە غازكۆل
يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

## ئەزىز مۇھەممەت شەمس

# رۇبائىيلار

مۇشكىلاتلار كېلىۋەرسە رەتمۇ ـ رەت،
يۈرەكلەرمۇ ئاغرىيدىكەن بەكمۇ سەت.
ئۆلىۋالغان بەزىلەرنى چۈشەندىم،
قىيناپتىكەن ئۇلارنىمۇ، بەكمۇ دەرد.

تۇتىۋالاي ئۆزۈمنى مەن، ھەسرەتتىن،
توختىمىسۇن يۈرىكىممۇ تۇساتتىن.
ئۆزۈم ياخشى، ئەسكى ئادەم يوق دېمە،
چىقىپ قالار دۈشمەن دېگەن ھەسەتتىن.

جانانغا كۆيدۈم دەپ ۋاقتىڭنى ئالدىڭ،
مۇھەببەت ئىشقىدا ئازابقا قالدىڭ.
سۆيگۈنۈڭ يەتمىسە ھالىڭغا قىلچە،
نېمە دەپ يەنىلا بۇ يولدا ماڭدىڭ؟

يار ئۈچۈن يۈگۈردۈڭ، بىر چاغ توختىماي،
قالىسەن ئۆزۈڭگە ئاخىر ئوخشىماي.
يار دەپلا ئۆتكۈزسەڭ ئۆمۈرنى شۇنداق،
كېچە ـ كۈندۈزى بىدار ـــ ئۇخلىماي.

مۇھەببەت يولىغا كىرمە ئالدىراپ،
سەتەڭنىڭ ئىشقىدا چېھرىڭە قاراپ.
مەجنۇنلۇق چۆلىدە تۈگەيسەن ئاخىر،
ئويلاپ باق، ئۆزۈڭنى قىلمىغىن خاراب.

ئۆزۈڭنىڭ ھالىنى ئويلاپ باق بۈگۈن،
ئالدىراش ئىشلىسەڭ، ئارامنى ئۆگەن.

نەپسىڭنى تىزگىنلەپ، سەھۋەنىنى تاشلاپ،
ئۆزۈڭنى ھەر ھالدا تۇتۇشنى ئۆگەن.

ئەقلىنىڭ چىرىغى يورۇتسا يولنى،
خاتىرجەم، باسقايسەن، ھەربىر قەدەمنى.
بۇ يولدا جاپالار تارتساڭمۇ مۇشكۈل،
تەمتىرەپ، ئالمىغىن ئارتقا قەدەمنى.

ھەسرەت دېگەن ئادەملەرنى قېرىتار،
ھەسەتخورنىڭ كېلەر ئەسلى ئىچى تار.
ھەسەت دېگەن ئاچكۆزلۈكتىن كېلەركەن،
ھەر ئادەمنىڭ ھەسەتخوردىن، غېمى بار.

سەن ساختا يېقىنلىق قىلساڭمۇ ماڭا،
ھەر قاچان ياخشىلىق، قىلدىم مەن ساڭا.
مەككارلىق قىلساڭ گەر پوستۇمغا كىرىپ،
نە پايدا تاپىسەن، ئەتراپقا قارا !

لەنەت سېنى ئەمدى قايتا كۆرگۈم يوق،
داتلاپ قەسەم ئىچسەڭمۇ گەر سۆيگۈم يوق.
سەندەكلەرنى مەن ئۆمرۈمدە جىق كۆرگەن،
ئاي بولسىمۇ ۋىجدانسىزغا كۆڭلۈم يوق.

كۆڭلۈم يۇمشاق، ئاق كۆڭۈل بولسامۇ،
توختاپ قالاي ئەمدى، ساڭا كۆيسەممۇ.
يىگىت دېگەن غۇرۇر بىلەن يىگىتتۇر،
رازىمەنكى ۋىجدان بىلەن ئۆلسەممۇ.

ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى كۆرمىگەن ئادەم، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدۇ .

ياشلىقىڭدا يول تېپىۋال تۇرمۇشقا،
قېرىغاندا مېغىز چېقىپ يېتىشقا.
بۇ سۆزۈمنى، قايتا ـ قايتا ئويلاپ باق،
بەزىلەر كۆپ ھەسرەت چەكتى نېمىشقا؟

بىلىم ئالساڭ، ئۆز ـ ئۆزۈڭدىن رازىسەن،
بىلىم بىلەن يېڭىلىقنى تاپىسەن.
ئىجاد بىلەن يېڭى يولنى تاپمىساڭ،
ئۆمۈر بويى قالاق بولۇپ قالىسەن.

يولى كەڭ ئاقىلنىڭ، بىلىمسىزنىڭ تار،
بۇ دۇنيادا ئىجادكارنىڭ ئېتى بار.
مىللەت بۇگۈن پەن ـ بىلىمدە تاغ ئاشسۇن،
گەر ئاشمىسا ئەته ـ ئۆتۈن بولار خار.

شائىرنى ئاقىل ئەۋزەل بىلەرمىش،
نادان ئىنسان شائىرسىز كېلەرمىش.
شائىرنى كىم ياراتقان بىلەمسەن؟
شائىرمۇ تىرىشچانغا بولارمىش.

**رەيھانگۈل مەمتىمىن**

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك يول ھەققىدە نازارەت قىلىش ئىدارىسىدا)

# ئىككى شېئىر

## ئارزۇيۇمدۇر سېنىڭ ۋىسالىڭ

توساتتىنلا كۆردۈم مەن سېنى
يۈرىكىمگە چۈشتى بىر تال چوغ
ئىختىيارسىز قادالدى جۈپ كۆز،
پاك قەلبىمدە يامرىدى جۇغ ـ جۇغ

نەقىش بولۇپ چېكىلدى جېنىم
كۈلۈپ تۇرغان گۈلدەك سىمايىڭ
ناخشا ـ كۈلكەڭ ھەمراھدۇر ماڭا
ئارزۇيۇمدۇر سېنىڭ ۋىسالىڭ

## سەن بولارسەن كىملەرنىڭ گۈلى

زارىقىشتا كۈتۈشلىرىمگە
سەندىن يوقتۇر ھېچ شېرىن جاۋاب
ياشلىق گۈلۈم كېتەرمۇ سولۇپ
مەجنۇن كەبى يولۇڭغا قاراپ ...

پاك سۆيگۈمنى ئاتىدىم ساڭا
قەلبىڭ بۇنى قوبۇل قىلارمۇ؟
ۋىسالىڭغا يېتەلمەي كەتسەم
ساڭا گۈللەر خەۋەر بېرەرمۇ؟

مەن ياشىدىم پىنھاندا بۇدەم
چىن سۆيگۈڭنىڭ بولۇپ بىرقۇلى
جۇدالىقتا كۆز يۇمساق ئەگەر،
سەن بولارسەن كىملەرنىڭ گۈلى

**مەمتىمىن نۇرى**

(ئاپتور: چىرا ناھىيە ئۇلۇغساي باشلانغۇچ مەكتەپتە)

# تۇزلۇق ئوتاغ سۆيگۈسى

ئەي ماڭا شەربەتۇ نان بەرگەن دىيار،
مۇھەببىتىم ـ ئىشقىم ساڭىلا تالىق.
كور بولاي سېنى مەن سىكۇنت ئۇنتۇسام،
ئىشەنگىن، مەن ساڭا بىر ئۆمۈر سادىق.
قوينۇڭدا ئۆتكۈزدۈم ئونبەش باھارنى،
تېزلا ئۆتۈپ كەتتى ئونبەش سۆيۈشتەك.
ۋەلېكىن، ئاقارمىش چاچۇ ساقالىم،
تاڭدا يالتىرىغان ئاپئاق كۈمۈشتەك.
سېنى كۆيلىمەككە تەۋرىدى قەلەم،
تاشتى ئىلھاملىرىم سەلدەك مەۋج ئۇرۇپ.
ھە، ئارمانلىرىمغا جان كىردى بۇگۈن،
سېغىنىشتىن ھېسسىياتىم قوزغىلىپ.

※ ※ ※

سالام، ئەي قوينى كەڭ، مېھماندوست زېمىن،
ئەسسالام، ئەي دىلكەش بوۋاي جوۋانلار.
سالام، ئەي تومۇزدا پىشقان، چېنىققان،
ئاق كۆڭۈل قىز ـ ئوغۇل، يىگىت ـ چوكانلار.
تەشەككۇر، ئەي چۆلنى ئاۋات ئەيلىگەن،
تارىخ ياراتقۇچى تەۋەرۈك قوللار.
سېغىنىپ سوقىدۇ سىزنى يۈرىكىم،



كىمكى جاپا زۇلۇم كەمىرىنى كۆتۈرسە، باشقىلار ئۇنىڭغا غەزەپ خەنجىرىنى كۆتۈرىدۇ.

ماڭا ئۆز ـ قېرىنداش يېتىم ھەم تۇللار...
ئاشۇ ئىسيانكار قوللار بەھرىدىن،
بەرق ئۇردى شۇنچىلىك ھۆسنۈڭ ـ جامالىڭ.
ئەۋلادلارنىڭ قۇتلۇق قولىدا چوقۇم،
ئاي كەبى تولغۇسى يەنە كامالىڭ.
مىڭ ئىگىلىپ تەزىم قىلسام، بۇ ـ ئاز،
مۆجىزە ياراتقان ئۇلۇغ دېھقانغا.
ئەقىدە باغلىغان ئۇچىن قەلبىدىن،
ھەقىقەت، تېخنىكا، ئىلمۇ ئېرپانغا.

※ ※ ※

ئاق توشقان، بوز توشقان پاناھى بولغان—
يۇلغۇنلۇق جەزىرە ساڭا ياندىشقان.
ھۆسنۈڭگە يۇلغۇننىڭ تۇزىماس چېچىكى،
كېلىن گۇل قىسقاندەك ئەجەب ياراشقان.
شىۋاقلىق چېغىر يول — مەن ماڭغان يوللار،
ئاسفالىتلىق يوللار نەلەردە قالسۇن!
مەن ئۇچۇن سەن شۇنچە ئەلا ۋە يۈكسەك،
سېغىزلىرىڭ ئالماس، قۇملىرىڭ ئالتۇن...
ئانا تۇپراق! شادلان، روھلان، پەخىرلەن!
باس باغرىڭغا، سۆيگىن پالۋانلىرىڭنى!
ئىرادىسى پولات دېھقانلىرىڭنى!
بەرگەن نېمەتلىرىڭ، ئىلتىپاتلىرىڭ،
ئۇنتۇلغايمۇ؟ ھەرگىز! ئۇنتىدى دېمە.
ھالال تۇزۇڭ ئۇرسۇن مېنى، ئەي دىيار،
ئاسىيلىق قىلماقنى ئىستىدى دېمە.
ئەسلەيمەن چىمەنزار يايلاقلىرىڭنى
ئەسلەيمەن گىگانت قەد كۆتىرىپ تۇرغان،
ئەسىرلەر شاھىدى توغراقلىرىڭنى.
ئەسلەيمەن مىنگەشكەن بارخانلىرىڭنى،
ئەسلەيمەن ساپ ھاۋا ـ ئايدىڭ دالادا،

قىزىرىپ چوغلانغان گۈلخانلىرىڭنى.
گۈزەلسەن، قۇشقاچقا ھۆسنۈڭگە ھۆسىن،
كۈمۈش يوپۇرماقلىق قىزىل مارجانلار.
گۈل ھۆسنۈڭگە زوقلىنىپ كېتەر،
ھەر تاڭدا بۇ يولدىن ئۆتكەن كارۋانلار.
قەدىم يىپەك يولى شۇ يەردىن ئۆتكەن،
قاقاس تۇپرىقىڭدا ئەجدادلار ئىزى.
شاھىدتۇر بۇنىڭغا جىمى كائىنات:
سەييارە —قۇياش، ئاي، ساما يولتۇزى...
مەكتەپكە يول ئالغان ئۇماق باللار،
خىيالىمدا ماڭا دائىمى ھەمدەم.
ئۇلارنىڭ بەختىيار، پارلاق چېھرىدە،
بۇ دىيار ئىستىگەن ئىقبال مۇجەسسەم.
نومۇسچان قىزلىرىڭ دىلغا ئوت ياقار،
ئۇلارغا ئۇلگىدۇر ھۆررۇ غىلمانلار.
قىزلارغا جۈر بولۇپ ناخشا ياڭرىتار،
كۆچىتۈڭگۈر ۋە قورقماس باتۇر ئوغلانلار.
باغرىڭدا ياشنىغان ئەزىم توغراقلار...
يىراق تارىخىڭدىن بىرىدۇ ئۇچۇر.
پەن ـ بىلىم كۈچىدىن سىرلىق «تىلسىمات»—
ئېچىلدى، ئۇنىڭدىن ئالدۇق نەپ ـ ھوزۇر.
ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ چوڭقۇر تەكتىڭدە،
نېفىت، گاز زاپىسى — دەريا ـ دەريا ماي...
ھەقلىقمىز شۇڭلاشقا شۇنداق دېيىشكە:
«شۇ بايلىق بىزنىڭكى — ئەمەسمىز گاداي».
ساغلام، سۈزۈك ئۇندا ئاسمان گۈمبىرى،
بۇلغىنىشتىن خالى، تازا، بىغۇبار.
ئۇندا يوق ئىس ـ تۈتەك، شاۋقۇنسىز،
تىنچ ...ئۇ يەردە ھەممىگە سالامەتلىك يار.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيىلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە)

## ئەركىن مۇھەممەت كامالى
## ئىككى سونت

※ ※ ※

1

ئاسماندىن تۆكۈلگەن نىلۇفەر گۈللەر،
پەرىلەر كۆڭلىدەك سۈزۈك ھەم ئاپئاق.
شاۋقۇننى يوقاتقان ئەينەكتەك كۆللەر،
قىلمايدۇ ھېچ قاچان قىرلارغا چاقچاق.
چايكىلار نەلەرگە كەتتىكىن ئۇچۇپ،
توشقانلار چېپىشىپ يۈرەر خىرامان.
تۇرسىمۇ شىۋىرغان ئەتراپنى قۇچۇپ،
باللار شادلىقى كەڭ كەتكەن ئاسمان.
كۆرۈنمەس ئۇپۇقنىڭ سىزىقى كۆزگە،
چېھرىدە تەبەسسۇم قېرىنىڭ، ياشنىڭ.
ئوخشايدۇ كەڭ دالا گويا ئاق بۆزگە،
بۇ شۇنداق پەسىلدۇر شۇنداق ياشاشنىڭ.
ھەر كۈننىڭ ئۆزگىچە باردۇر قىممىتى،

ئوخشىماس بىر كىمگە بىر كىم قىسمىتى.

2

ئالتۇندەك تاڭلارغا كۈلۈپ قارايمەن،
ئالتۇن بوپ كۆرۈنەر ھەر بىر گىياھ، تاش.
ھەربىر كۆز بىر يۇلتۇز ئازماي سانايمەن،
قەلبىمدە ئىپتىخار چاقنىغىدا ياش.
ھەربىر تال چېچەكنىڭ كۆركى ئۆزگىچە،
ھەر چىمدىم تۇپراقتا سۆيگۈ مۇجەسسەم.

ھەق سۆزلەر ئاقىدۇ ئويمان ـ تۈزگىچە،
ھەر ئۆيدە ياڭرايدۇ مۇناجات، نەجەم.
قىزلارنىڭ كۈلكىسى لېۋەن بەك لېۋەن،
يىگىتلەر شادلىقى قۇچار ئاسماننى.
كۆكۈل باغ، ھويلا باغ، ئەتراپ گۈل، چىمەن،
سۆزلەيدۇ بەس ـ بەستە تارىخ، داستاننى.
بۇ مېنىڭ مەھەللەم بۇ مېنىڭ خەلقىم،
يېتىلگەن بۇ جايدا ئىدرىكىم ـ ئەقلىم.

نۇرمۇھەممەت تۇردىئەخمەت

# ئىككى شېئىر

## كۆكۈل ئوخشار جانان چىنىگە

ئۆزگىلەر چۈن ھەر دائىم قولۇڭ بولسۇن كۆكسۈڭدە،
رەنجىتمىگىن نەپىنى دەپ دىللىرىنى ئۇلارنىڭ.
كۆچىتىگە سۇ قۇيساڭ ھىممىتىڭنى ئايىماي،
بەركىتىدە ياشنايسەن سەن ئەبەدىي شۇلارنىڭ.

ئادەم دېگەن گول نەرسە خۇددى سەبىي بالىدەك،
پەپىلىسەڭ گول بولار ئالدانغاندەك تۈلكىگە.
لېكىن، سۆزۈڭ چىن بولسۇن ۋاپالىقتا يېگانە،
قالماي دېسەڭ ئاقىۋەت ساختىلىقتا كۈلكىگە.

ياخشى سۆزدىن ھەر كۆكۈل دەرھال تەسكىن تاپىدۇ،
نېمە ھاجەت ساق دىلنى بىھۇدىلا رەنجىتىش.
كۆكۈل دېگەن زىل نەرسە خۇددى جانان چىنىدەك،
ئاقىللىقمۇ ئاچچىقتىن يۈرەكلەرنى تەۋرىتىش.

ئويلاپ كۆرسەڭ بۇ جاھان باقىي ئەمەس ھېچكىمگە،
ھەقىقەتقۇ ئىنسانىنىڭ بىر كۈن ئۆلۈپ كەتكىنى.
مىسال دېسەڭ ئىسكەندەر، لوقمانلارنى بۇنىڭغا،
لاپ ئەمەسقۇ جېنىغا قارا ئەجەل يەتكىنى.
شۇڭا دەيمەن زىتلىشىش ئۇنچە ياخشى ئىش ئەمەس،
نېمە تاپتۇق زىتلىشىپ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە.
ئەجدادلارنىڭ قىسمىتى بۇڭا ياخشى گۇۋاھتۇر،
بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس بىر يامانلىق ئۆلگۈچە.

ئەستە بولسۇن چەكلىكتۇر ئۆمۈر دېگەن ئادەمگە،
بىزمۇ شۇنداق لوقماندەك بىر كۈن ئۆلۈپ كېتىمىز.
ئەجەل ھىدى شۇ تاپتا قاڭسىق پۇراپ تۇرىدۇ،
ئاز كۈن ئۆتمەي بىزلەرمۇ تۇپراق بولۇپ كېتىمىز.

تۆت كۈن دەيدۇ دۇنيانى تۆت كۈنگە قايىلمەن،
مەيلى تۆت كۈن ياشىسام دوستلار ئۈچۈن دۇنيادا.
ئارمىنىم شۇ قەبرەمنى تۇرسا دائىم سۈپۈرۈپ،
ئۆلۈپ كەتسەم دوستلىرىم ياد ئېتىشىپ دىللاردا.

خۇشاللىقنىڭ سىرلىرى نېمە ئىكەن بىلمىدىم،
لېكىن، خۇشال ئۆتەركەن دائىم ئىناق يۈرگىنى.
ئەمدى بىلدىم ھاتەمدەك مىننىتى يوق كىشىنىڭ،
يالغان ئىكەن كۆز يۇمۇپ ئۇ دۇنياغا كەتكىنى.

## مېھىر بىلەن باقساڭلار ھاياتلىقتا ئادەملەر

مېھىر بىلەن باقساڭلار ھاياتلىقتا ئادەملەر،
قۇياش كۈلۈپ سىلەرگە ئىللىق قۇچاق ئاچىدۇ.
ناخشاڭلاردا بارچىنى كۈيلىسەڭلار ئادەملەر،
ئەل رەھمىتى سىلەرگە دەريا بولۇپ ئاقىدۇ.

چۆللەرنىمۇ ياشارتىپ گۈللەتسەڭلار ئادەملەر،
ھەر پەسىلدە يامغۇرمۇ سىلەر ئۈچۈن ياغىدۇ.
دەردمەنلەرنىڭ بېشىنى سىيلىساڭلار ئادەملەر،
ئۇستۇڭلاردىن تەگرىمۇ بەخت نۇرىن چاچىدۇ.

ئەل بېغىدا بۇلبۇلدەك سايرىساڭلار ئادەملەر،
قىزىلگۈلمۇ سىلەرگە نازلىق كۈلۈپ باقىدۇ.
يېتىملارنىڭ دىلىدا پارلىساڭلار ئادەملەر،
سېپىرلارنى ئايالار سىلەر ئۈچۈن ساغىدۇ.

مەرىپەتنىڭ كۈيىنى ياڭراتساڭلار ئادەملەر،
ئارزۇيۇڭلار قۇش بولۇپ كۆكتە قانات قاقىدۇ.
ھەقىقەتنىڭ كۆكىدە چاقنىساڭلار ئادەملەر،
بەخت كۈلۈپ سىلەرگە ئىللىق چىراي ئاچىدۇ.
(ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئاقساراي يېزا ئاباغ جىلغا كەنت 1 ـ مەھەللىدىن)

بۇ گورۇپپا شېئىرلارنىڭ تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

كېرىكىدىن ئارتۇقنى ئىزدىگەن ئادەم ھەممىدىن قۇرۇق قالىدۇ.

مۇتەللىپ ئىقبال



# چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ شەھەرگە كىرىشى

(فېليەتون)

بىر كۈنى چىن تۆمۈر باتۇر ئارغىماق ئېتىغا مىنىپتۇ ـ دە، جانىۋارلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ شەھەر كۆرۈپ چىقىش ئويىدا سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. لېكىن، شەھەردە ئىش ئۇنىڭ ئويىدىكىدەك بولماپتۇ. ئۇ ئەمدىلا شەھەرگە كىرىپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتسا، بىلىكىگە قىزىل لاتا چىگىۋالغان ناتونۇش بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ.

ھېلىقى كىشى بوز ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ چىن تۆمۈر باتۇرغا يول ياقىسىدىكى قاتناش بەلگىسىنى كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ:

— ئاۋۇ بەلگىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ شەھەر كوچىسىغا ھايۋانلارنىڭ كىرىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. ئاتتىن چۈشۈڭ!

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆزىنىڭ چەت يەردىن كەلگەنلىكىنى، شەھەرگە تۇنجى قېتىم كىرگەنلىكىنى، بۇنداق قائىدىلەردىن زادىلا خەۋىرى يوقلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھېلىقى كىشى تېخىمۇ چالۋاقاپ كېتىپتۇ:

— مۇشۇ سەھرالىق خەقنى كۆرسە، ئون يىل كاۋاپ بېرىپ باقسىمۇ يەنە زاغرا پۇرايدۇ، پەقەت غەرەز ئۇقمايدۇ. ئاتتىن چۈش، شەھەرگە كىرسەڭ پىيادە كىر، بولمىسا نەدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە كەت!

شۇنچە يول يۈرۈپ شەھەرگە تۇنجى كىرگەن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ شەھەرنى ئايلانمايلا قايتىپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. ئۇ نېمىلا بولمىسۇن شەھەرنى كۆرۈپ كېتىش نىيىتىگە كەپتۇ ـ دە، ئېتىنى قالدۇرۇپ شەھەرگە ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ. ئۇ يول بويىدىكى ئېگىز بىنالارغا، يېرىم يالىڭاچ قىز ـ چوكانلارغا قاراپ ھەيران قالسا، شەھەر بالىلىرى ئۇنىڭ جانىۋارلىرىغا قىزىقىپ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋاپتۇ.

— ھوي، ئاۋۇ قانداق مەخلۇقتۇ، — دەپتۇ تېنى ۋىجىك بىر بالا چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ پوش ـ پوش مۈشۈكىنى كۆرسىتىپ.

— شۇنىمۇ تونىمىدىڭمۇ؟ — ئۇزۇن چاچلىق 14 ياشلار چامىسىدىكى يەنە بىر بالا پوش ـ پوش مۈشۈكنى تونۇشتۇرۇشقا باشلاپتۇ، — ئۇ «غەرىبكە ساياھەت» فىلىمىدىكى تاڭ سىڭنى يەپ كەتكىلى تاس قالغان يولۋاس شۇ.

— ھە ئەمدى يادىمغا كەلدى، ھېلى-

چىرىغىنى كۈندۈز ياندۇرغان ئادەمنىڭ كېچىسى قاراڭغۇ بولىدۇ.

قى ۋۇسۇڭ جىڭياڭ داۋىنىدا ئۆلتۈرگەن يولۋاس شۇ ئىكەن ـ دە.

— ئۇ ئادەم شەپەرەڭ پالۋاندەك باتۇر ئىكەن، قورقماي بىر يولۋاسنى ئەگەشتۇرۇپ مېڭىپتۇ. قارىغاندا ئۇ چەت ئەللىك ئوخشايدۇ.

باللار شۇ تەرىقىدە قىزىقىپ چىن تۆمۈر باتۇردىن ئىسمىنى سوراپتۇ.

— ئىسمىم چىن تۆمۈر.

ئۇ ئۆزىگە يات باللارغا ئارتۇقچە گەپ قىلماپتۇ.

— قانداق، مەن دېمىدىممۇ ئۇ چەت ئەللىك ئىكەن. بولمىسا ئۇنىڭ ئىسمىمۇ سىڭىلگىدەك «يەھيا» بولماتتى.

— قاراڭلار، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئىتقا، ئۇ چوقۇم ئىت تالاشتۇرغىلى مېڭىپتۇ. ئۆتكەندە دادام بىلەن ئويۇنغا بارغاندا باشقىلار شۇنداق ھايۋاننى ئىت دەپ يۇرەتتى.

— ھوي، ئىت دېگەن شاكىلات يەمۇ؟

باللار ئويلىنىپ قاپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر شەھەر كوچىلىرىدىكى چوشقىدەك سەمىرىپ قورساق سالغان ئەرلەرنى كۆرۈپ خىيالغا پېتىپتۇ. «تووۋا! بۇ يەردە ئەر كىشىمۇ ھامىلدار بولىدىغان ئوخشايدۇ. جاھاندا بۇنداقمۇ قىزىق ئىشلار بار ئىكەن. مەن بىر چاغلاردا ئۆز موخ ئەمەلدارلىرىنىڭ شۇنداق سېمىزلىكىنى كۆرگەن. يا بۇلارمۇ ئۆز موخ لەشكەرلىرىدەك باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟ ئەتراپتا ھېچقانداق ئۇچار قانات كۆرۈنمەيدۇ ...ئاسماننى قويۇق ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ كېتىپتۇ، يات ئارىدا بۇ يەردە قىيامەت قايىم بولامدۇ نېمە؟ ئەتراپ شۇنچە تۇمانلىق، تىن ئېلىش قىيىن تۇرسا شەھەرلىكلەر بۇنى سەزمىگەنمىدۇ؟ ...» چىن تۆمۈر باتۇر شۇ ئويدا شەھەر كوچىسىنى ئايلىنىپ بىر دوقمۇشقا كەلگەندە، يان تېـ

لېفوندا سۆزلىشىۋاتقان سېمىز بىر ئەرنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۇ ئەر ھەدەپ قۇلىقىنى تۇتۇپ سۆزلەۋاتقۇدەك:

— شەھەرگە يۆتكەلمەكچى بولسا 5 مىڭ يۈەن تەييارلىسۇن...

— ...

— 3 مىڭ يۈەنما؟! ...بولمايدۇ، يۈنچىلىك پۇلنى كىمگە تەڭلىگىلى بولىدۇ. ھېچ بولمىغاندا غوجامنىڭ ئايالىنىڭ يۇمشاق بىلىكىگە بىر جۈپ ئالتۇن بىلەيزۈك سېلىپ قويمىساق بۇ ئىشنى بىجىرمەك تەس.

— ماقۇل ئەمىسە، ماقۇل. خوش، خوش.

ھېلىقى ئەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىشى، ئۆزىچە ئالدىغا ئېڭىشىپ كىم بىلەندۇر بىرى بىلەن خوشلىشىۋاتقانلىقى شەھەردىكى ھوقۇق سودىسىدىن، ئوچۇق ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمەت يۆتكەشتىكى كىم ئارتۇق كېلىشىم باھاسىدىن بىخەۋەر چىن تۆمۈر باتۇرغا ساراڭنىڭ ئىشىدەك بىلىنىپتۇ.

ئۇ قاش قارايغان ۋاقىتتا ئارغىمىقىنى قالدۇرۇپ قويغان يەرگە قايتىپ كەپتۇ ـ دە، ھېلىقى ناتونۇش كىشىنى يا ئارغىماق ئېتىنى تاپالماي شەھەردە قونۇپ قېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ بىر مېھمانخانىغا كىرىپتۇ.

— ياتاق پۇلىنى ئالدىن تۆلەڭ!

— پۇل؟ — چىن تۆمۈر باتۇر گاڭگىراپ قاپتۇ. جاڭگالدا ھەممە نېمە ھەقسىز تۇرسا، ئۇ پۇل دېگەننى نېمە بىلسۇن.

— نەدىن كەلگەن قەلەندەرسەن، پۇلى يوق تۇرۇپ ياتاقتا ياتىدىغان؟ ھازىر ھەممە ئىش پۇل بىلەن يۈرىشىدۇ. پۇلۇڭ بولمىسا ماڭ، تونۇردا يات. بۇ خەيرى ـ ساخاۋەت ئورنى ئەمەس.



راستلىق يولىدا ئۆلۈش يالغانچى بولۇپ ئۇزاق ياشىغاندىن ئەۋزەل.

چىن تۆمۈر باتۇر ئامالسىز تاخ ـ تاخ توخۇسىنى ياتاق ھەققىگە ھېسابلاپ بېرىپتۇ. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىنسانىي ـ مېھرى مۇھەببەتنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن، ئىنساپ ۋاپانىڭ پۇل دېگەن نەرسىگە قۇل بولغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلىنىپتۇ.

تۈن نىسپىي بولغاندا تۇيۇقسىز ياتاق ئىشىكى ئېچىلىپ ياتاققا چېچىنى سېرىق بوياۋالغان بىر قىز كىرىپ كەپتۇ.

— ئاكا ئوينامسىز؟ بىر قېتىملىقى يۈز يۈەن. ئەگەر مېنى چوڭ كۆرسىڭىز سىڭلىمنى چاقىرىپ كىرەي.

— چىن تۆمۈر باتۇر ئۇۋ قىلىپ قۇش ئويناشنى بىلگەن بىلەن كېچىدە كىرگەن بۇ سەتەڭنىڭ نېمە ئوينايدىغانلىقىنى ئەسلا بىلەلمەپتۇ.

— كېلىڭە ئاكا. تۇمۇچۇقتەك قىزلارنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ بېقىڭ.

يېرىم يالىڭاچلانغان ھېلىقى سەتەڭ نازلانغىنىچە چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ بوينىغا گىرە ساپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر پەقەت ھالال ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدا بولىدىغان ھېلىقى ئىشنىڭ يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى پەرەز قىپتۇ ـ دە، سەتەڭنى ئىتتىرىۋېتىپتۇ.

— نېماندااق قورقۇنچاق ئادەمسىز، بىرەر كېچە بىللە ياتقانغا نېمە بوپتۇ. ھازىر شەھەردە بۇنداق ئىشلار كۆپ. شەھەرلىك ئەرلەرنىڭ ئاز دېگەندە بەش ـ ئالتىدىن ئاشنىسى بولىدۇ. ئەگەر ئۆزىڭىزدە گۇمان بولسا مەڭ ماۋۇ دورىنى يەڭ. كارامىتىنى شۇ چاغدا كۆرىسىز. چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالماپتۇ ـ دە، ئۇنى ئىتتىرىپ ياتاقتىن چىقىرىۋېتىپ شەھەردىكى ئەيشى ـ ئىشرەت، بۇزۇقچىلىققا، ئىپپەت سودىسىغا نالەت ئوقۇپ خىيال كۆزى ئويقۇغا كېتىپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر ئۇۋغا چىقىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنىڭغا غايىپتىن بىر سادا كەپتۇ.

— ئى باتۇر، ئۆيۈڭگە يان. ئۆز بېشىمچى، بىشەم سىڭلىڭ يەنە بالاغا يولۇقتى. ئۇ، بۇ قېتىم يەتتە باشلىق يالماۋۇزدىن نەچچە ھەسسە ياۋۇز، ئۇزمۇخ لەشكەر جاللاتلىرىدىن نەچچە ھەسسە ۋەھشىي بىر روھىيەت مەخلۇقىغا ئەل بولدى. ئۇ ھازىر سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىپ، دەججالنىڭ ئېشىكىدەك قىرىق خىل رەڭدە بوياپ، يېرىم يالىڭاچ ھالدا كەتسە كەلمەس سەپەرگە تاييارلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا نە مىللەتنىڭكە خاس روھىي ئىرسىيەت، جىسمانىي پەزىلەت يوق. شۇ تاپ ئۇ روھىي چىركىنلىككە قۇل بولۇپ ئەخلاق زەئىپلىكى باياۋانىدا ھالسىراۋاتقان سىڭلىڭ ئۆز خۇدىنى بىلمەي شۆھرەت بالاسىغا ئەگىشىپ، روھىيەت مەخلۇقىغا يەم بولۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. تېز بول سىڭلىڭنى قۇتقاز ...سىڭلىڭنى قۇتقاز!

سادا ئاستا ـ ئاستا تاغ كەينىگە مۆكۈپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئارغىماق ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۆيىگە يېقىنلىشىپتۇ ـ دە، مەختۇمسۇلانىڭ ئەنسىز چىقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ.

— سىڭلىم ...سىڭلىم — ...چىلىق ـ چىلىق قارا تەرگە چۆمۈلگەن چىن تۆمۈر باتۇر چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، كۆڭلى بىر ۋەھىمىنى تۇيۇپ ئارغىماق ئېتىنىمۇ ئىزدىمەي جاڭگالغا قاراپ يۈگرەپتۇ...

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيە توخۇلا يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم


بېشىڭنى پەقەت ئۆز تىرناقلىرىڭ بىلەن قاشلىيالايسەن.

ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيار

# ئىككى نەسىر

## تۈن سەيلىسى

قاراڭغۇلۇقتا ئۆزۈملا تۈگەپ كەتسەم، قاراڭـ
غۇ دۇنيا تامامەن ئۆزۈمگىلا تەن بولسا.
«سايىنىڭ ۋىداسى» دىن.

تۈن ــــ قەلبلەر تەكتىدە ئېچىلغان
گۈلخان. ھۇقۇشنىڭ كۆزىدىكى ئەركىن
ماكان. رېئاللىقنىڭ يېرىمى. ئۇ زۇلمەتنى
بىلەن سۈرلۈك ۋە سېھىرلىك. ئۇ ھەممىنى
يۇتىۋېتەلەيدۇ، ئەمما، سەيلىچى يۇلتۇزلار
بۇنىڭ سىرتىدا. شۇڭا مەن تۈن سەيلىسـ
نى ياخشى كۆرىمەن. ئەنە، تىمتاسلىق ئىـ
چىدىكى ھەرىكەتچان شەھەر ئۇيقۇ پەردـ
سىنىڭ ئىللىق قۇچىقىدا بوۋاقتەك شېرىن
ئۇيقۇغا چۆمگەن. ئىتلارنىڭ ئۇزۇپ ـ ئۇـ
زۇپ قاۋىشى، پاقىلارنىڭ كوكىرىشى، ئۆتـ
مۈشنىڭ قارنىدا قارماقتىكى بېلىقتەك تىـ
رەكەشمەكتە. ھايات بوينىنى غازدەك سوزۇـ
شۇپ، دۇم كۆمتىرىلگەن قازان ئىچىدە
قۇرت ـ قوڭغۇزدەك تىپىرلىماقتا. ئىشقىـ
ۋازلار ۋە پاھىشىلەرنىڭ ناخشىسىدىن ئۇـ
يالغان ئاي يۈزى ئېچىلمىغان كېلىنچەكـ
تەك زېمىنغا قىيا باقماقتا. تەپكۈچ ئوينىـ
ۋاتقان كۆز ئەينەكلىك، شەپكىلىك يىلانلار
نېمىنىدۇر تەپمەكتە. قۇلۇپلارنىڭ قايرىلىـ
شىدىن چۆچىگەن چۆجىلەر تۈگۈلۈپ ياتـ
ماقتا. چاشقاننىڭ ناۋاسى ئەقىدەڭنى غاـ
جىلىماقتا. كىمدۇر بىراۋلار ئۇستەل ئۈسـ
تىدە. مەن شامالالارغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىـ
مەن. كۆرگىنىم تۈن بالىسىنىڭ بۇزۇلغان
ئىپپىتى. روھىم گويا ھەرە كۆنىكى. ئەمەـ
لىيەتتە، ئويلىغىنىمىزدەك نۇر ھەممىنى
بىرەلمەيدۇ. ئەمما، نۇرسىز ياشيالمايمىز.
ئويلايدىغىنىم، تۈن جىيىكىدىن يېقىنلاپ
كەلگەن تاڭنى كۆرۈش.

خەير تۈن بالىسى. ئۇيۇق قانغا بويالـ
غان بولسا، مېنى ئۇزات! بولمىسا پايانىڭدا
كۆكلەت! مەن ئۇندا ئىپلاسلىقنىڭ شېرىن
تەمىدىن مەڭگۈ لەززەتلىنەي! بولمىسا باشـ
قىلار تۈن سەيلىسىدىن ئۈمىدسىزلىك
پاتقىقىغا چۆكۈپ كەتمىسۇن!

ئېھ سېھىرلىك تۈن سەيلىسى! باغـ
رىڭ مېنىڭلا ئۇۋام بولسۇن!

## ياۋا گىياھ

(لۇشۇن ئەپەندىگە بېغىشلايمەن)

ھاياتنىڭ لاي توپىسىنى يەرگە تاشـ
لىۋەتسەم، ئۇنىڭدىن دەل ـ دەرەخ ئۈنمەي،
ياۋا گىياھ ئۈنۈپ چىقتى، بۇ مېنىڭ گۇناـ
ھىم. «بېغىشلىما» دىن.

يىللار قاقىرلاردەك ئۇچماقتا. ياۋا گىـ
ياھ قەلبىم قېتىدا مۇز ئاستىدىكى سۇدەك
روھ ئېتىزىمنى سۇغۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ
شېرىن دەملىرىدىن ئۈنۈپ چىققان مىسراـ
لار تەپەككۇر قۇلۇقىمدا بېلىقلارنى ناۋالاـ
تماقتا. رېئاللىقنىڭ ئاچچىق ھەقىقىتى
باش باھار كۈنلىرىدىكى يامغۇردەك ھاياتـ
لىق ئوچۇقىغا قويۇلماقتا. يادنامە بولۇپ
كەتكەن «چىلان دەرىخى»، «تىلەمچى»،
«سايىنىڭ ۋىداسى» ... كۆزۈمگە يىڭنىدەك
سانچىلدى ـ دە، قەلبىمنى سۇندۇرىۋەتتى.
ئېنىقكى، «ئىتنىڭ رەدىيىسى»، «ھالسىـ
رىغان جەھەتنىڭ قىمىرلىشى» ...لار بۇـ
رۇتلۇق ئەپەندىنىڭ قېنىدىن كۆكلىگەنىـ
دى.

ئەينى چاغدا بۇرۇتلۇق ئەپەندىم زۇلـ
مەتلىك تۈن قوينىدا ئاچچىق تاماكۇسىنى
چەككىنىچە ئەنسىزچىلىك ئىزلىرى بېـ
سىپ كەتكەن كوچىلارنىڭ جاراھەتلىرىنى
ساقايتىش ئۈچۈن تەشنىكىگە «ياۋا گىياھ»
نى كۆچۈرۈپ، دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ،
قۇياشقا قارىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ نۇرلىـ
رى ئۆتكۈر قىلىچ بىسىدەك يالتىراپ، ناـ
دانلىقنىڭ گۈللىرىنى قىرقىپ، بۇلۇڭ ـ
پۇشقاقلىرىچە تارالغانىدى. لېكىن، «ياۋا گىـ
ياھ» نىڭ بەختسىزلىكى يەنە ساقلانماقتا.

مەن ئويلىدىم، ئەپەندىمنىڭ بىزدىن
كۈتكىنى بەخت گۈلى ئىدى. ئەمما، بىز
رەزىللىك گۈللىنى تاللىۋالدۇق. شۇڭا تىـ
كەن ئىزىدىن زىدە بولغان يۈرەك كېسەلـ
مەن ئادەمدەك زەئىپ ئىڭراپ، لالما ئىتنى
ئەسلىتىپ قويدى. ئەمەلىيەتتىمۇ رېئاللىق
يېڭىلىنىپ تۇراتتى. شۇڭىمۇ «قەبرە يازۇـ
لىرى» كۆلكىسىدىن قالدى.

مەن «ياۋا گىياھ» تېرىغان ئىدىم،
ئالا ـ بۇلا ئۈنۈپ چىقتى. ئاچچىق خۇرـ
سىندىم. قەلەمدىشىم: ــــ ئۇ بوران ئېغىـ
زىدا ئۆسەلەيدۇ ــ دېدى. مەن : «ياۋا گىـ
ياھ» نىڭ چۈشى بۇزۇلمايدۇ دېدىم.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا
مەكتەپتە)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

بېلىققا كۆڭلى تارتقاننىڭ ئايىغى سوغۇق سۇدا بولۇدۇ

ئالتۇنگۈل ئابدۇللا

# خىياللىرىم، مېنى ئالدىما

(نەسىر)

ئويناق خىياللار، مېنى ئالدىمايدىغانسەن؟!

ئاشۇ يىگىتنى تۇنجى كۆرگىنىمدىلا قۇرۇپ خەسكە ئايلانغان يۈرىكىمگە كۆپپىدە ئوت كەتتى. ئوت! ئوت يالقۇنچىماقتا. بەئەينى پەلەك پىشۋاسىنىڭ قۇر ئۇچىقىدىكى يالقۇندەك مېنى تاۋلىماقتا. ئۇنىڭ مېنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىشى ياكى تاۋلاپ ساپ سۆيگۈ مەشۇقى شىرىنىگە ئايلاندۇرۇشىنى بىلمەيمەن!

شۇنداق، يىگىتنىڭ تون يۇلتۇزلىرىدەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە سۆيگۈ ئۇچىنقى ئەمەس، پاك مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈك يالقۇنى گۈرۈلدەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شوخلۇق بىلەن مۇلايىملىق، ئېغىر بېسىقلىق مۇجەسسەملەشكەن قامىتى بەئەينى سۇلىرى جىرا بويلاپ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان تاغلارغا، مېھرىلىك قوينى گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن تەبىئەت باغرىغا ئوخشايدۇ. مەن ئاشۇ تاغدەك قامەتكە پېچەك گۈل بولۇپ چىرمىشىشنى، ئاشۇ باغۇ ئېرەمدىكى گۈللەردە بۇلبۇل بولۇپ سايراشنى نەقەدەر خالايمەن ـ ھە!؟

ئاھ پەرۋەردىگارىم، شۇ يىگىتنىڭ مېھرىگە تەشنا قىلغانىكەنسەن، بۇ بەخت بوستانىنى قاغا ـ قۇزغۇنلاردىن يىراق قىلىپ، شادلىق گۈللىرىمنى يەنىمۇ پۈرەكلەپ ئېچىلدۇرغايسەن!

ئويناق خىياللار مېنى ئالدىمايدىغانسەن!

ھايات ئادەمنى ھەر كويغا سالىدۇ. ئادەمگە تېپىش قىيىن بولغان تېپىشماقلارنى تاشلايدۇ. ئۇ مېھرىمان ئانىغا ئوخشاش ھەمىشە ئادەمنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئەركىلىتىپمۇ يۈرمەيدۇ! بىر ئادەمگە بىر ئەسىر ياشاشقا ئىمكان بەرگەن ھايات بەزىدە يەنە بىر ئىنساننىڭ بۆشۈكتىكى بوۋاق چېغىدىمۇ، تۇنجۇقتۇرۇۋېتەلەيدۇ. شۇنداق نەۋقىران، ھۆسنىگە تولغان، كامالەتكە يەتكەن بىر ئىنساننى ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر شەمشىرى بىلەن بىر تىنىقتىلا ھالاك قىلالايدۇ. ساھىپخان ئالەم ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ۋە نەپرەتلىك مېھمانلىرىنى ئۈمىد بىلەن ئالداپ تۇرۇپمۇ قوپاللىق بىلەن ئۇزىتىپ قويالايدۇ!

دەرد ـ ئەلەملەر يوشۇرنۇپ تۇرغان بەختنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولمىغاندەك، يوشۇرنۇپ تۇرغان ھالاكەتنىمۇ سېزىۋالغىلى بولمايدۇ. ئىنساننىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بىلەن قۇدرەتلىنىپ، ئاجايىپ شېرىن لەززەتنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا يۈكسەك پەرۋاز قىلىۋاتقان ئارزۇ كەپتەرلىرىنى، ھاياتنىڭ تويۇقسىز پەيدا بولىدىغان لەنىتى قۇزغۇنلىرى ئۇرۇپ ـ چۈشۈرۈپ تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ. شۇڭا ئىنسان ھاياتىدا شىردەك تاقەتلىك، چۆمۈلىدەك غەيرەتلىك بولۇپ، ھايات ۋە مۇھەببەتكە توغرا مۇئامىلە قىلغاندىلا، چاڭقاق دىللىرى سۆيگۈ كەۋسىرىنى قانغۇچە ئىچەلەيدۇ.

ئويناق خىياللار، مېنى ئالدىمايدىغانسەن؟!

شۇنداق خىياللىرىم، مېنى ھەرگىز ئالدىما! مەن ئاشۇ يىگىتنى ئۆز ھاياتىمنىڭ ئەڭ قىممەتلىك دەقىقىلىرىدە، چىن يۈرىكىمنىڭ ئاشىق بولۇپ، لەۋلىرىمنى ئېزىپ تۇرۇپ قانغۇچە سۆيەي! مۇشۇ سۆيۈش ئىچىدە ھاياتىم بەخت پەيزىگە چۆمۈلگىنىچە كەڭ تەبىئەتنىڭ گۈل ـ گۈلىستانلىق باغرىغا ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كەتسۇن!

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدلىيە ئىدارىسىدا)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

مۇرەببىيسى يوق ئادەمنى ھاياتنىڭ ئۆزى تەربىيىلەيدۇ.



# مىكرو ھېكايىلاردىن

# تاللانمىلار

## تەگداشسىز ئەگگۈشتەر

ۋىسائىل (گىرمانىيە)

— بۇ ئالماس ھالقا قالتىس نازۇك، دوكىنىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك گۆھەر ھېسابلىنىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ئۇنچە - مەرۋايىت سودىگىرى بېندىل.

— بۇ ھالقىنى ياقتۇرامسىز سۆيۈملۈكۈم؟ — دەپ سورىدى ئەر خېرىدار يېنىدىكى ياش خانىمغا قاراپ مېھرىبانلىق بىلەن.

— ياقتۇرامسىز دېگىنىڭىزنى قاراڭ، بۇنداق ئېسىل ئالماسنى مەن ئەزەلدىن كۆرۈپمۇ باقمىغان تۇرسام ... — دېدى پۇزۇر كىيىنگەن ياش خانىم خۇشياقمىغان ھالدا.

— بۇنى قانچە پۇلغا ساتىسىز؟ — دەپ سورىدى خېرىدار دۇكانداردىن.

بېندىلنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. بۇنداق ئۇچۇق - يورۇق خېرىدارنى ئۇ تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىشى ئىدى.

— بۇ ئالماسنىڭ باھاسى جەزمەن ئەرزان ئەمەس، — دېدى ئۇ خېرىدارنى سىناۋاتقاندەك قىلىپ.

— ئەلبەتتە، — دېدى ئەر خېرىدار پەرۋا قىلماستىن، — قانچە پۇلغا ساتىسىز؟

— يۈز مىڭ، — دېدى دۇكاندار گويا نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلمىسا بۇ گەپنى دېيەلمەيدىغاندەك چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ.

دوكان ئىچى خېلى بىر مەھەلگىچە تىمتاسلىققا چۆمدى. ھېلىقى پۇزۇر ئايال چۆچۈپ كەتكەندەك، بىر جۈپ چىرايلىق كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە يېنىدىكى ئەرگە قارايتتى.

— پۇلنى چەك ئارقىلىق تاپشۇرسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئەر قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا.

ئاجايىپ تاسادىپىيلىق ھېس قىلغان بېندىل بىر ئاش پىشمىغىچە ئېسىگە كېلەلمەي قالدى. دۇكانىنىڭ يەنە بىر بېشىدا تۇرغان ئىككى ئايال پىركازچىكمۇ بايىقى سۆزلەرگە ئىشەنمىگەندەك ھەيرانلىق ئىلكىدە بىر - بىرىگە قاراشتى.

— نېمە بولدى؟ — دېدى ئەر خېرىدار خاپا بولغان ھالدا، — ئەجەبا سىز مېنى يۈز مىڭ ماركنى يېنىمدا ئېلىپ يۈرۈيدۇ دەپ ئويلىمايدىغانسىز؟

— يوغسۇ ئەپەندىم، — دېدى دۇكاندار بېندىل خېرىدارغا ھاڭۋېقىپ قارىغان ھالدا، — بىراق، بىخەتەرلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، چەكنى ئىسپاتلاپ بېقىشىمىز كېرەك - تە. كۇتۇپخانىدا بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرالامسىز؟

بېندىل خېرىدارلارنى كۇتۇپخانىغا باشلاپ قويۇپ، ئۇلار بەرگەن «كارىل شۇرمان» ئىمزاسىدىكى چەكنى بىر ئايال پىركازچىكقا تۇتقۇزدى.

ئون مىنوتتىن كېيىن، چەكنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەن بېندىل خاتىرجەم بولدى. ھەر دائىم ئۇچراپ تۇرمايدىغان بۇنداق تىجارەتتىن ئۇنىڭ دىلى راستىنلا

ئەدەپ تاجىنى كىيگەن كىشى ھېچ يەردە خار بولماس.

سۆيۈنگەنىدى. بۇ ئالماس ھەقىقەتەن قىممەتلىك بولۇپ، ناھايىتى سىپتا پىششىقلانغانىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى: ئالماسنىڭ ئۈستىدە كىچىككىنە بىر نۇقسانى بولۇپ، ئۇ ئالماسنىڭ باھاسىنى نەچچە ئونمىڭ ھەسسە چۈشۈرىۋېتەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ ئەيىبىنى كەسىپ ئەھلى بولمىغانلار بايقىيالمايتتى. شۇڭا بېندىل ئۇنى ئۆلچەملىك مەھسۇلات سۈپىتىدە سېتىۋېتىشتىن سىرت، يەنە قىرىق مىڭ مارك نەپ ئالدى ـ دە، كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ نامراتقا يولۇقۇپ قالمىغانلىقىدىن رازىمەنلىك ھېس قىلدى.

نەچچە ھەپتە ئۆتكەندە، كارىل شۇرمان ئىسىملىك كىشى دوكانغا يەنە كىرىپ كەلدى. بېندىل ئۇنى كۆرۈپ دەرھال تونۇۋالدى ـ دە، كۆڭلىدە «ئالماسنىڭ ئەيىبىنى بىلىۋالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى.

ــ بۇ بىزنىڭ يېڭى ئادرېسىمىز، ــ دېدى شۇرمان يانچۇقىدىن بىر ئىسىم كارتىسىنى چىقىرىپ، ــ سىزنىڭ قېشىڭىزدىن ھېلىقى ئالماسنى سېتىۋالغاندىن بۇيان، ئايالىم ئۇنى ھەر كۈنى يېنىدىن ئايرىمايدىغان بولدى. مەن بۇنىڭدىن تېخىمۇ غەمگە پاتتىم. كۆڭلۈمدە ئۇنى خۇشال قىلىدىغان يەنە بىر سوۋغات تاپالماي قېلىشىمدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا يەنە بىرنى سوۋغا قىلاي دېگەن يەرگە كەلدىم. ئەگەر شۇنداق قىلسام ئۇ جەزمەن خوش بولىدۇ. بىراق، بۇ قېتىم بىلەيزۈك بولسا تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى. نەچچە بولسا مەيلى.

ــ بۇ مۇمكىن بولماسكەن، ــ دېدى بېندىل، ــ دۇنيادا تامامەن ئوخشاش ئالماسنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ـ تە.

ــ ئۇنداقتا بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ، ــ دېدى شۇرمان ئۆڭكى ئۆچكەن ھالدا، ــ كەسپداشلىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىپ باققان بولسىڭىز بوپتىكەن.

ــ ئالاقىلىشىپ باقاي ئەپەندىم، ــ دېدى بېندىل نېمە دېيىشنى بىلەلمەي.

ــ ئەگەر تاپالىسىڭىز، ماڭا تېلېفون بېرىۋېتەرسىز.

بېندىل تۆت ئەتراپنى ئىزلىدى. يۈزدىن ئارتۇق دۇكاندارغا خەت يېزىپ ئالاقىلاشتى. بىراق، نەچچە ئايلاردىن كېيىنمۇ ھېچقانداق ئۇچۇر بولمىدى. دەل شۇ چاغدا، ئۇ ئەۋەتكەن بىر كىشى يىراق شەرقتىن تېلېفون بېرىپ، بىرمىنىڭ رانگون شەھىرىدە ئۇنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان بىر ئالماسنى بايقىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ــ باھاسى قانچىلىك بولۇشتىن قەتئىينەزەر قولغا چۈشۈرۈڭلار، ــ دېدى بېندىل تېلېفوندا.

بېندىل ھېلىقى ئالماسنى 350 مىڭ مارك خەجلەپ قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، چەكسىز خوش بولدى. بىراق، ئۇ كۆڭلىدە ھېلىقى ئالماسنىڭ شۇرمانغا ساتقان ئالماسقا تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئەسلىدىكى ئۈنچە ـ مەرۋايىت باھالاش مۇتەخەسسىسىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى.

ــ ھەي ئىست، سىز بۇ ئالماسنى ئاللىقاچان سېتىۋەتكەن ئىدىڭىزغۇ؟ ــ دېدى مۇتەخەسسىس ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي.

ــ خاتالاشتىڭىز، سىز ئېيتقان ھېلىقى ئالماسنى مەن ئاللىقاچان سېتىۋەتكەن، بۇ دېگەن باشقىسى. بىراق، بۇنىڭغىمۇ ئاللىقاچان خېرىدار تەييار بولغان، ــ دېدى بېندىل.

ــ ئېنىق بىر نېمە دېيىش ئۈچۈن ئىككى كۈن كېتىدۇ. ھېلىقى ئالماسنىڭمۇ دەل مۇشۇ يېرىدە نۇقسان بار ئىدى. مۇبادا بۇنىڭمۇ نۇقسانى شۇ يەردە بولسا بۇ جەزمەن ھېلىقى ئالماس دەل ئۆزى بولىدۇ، ــ دېدى مۇتەخەسسىس.

بېندىلنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. ئۇ جىددىيلەشكەن ھالدا تېلېفون قېشىغا بېرىپ، شۇرماننىڭ تېلېفون نومۇرىنى بۇرىدى.

ــ بۇ جاي ئالىي دەرىجىلىك مېھـ

ئاتاڭنىڭ دۈشمىنى ھېچقاچان ساڭا دوست بولالمايدۇ.

مانساراي ... تولىمۇ ئەپسۇس، شورمان ئەپەندىم ئىككى كۈن بۇرۇنلا بۇ يەردىن كەتكەن. ھېچقانداق ئادرېسىنى قالدۇرمىغان، ــ دېدى بىر ئايال جاۋاب بېرىپ.

## چۈشەندۈرۈش

بورونتوف ( سوۋېت ئىتتىپاقى)

چەشرەك داستىخان سېلىنغان يۇمۇلاق شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئۈچەيلەن ئىچىدە، سەككىز ياشلىق ۋېكا كىتاب كۆتۈۋاتقان بولۇپ، دادىسى گېزىت ئوقۇۋاتاتتى. ئانىسى كۆرپىگە گۈل تىكىۋاتاتتى.

ــ بىر مەسىلىنى زادىلا چۈشىنەلمەيۋاتىمەن دادا، ــ دېدى ۋېكا تويۇقسىز دادىسىغا قاراپ، ــ دەپ بېرىڭە، نېمىشقا بەزى كىشىلەر دائىم جىدەللىشىپ قالىدۇ؟

ــ بۇنى چۈشەنمەك ئاسانغۇ، ــ دېدى دادىسى گېزىتنى قويۇپ، ــ مەسىلەن، ئۆي باشقۇرغۇچى بىلەن تازىلىقچى ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاۋى بولسا...

ــ ئۇنداق ئىش يوق، ــ دېدى ئانىسى دادىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ــ ئۆي باشقۇرغۇچى بىلەن تازىلىقچىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئوبدان تۇرامدۇ!

ــ مەنمۇ پەقەت مىسالغا ئېلىۋاتىمەنغۇ، ــ دېدى دادىسى چۈشەندۈرۈپ.

ــ سىز ھېچقانداق ئاساسسىز بۇنداق مىسالنى ئالماسلىقىڭىز كېرەك، ــ دېدى ئانىسى تېخىمۇ ۋاقىراپ.

ــ ئەمىسە بالىغا سىز چۈشەندۈرۈپ قويۇڭە...

ــ سىز ھەمىشە مەسئۇلىيەتنى ماڭىلا دۆڭگەپ قويىسىز.

ــ مەن سىزگە دۆڭگەپ قويمىدىم، بەلكى سىز قۇسرۇق تېپىۋاتىسىز...

ــ مەن قۇسرۇق تېپىپتىمەنمۇ؟

ــ ھەئە، سىز قۇسرۇق تېپىۋاتىسىز.

ــ قۇسرۇق تاپقىنى سىز...

ــ بولدى جېدەللىشىۋەرمەڭلار، ــ دېدى ۋېكا ئاراشلاپ، ــ مەن چۈشىنىپ بولدۇم.

## قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى

خاشىك (چىخ)

نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

ــ مەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولۇپ قالدىم.

ــ ئىسمىڭىز نېمە؟ نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىسىز؟ نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

ــ مەن ھېندرىخ مېيىر بولىمەن، باغاچچى، 60 ياشقا كىردىم.

ــ ئەگەر 50 ياش كىچىك بولغان بولسىڭىز، ئۆسمۈرلەرنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىگە بارسىڭىز بولاتتى. سىز تۈرمىدە يېتىپ باققانمۇ؟

ــ مەن ئۆمرۈمدە دەۋا ـ دەستۇر قىلىپ باقمىغانمەن.

ــ چاتاق بوپتۇ. ئەگەر تۈرمىدە يېتىپ باققان بولسىڭىز، قويۇپ بېرىلگەن جىنايەتچىلەرنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى سىزنى قوبۇل قىلغان بولاتتى. پەمىمچە سىز ھاراقكەشقۇ دەيمەن؟

ــ نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ ئۆمرۈمدە بىر تامچە ھاراقنى يېقىن بولمىغانمەن.

ــ سىز ئۈچۈن راستىنلا ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن. ئەگەر ھاراقكەش بولغان بولسىڭىز، سىزنى ھاراقكەشلەرنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىگە ئاپىرىپ بەرگىلى بولاتتى. ھەي ...ھېچ بولمىسا ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەن قىز بولماپتىكەنسىز، ئەگەر شۇنداق بولغان بولسىڭىز، سىزنى يولدىن چىققان قىزلارنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى قۇتقۇزۇۋالاتتى. ئەگەر خورلانغان ئات بولغان بولسىڭىز، سىزنى ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى قۇتقۇزۇۋالاتتى. قارىغاندا سىز ئىسلام مۇرتى ياكى كۆپ خىل ئېلاھلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىنلارنىڭ مۇرىتىمۇ ئەمەسكەنسىز، غەيرى دىن مۇرىتلىرىنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىمۇ سىزگە ھېچقانداق ياردەم قىلالمىغۇدەك. مەن ئويلايمەن، سىز مۇبادا بىر ئوغرى بولۇپ قالغان بولسىڭىزچۇ كاشكى، ئوغۇرلاپ باققانمۇ ـ يە؟ ئوغۇرلاپ باقمىغانمۇ؟ ئۇنداقتا ئادەتلەنگەن ئوغۇرلارنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىمۇ سىزنى قوبۇل قىلمايدۇ. سىزنى لۈكچەكلەرنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىگە ئاپىرىپ بېرەيلى دېسەم، ئەپتىڭىز تازا ماس كەلمىگۈدەك، بولمىسا ئۇ يەردىن جان باققۇدەك پۇلغا ئېرىشەلەيتتىڭىز.

ـــ ماڭا قۇتقۇزۇش پۇلى كېرەك ئەمەس، قىلىدىغان ئىش بولسىلا بولدى.

ـــ ئىش قىلاي دەمسىز ـ دە؟ قېرىندىشىم، ئىش قىلىمەن دەڭ ... مۇشۇ تاپتا بىزگىمۇ قىلغىلى ئىش يوق، زېرىكىپ كەتكىنىمىزنى كۆرمەمسىز ـ دە؟

## دېڭىز ۋە كارۋات

(فرانسىيە)

جىمى ئېنگىلاندىكى بىر كىچىك بازاردا تۇراتتى. ئۇ ئەزەلدىن دېڭىزنى كۆرۈپ باقمىغانلىقتىن، پۇرسەت چىقىرىپ كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، ئۇ دېڭىز بويىغا كەلگەندە تۇمانلىق ۋە سوغۇق ھاۋاغا دۇچ كەلدى ـ دە، دېڭىزنى ياقتۇرمىدى. «ـ تۇۋا، ھېلىمۇ ماتروس بولماپتىكەنمەن، بۇ تولىمۇ خەتەرلىك ئىشكەن»، دەپ ئويلىدى ئۇ.

دېڭىز بويىدا ئۇ بىر ماتروس بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

ـــ سىز دېڭىزنى نېمىشقا ياقتۇرۇپ قالدىڭىز؟ دېڭىز ھەم سوغۇق ھەم تۇمانلىق تۇرسا، ـــ دەپ سورىدى جىمى.

ـــ دېڭىز ھەمىشە تۇمانلىق ۋە سوغۇق بولۇۋەرمەيدۇ، بەزىدە سۈپ سۈزۈك ھەم گۈزەل بولۇپ كېتىدۇ. بىراق، مەن دېڭىزنى ھەر قاچان ياقتۇرۇۋېرىمەن، ـــ دېدى ماتروس.

ـــ ماتروس بولۇش بەك خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ـــ دېدى جىمى.

ـــ بىر كىشى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ياقتۇرۇپ قىلىۋاتقاندا ھەرگىزمۇ خەتەرلىك بىلىنمەيدۇ، جەمەتىمىزنىڭ ھەممىسى دېڭىزنى ياقتۇرىدۇ، ـــ دېدى ماتروس.

ـــ دادىڭىز ھازىر قەيەردە؟

ـــ دېڭىزدا ئۆلۈپ كەتكەن.

ـــ بوۋىڭىزچۇ؟

ـــ ئاتلانتىك ئوكياندا ئۆلۈپ كەتكەن.

ـــ ئاكىڭىز...؟

ـــ ئۇ ھىندىستاندىكى بىر دەريادا سۇ ئۈزۈۋاتقاندا تىمساھ يۇتۇۋالغان.

ـــ شۇنداق بولغاندىن كېيىن ـــ دېدى جىمى، ـــ مۇبادا مەن بولسام ھەرگىز دېڭىزغا قايتا چىقمايتتىم.

ـــ دادىڭىزنىڭ قەيەردە ئۆلۈپ كەتكىنىنى دەپ بېرەلەمسىز؟ ـــ دەپ سورىدى ماتروس.

ـــ ئۇ كارۋاتتا جان ئۈزگەن، ـــ دېدى جىمى.

ـــ بوۋىڭىزچۇ؟

ـــ ئۇمۇ كارۋاتتا نەپەستىن قالغان.

ـــ بۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن ھەرگىز كارۋاتقا چىقمىغان بولاتتىم، ـــ دېدى ماتروس.

يارىماسلارنىڭ نەزىرىدە ھەر قانداق ئىشنى قىلىش خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان كىشىلەر ھەمىشە قىيىنچىلىقنى كۆزگە ئىلماي باتۇرلارچە ئىلگىرىلەيدۇ.

«دۇنيا كلاسسىك مىكرو ھېكايىلىرى» (ياۋروپا قىسمى) دىن **داۋۇت ئادىل** تەرجىمىسى.

(ئاپتور: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

تەھرىرى: **مەتسېلىم مەتقاسىم**

# سەرگەردان قەھرىمان ۋە 5 مىلى يۈەن مۇكاپات

خەۋەر قىلىنىشىچە 2004 ـ يىلى يىل
بېشىدا ناتالىيا مورىيا( Natalia Moria )
دېگەن سەرگەردان ئىتالىيىدە ھەممىنىڭ
دىققىتىنى تارتقان شەخس بولۇپ قالغان.
پرېزىدېنت كارلو ئازېگلىئوسىئامپى
( Carlo Azeglio Ciampi )ئىنتايىن
قىزغىن كەيپىياتتا ناتالىيا مورىياغا دۆلەت-
نىڭ ئەڭ ئالىي مۇكاپاتى بولغان «پۇقرالار
ئالتۇن شەرەپ مۇكاپاتى» نى بەرگەن ھەمدە
ئۇنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن ھېسابلاشماي،
لۈكچەكلەر بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلغان-
لىقىنى ماختىغان. ۋەقەنىڭ جەريانى ناھا-
يىتى ئاددىي بولۇپ، بۇنىڭدىن يېرىم ئايچە
ئىلگىرىكى بىر كۈنى، رىم شەھىرىدىكى
بىر دېسكوخانىنىڭ يېنىدا ئىككى ئەر
كىشىنىڭ بەش نەپەر قىزچاقنى ئۇرۇپ ـ
بۇلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ناتالىيا مورىيا
قىلچە ئىككىلەنمەستىن بۇ جىنايى قىل-
مىشنى توسۇش ئۈچۈن لۈكچەكلەرگە ئې-
تىلغان. نەتىجىدە، بۇ ئىككى لۈكچەك
قىزلارنى قويۇپ، ناتالىيا مورىيانى ئەسە-
بىيلەرچە( ئۇرۇپ كەتكەن، ئاخىرىدا ھېلى-
قى قىزچاقلار خەتەردىن ئامان قالغان، ئەمما،
ناتالىيا مورىيا تاياق زەربىسىدە ھوشىدىن
كەتكەن. قارىماققا، ھەر قانداق بىر دۆلەتتە
ماگدامدا بىر كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان
بۇنداق ھەققانىيەت يولىدىكى پىداكارلىقنى
جاھاننى زىل ـ زىلىگە سالىدىغان ئىش
دېگىلى بولمىسىمۇ، ناتالىيا مورىيانىڭ شۇ
قەدەر كاتتا شەرەپكە نائىل بولالىشىدا، ئۇ-
نىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى تېخىمۇ مۇھىم
ئورۇن تۇتقان. 57 ياشلىق ناتالىيا مورىيا
ئەسلىدە بىر بەچچىۋاز، ئايالچە كېيىنىشكە
ئامراق ئادەم بولۇپ، يۇرتىدىكى كىشىلەر
ئۇنى ياقتۇرمايتتى. ئۇ ئىشلىگەن زاۋۇت
تاقىلىپ كېتىش ۋە تانساخانا تىجارىتىنى
ئاقتۇرالماسلىق سەۋەبلىك نەچچە رەت
ئىشسىز قېلىپ، تاكى ۋەقە يۈز بەرگەنگە
قەدەر رىم شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا سەرسانە
كۈن كۆچۈرۈپ كەلگەن. («بېيجىڭ ياش-
لىرى گېزىتى» نىڭ 3 ـ يانۋار سانىدىن
ئېلىندى).

جۇڭگودا: «قەھرىماننىڭ نەسەبى
سۈرۈشتۈرۈلمەسلىك» دېگەن گەپ بار. ئۇ
مەيلى تۆرە ـ ئېسىل زادە ئەۋلادى ۋە ياكى
پېقىر ـ مىسكىنىنىڭ پۇشتى بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، پەقەت قەھرىمانلىق كۆرسەت-
كەن بولسىلا، چوقۇم ئوخشاش دەرىجىدىكى
مۇكاپات ۋە شەرەپكە ئېرىشتۈرۈلىشى كې-
رەك. بۇنداق بولغاندا، مۇكاپاتلاشتىكى
ھەققانىيلىق پرىنسىپى نامايان قىلىنىش
بىلەن بىرگە، «ھەممە ئادەم باب ـ باراۋەر»
دېگەن قانۇنىي ئۇقۇممۇ ئەمەلدە ئۆزىنى
كۆرسىتەلەيدۇ.

شۇ تاپتا، رىمدا مەيدانغا كەلگەن
ھەققانىيەت يولىدىكى پىداكارلىقتىن ئۇس-
تۈن تۇرىدىغان، جۇڭگونىڭ پايتەختى ـــ
بېيجىڭدا دېگۈدەك ئوخشاش ۋاقىتتا بولغان
ھەققانىيەت يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشنى زادىلا
ئېچىمگە سىغدۇرالمايۋاتىمەن: بۇ كۈنى
ئەنخۇي ئۆلكىسىدىن بېيجىڭغا ئىش ئىز-
لەپ كەلگىنىگە تېخى 5 كۈن بولغان لياڭ
يوۋلەي (梁友来) نۇرغۇن ئادەملەر قاتارى
فېڭتەي رايونىدىكى تۆمۈر يول ئېغىزى
سالاسۇنى ئالدىدا پويىزنىڭ ئۆتۈپ كېتى-
شىنى كۈتۈپ تۇرغىنىدا، بىر موماي سالا-
سۇن ئارىسىدىن قىسىلىپ ئۆتۈپ، دەل-
دەڭشىگەن ھالدا تۆمۈر يولغا ئۆزىنى تاش-

لايدۇ. بۇ چاغدا، پويىز تېز سۈرئەتتە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئەھۋالنى كۆرگەن لياڭ يوۋلەي دەرھال مومايىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئەپسۇس، ئۇ سەل كېچىكىپ قالغاچقا، ھېلىقى موماي بىلەن بىرگە پويىز ئاستىدا جان ئۈزىدۇ. نەق مەيداننى كۆرگەنلەر بۇ ياشنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىدىن تولىمۇ تەسىرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ۋەقە يۈز بەرگەن جاي —— بېيجىڭ شەھىرى فېڭتەي رايونلۇق ھۆكۈمەت لياڭ يوۋلەينى «ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن، تەقدىرلەش —— مۇكاپاتلاشقا مۇناسىپ» دەپ بېكىتكەن. نىھايەت، 80 نەچچە ياشلىق ئانىسى، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلى بار لياڭ يوۋلەي ئائىلىسى قانداق مۇكاپاتقا ئېرىشتى دېمەمسىز؟ گەرچە ئۇ ھەققانىيەت يولىدا ھاياتىدىن كەچكىنى بىلەن ناتالىيا مورىيادەك ئامەتلىك ئەمەسكەن، ئېرىشكىنى ئاران 5 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بولدى.

بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوقۇغانلىكى ئادەم دېگۈدەك ھەيرەتتە قېلىشتى: بۇ 5 مىڭ يۈەن نېمىگە ئەرزىيدۇ؟ بۇ يېزىدا ناھايىتى بىر تۇياق كالا ياكى بىر دانە قول تراكتورى كېلىدىغان، شەھەردە بىر دانە ئەرمەك ھايۋان ياكى بىر ئېسىل پىكاپىنىڭ چاقى كېلىدىغان ھەتتاكى بەزى ئەمەلدارلارنىڭ بىر ۋاقلىق تاماقىغىمۇ يەتمەيدىغان پۇلغۇ!! ئەمما، لياڭ يوۋلەي بولسا بىر تېرىك، تەندۇرۇس ئادەم تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى ئەمەسمىدى؟

بۇ تۆلەم —— مەيلى قايسى خىل بەلگىلىمە ۋە ھۆججەتكە ئاساسەن بېرىلگەن بولمىسۇن، ئىش قىلىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا جېنىنى پىدا قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلماي قالمايدۇ. گەرچە، ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكۈچىنىڭ نەپ ـ ئامانلىقىغا ئېرىشكۈچى تەرەپتىن تۆلەم تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولغىنى بىلەن، (بۇ قېتىملىق ۋەقەدە) قارشى تەرەپمۇ ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا، تۆلەم تۆلىتىۋېلىش دېگەندىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ـ تە. (مۇمكىن بولغان تەقدىردىمۇ، ناۋادا تۆلەم تۆلەشكە قۇربى يەتمەيدىغان كىشىگە دۇچ كەپقالغاندا، تۆلەم تۆلىتىش دېگەن ئۇسسۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ). بۇنداق ئەھۋالدا قوپالراق قىلىپ ئېيتقاندا، مۇنداق پىداكارلىقتىن كۆرە، قاتناش ھادىسىگە ئۇچراپ ئۆلگەن تۈزۈكرەك. چۈنكى بۇنىڭدا بەختسىزلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئېرىشىدىغان تۆلىمى بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئەگەر ناتالىيا مورىيا كېلىپ چىقىشى سەۋەبلىك، «ئامەتتى ئۇگدىن كېلىپ قاپتۇ» دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، لياڭ يوۋلەي ئائىلىسىنىڭ ئاران 5 مىڭ يۈەن تۆلەمگە ئېرىشىشىنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئۇنىڭ «ئۇرۇغ ـ نەسەب» ىدىن كۆرمەي ئىلاج يوق. چۈنكى، بىر تەرەپتىن، بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە: دېھقانلارنىڭ ياراتقانلىرىنىڭ قىممىتى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ جېنىمۇ ھېچقانچە پۇلغا يارىمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار تۆۋەن تەبىقىدىن بولۇپ، داغدۇغۇلۇق تەقدىرلەش ـ مۇكاپاتلاشقا ئەرزىمىسىگەچ، ئارتۇق تۆلەم بەرمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ قىلچە ئاساسسىز سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرۇم ئەمەس. ئالايلۇق: ئەگەر مەلۇم بىر پىداكارلىق كۆرسەتكۈچى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ كادىرى، دۆلەت مەمۇرى ياكى ساقچى ۋەياكى تۆمۈر يول ئىشچىسى بولۇپ قالسا ئۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولار؟ ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولغىنىدا، ئالدى بىلەن سورۇن چوقۇم ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بولىدۇ؛ ئارقىدىن



تورمۇش قايناملىرىدا ئېقىشتىن قاچساڭ ناپاكلىقتا تۇتقۇن بولۇسەن.

داغدۇغۇلۇق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ تارماقنىڭ كاتتىلىرى ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن هال ـ ئەهـ ۋال سورايدۇ، ئاخىرىدا جەمئىيەتنىڭ هەر قايسى قاتلاملىرىدا قەهرىماندىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يېيىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەرهۇمنىڭ ئائىلە تاۋا- بىئاتلىرى نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئىئانىگە ئېرىشىدۇ هەمدە مەرهۇم ئىشلىگەن ئورۇن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تۆلەم پۇلى بې- رىدۇ.

دەرۋەقە، بۇندىن بىر يىل ئىلگىرى بېيجىڭدىكى بىر ساقچى لۈچكىلەرنى قوغ- لاپ تۇتۇش جەريانىدا، بەختكە قارشى قازا قىلغان. ۋەقەدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلى- سىدىكىلەر هەر قايسى تەرەپلەردىن كەلگەن تۆلەم هەمدە ئىئانە بولۇپ 500 نەچچە مىڭ يۈەنگە ئېرىشكەن.

ساقچىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا يۈز بەرگەن بۇ قازانىڭ هەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش بىلەن ماهىيەت جەهەتتىن پەرقى بار. بى- راق، لياڭ يوۋلەيگە ئوخشاش بىر دېهقانىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىلتىپاتلاردىن بەهرىمەن بو- لالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئىقتىسادىي جەهەتتىكى تۆلەمنىڭ ئازلىقىدىن بولغان كۆڭۈل غەشلىكىنى تىلغا ئالمىغاندىمۇ، «قەهرىمان» دېگەن نام بېرىلمەك تۇگۇل، رەهبەرلەرنىڭ تىل ئۇچىدا بولسىمۇ تەشۋىق قىلىپ، ماختاپ قويىشىغىمۇ مۇيەسسەر بولالمايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، كىشىلەر مۇنداق بىر ئەهۋالغا دىققەت قىلىشماقتا: بىرەر رەهبىرى كادىر ناۋادا تاسادىپىي يولدا يولۇقۇپ قالغان جىددىي قۇتقۇزۇشقا تې- گىشلىك بىمارنى مەخسۇس ماشىنىسىدا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويىدىغان بولسا، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق گېزىتلەردە شۇ زامان پۇر كېتىدۇ. ئەمما، ئاشۇ گېزىتلەردىن دېهقان قەهرىمان توغرۇلۇق بىرەر جۈملە ئۇچراتـ قىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئارىسىدىن هەقىقىي قەهرىمان چىقمىغانمۇ ـ يا؟ چىققان! بىـ راق، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى لياڭ يوۋلەيگە ئوخشاشلا تۆۋەن تەبىقىدىن هەم ئەرزان با- هالىق بولغاچ، «باهاسى چۈشۈرۈلۈپ» بىر تەرەپ قىلىنماقتا ياكى «ئۇنتۇلۇپ» كې- تىلمەكتە: خۇددى ئاشۇنداق «سالاهىيەت- لىك» لەرنىڭ پىداركارلىقىلا قەهرىمانلىق سانىلىدىغاندەك. بۇلتۇر ئۆلۈمى ئەڭ تەسىر قوزغىغۇچى سۇن جېگاڭ بولۇپ، بۇ ئىشتا ئۇنىڭ ستودېنتلىق سالاهىيىتى ئەسقاتقان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى «يىغىۋېلىش» ئورۇن- لىرىدا قارا قۇرساقلىق بىلەن قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋەبلىك بىهۇدە ئۆلۈپ كەتكەن دېهقانلار ئازمۇ؟ بۇ يەردىكى مەسىلە يەنىلا ئۇلارنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىن تۆرۈلۈپ قال- غانلىقى، جېنى پۇلغا يارىمايدىغانلىقىدىن، جامائەتنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ تەسىر پەيدا قىلالماسلىق هەتتا ئىككى ئېغىز لىللا با- هاغىمۇ ئېرىشتۈرەلمەسلىكتىن ئىبارەت.

يۇقىرىقىدەك مۇئامىلە مەيلى قەستەن ياكى مەقسەتسىز بولسۇن، شۈبهىسىزكى هەممىسى ئادالەتسىزلىكتۇر. كىشىلەر بى- راۋنىڭ قىلمىشى ياكى ئەمەلىي هەرىكىتى- نىڭ نەتىجىسىنى يەنىلا ئۇ ياراتقان ئىجـ تىمائىي ئۈنۈمگە ئاساسەن باهالايدۇ. بۇ يەردە قاملاشمىغان بىر مىسالنى كەلتۈرسەك: بىر ئادەمنى مەلۇم بىر خىل كەشپىيات يا- راتتى دەيلى، كەشپىياتچى كىچىك بالا بولۇپ قالغاچ، كەشپىيات مېۋىسىنى ئارزاق ساتتۇرۇش، كەشپىياتچىسى دوكتۇر ئىكەن دەپ چوقۇم قىممەت سېتىۋېلىش هەرگىز ئەقىلگە سىغمايدىغۇ! ئۇنداقتا لياڭ يوۋلەي- گە ئوخشاشلارنىڭ پىداكارلىقى قوزغىغان ئىجتىمائىي تەسىرچۇ؟ بۇ ــ دەل ئۆز ها- ياتى بەدىلىگە يۈكسەك ئادىمىيلىك خىس-

ئادەمگە كۆڭۈل كۆكسى كەڭلىكتىن ئارتۇق سۆلەت يوق.

لەتنى ئەمەلدە كۆرستىپ، باشقىلار ئۇچۇن جېنىدىن كېچىشتەك ئېسىل ئىستىلىنى نامايان قىلغانلىقتۇر. كىشىلەر ئارىسىدىكى بۇ قىممەتلىك ئەمەلىيەت ــ نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەيلى كىم ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىلمىسۇن، قوزغايدىغان ئىجتىمائىي تەسىرى بەرىبىر ئوخشاش بولىدۇ. پاكىت شۇنداق تۇرۇغلۇق، نېمىشقا بىرسىنىڭكىنى تاغدەك بىلىپ، يەنە بىرسىنىڭكىگە كۆز يۇمۇۋالىمىز؟ ناۋادا بۇنىڭدىن بىر خىل مېخانىزىم شەكىللىنىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، دېھقانلارنىڭ پىداكارلىقىغا تۇتۇلغان بۇخىل سوغۇق مۇئامىلە، سالاھىيىتى ئوخشىمايدىغانلارغا قارىتا تۇتۇلغان بىرىنى ئەزىزلەپ، يەنە بىرىنى يەكلەيدىغان بۇخىل ھادىسە ئاقىۋەت كىشىلەر قەلبىدە تۇرلۇك ناچار پىسخىك قاراشلارنى شەكىللەندۇرۇپ قويىدۇ.

زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى، شەھەرنى مەركەز قىلىش ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى ھەمدە دېھقان قەۋمىنىڭ كۈنسايىن نەزەردىن ساقىت قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلار بىلەن شەھەرلىكلەر ئارىسىدىكى پەرق بارغانچە روزبىيىشى بىلەن تەڭ، دېھقانلارنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتى ھەم ئۇلار ياراتقان (ئىجتىمائىي قىممەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان) قىممەت جەھەتتىمۇ مۇناسىپ قەدىرلىنىشكە ئېرىشمىكى تەسلىشىۋاتىدۇ. گەرچە يالغۇز بىر دېھقان روياپقا چىقارغان ئىقتىسادىي قىممەتنى ئالىي بىلىملىكلەرنىڭكى بىلەن تەڭلەشتۇرۇش مۇمكىن بولمىغىنى بىلەن، پۇتكۇل جەمئىيەت دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دېھقانىنىڭ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە شەھەرلىكلەرنىڭ تېزلىكتە بېيىپ ـ سەمرىشى ئۇچۇن قوشقان تۆھپىسى ۋە تۆلىگەن بەدىلى ھېسابسىزدۇر. ناۋادا، ئاشۇلارنىڭ ئەرزان سېتىپ بېرىۋاتقان ئاشلىقى، ئەرزان ئەمگەك كۈچى، ئەرزان يېرى ۋە ئەرزان باھالىق خام ئەشيالىرى بولمىغىنىدا، شەھەرلىكلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەننەرخىنىڭ قانچىلىك ئۆسۈپ كېتىدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى: شەھەرلىكلەر سۇرۇۋاتقان راھەتنىڭ تېگىگە مەلۇم نۇقتىدىن ئالغاندا دېھقانلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتى كۆمۈلگەن. شۇنداق تۇرۇغلۇق، بىزنىڭ يەنە ئۇلار ياراتقان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قىممەتنى ھەتتا ئۇلارنىڭ ھاياتىنى كەمسىتىشكە نېمە ھەققىمىز بار؟

ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا پۇقرا، قىلغىنى ھەم ئوخشاشلا ھەققانىيەت يولىدىكى ئۇلۇغ ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋەقە يۈز بەرگەن جاي ئوخشاشلا دۇنياغا مەشھۇر چوڭ شەھەر بولغىنى بىلەن، لياڭ يۇۋلەي بىلەن ناتالىيا مورىيانىڭ پىداكارلىقىغا بېرىلگەن باھا شۇ قەدەر پەرقلىق. بىز ئىزچىل تۈردە ئىقتىساد، سەنئەت، قانۇن ـ تۈزۈم قاتارلىق جەھەتلەردە دۇنيا بىلەن پاراللېل ئىلگىرىلەش مۇقامىنى تۇۋلاپ كەلدۇق. مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ، شۇنداق سوئال قويغۇم كېلىدۇ: ئەمدى بىزنىڭمۇ باراۋەرلىك تۇيغۇمىز بىلەن ھەربىر كىشىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، غۇرۇرى ھەمدە ھاياتىنى قەدىرلەشنىمۇ دۇنياۋى مۇقامغا كەلتۇرۇشىمىز زۆرۈر بولۇپ قالدىمۇ ـ قانداق؟

بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 7 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

تەرجىمان: **ئەزىز تۇردى ئاقھون**

(ئاپتور: خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىل كافېدراسىدىن)

تەھرىرى: **مېتسىلىم مەتقاسىم**

## ھېكمەتلەر

### ئەلىشىر ناۋائى ھېكمەتلىرىدىن

*ياسانچۇق مەردانە بولماس، كېپىنەك پەرۋانە بولماس.
* نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەن نەپسانىيەت مەنزىلىدە توختايدۇ.
* ئۆزىنى ماختىغان ئادەم — ئەقىلسىزدۇر.
* كۆپ سۆزلىگەن — كۆپ يېڭىلىدۇ.
* تەكەببۇرلۇق — شەيتاننىڭ ئىشى، مەنمەنلىك — نادانىنىڭ ئىشى.
* ساخاۋەت — ئىنسانىيەت بېغىنىڭ مول ـ ھوسۇللۇق دەرىخىدۇر.
* ساخاۋەتسىز ئادەم يېغىنىسىز بۇلۇتقا، پۇرىقى يوق ئەنبەرگە ئوخشايدۇ.
* ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ مال ـ دۇنياسى— ساخاۋەتتۇر.
* ئادەم بىر تەن بولسا، ساخاۋەت ئۇنىڭ جېنىدۇر.
* ئىنساپ قىلىش — سېخىيلىق ئەمەس.
* پاسىق ئالىم — ئۆزىگە زالىم.
* ئىلىم ئۆگىنىش ئېتىقادنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈندۇر.
* ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغان ئالىم — ئۈستىگە كىتاب ئارتىۋالغان ئېشەككە ئوخشايدۇ.
* نادانىنىڭ ئۆگۈتىدە خاتا بار، دۈشمەنىنىڭ نەسىھىتىدە ئالداش بار.
* ياخشى سۆز — يامانىنى ئۇلپەتكە ئايلاندۇرار.
* سۆزى ھېسابسىز — ئۆزى ھېسابسىز.
* يامان خەۋەرنى راست بولسىمۇ دوستۇڭغا يەتكۈزمە.
* قىممىتى ئازنىڭ ھۆرمىتى ئاز.
* ئىشتا ئالدىرىغان كۆپ تېيىلىدۇ، كۆپ تېيىلغان كۆپ يىقىلىدۇ.
* ئىلىم ئۆگىنىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان — يەرنى ھەيدەپ ئۇرۇق سەپمىگەنگە باراۋەر.
* ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بىۋاپا ئادەم — ياخشىلىقنى ئۇنتۇمايدىغان ۋاپادار ئىتتىن پەستۇر.
* ياخشى ئادەم يامانلاردىنمۇ ياخشىلىقنى ئايىماس.
* ياخشىلىق قىلالمىساڭ — يامانلىقمۇ قىلما. ياخشىلىق قىلىشنى بىلمىسەڭ ياخشىلارغا قوشۇل.
* ساغلام بولاي دېسەڭ كۆپ يېمە، ئىززەت تاپاي دېسەڭ كۆپ سۆزلىمە.
* ھاياسىز — دوستلۇققا يارىماس، ناپاك — سىرداشلىققا.
* پاسىقتىن ھايا تىلىمە، زالىمدىن ۋاپا.
* ناداق دوستنى دوست سانىما.
* ياخشىلارنىڭ ھۈنىرى سۆزىدە.


سەن كىشىلەرگە بەرمەي دەيدىكەنسەن، ئۇنداقتا كىشىلەردىنمۇ ئېلىشتىن ئۆزۈڭنى تارت.

* پەسكەش ماختانغان بىلەن بۈيۈك بولماس.
* توقلۇقنىڭ تېگىدە غەپلەت بار.
ئۆزۈڭ ئاچ قالساڭمۇ بىر ئاچنى توق قىل.
* يالغانچى ـــ ئادەم ئەمەس، يالغان سۆزلەش ياخشىلارنىڭ ئىشى ئەمەس.
* تىلىڭ بىلەن دىلىڭنى بىر تۇت.
* ئېيتار سۆزنى ئېيت. ئېيتماس سۆزدىن قايت.
* دانا ئادەم قولىدىن كەتكەن نەرسە ھەققىدە سۆزلىمەس.
* ئەلنىڭ كېيىدىن يامانلىق ئاختۇرما.
* سەۋر ـــ ئۇزاقنى كۆزلىگەن ئۆلپەتتۇر.
* كەمتەرلىك ـــ كىشىگە خەلقنىڭ مۇھەببىتىنى جەلپ قىلىدۇ.
* ئەدەب ۋە كەمتەرلىك ـــ مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ زىبۇ زىننىتىدۇر.
* ئەدەب ئۇرقىنى تىككەن ئادەمنىڭ ھوسۇلى ـــ جاۋاھىردۇر.
* كىمكى ئۆزىنى ماختىسا بۇ ئەخمەقلىقتۇر.
* ئۆزىنى ماختاش ـــ بەختسىزلىكتۇر.
* ئىنسانىيەت بېغىنىڭ ئەڭ گۈزەل دەرىخى ـــ ياشلىقتۇر.
* ۋاپا شۇنداق ئېسىل گۆھەركى، ئۇ ئىنسانىيەت تاجىغا زىننەتتۇر.
* ياخشىلىق بىلەن سېخىيلىك ئاتا بىلەن ئانىغا ئوخشايدۇ.
* دوست دىدارىنى كۆرۈشنى ئىستىسەڭ ـــ ئاشىق بول.
* كۆڭۈل بەدەن مۈلكىنىڭ پادىشاھىدۇر.
* كۆڭۈل غەزىنىسىنىڭ قۇلۇپى ـــ تىل.

## خۇسراۋ دېھلەۋى ھېكمەتلىرى

* ئىش ۋاقتىدا غاپىل بولساڭ ئۇنىڭ مېۋىسى پۇشايمان بولۇر.
* بىلىمسىزلىك زىندانىغا گىرىپتار بولغان ئادەمنىڭ يۈز كوزا تىللاسى بولسىمۇ گادايدۇر.
* گەرچە بېشىنى يۈز خىل ھىيلە بىلەن ئورۇۋالسىمۇ قۇرۇق ئالىم دەرھال ئۆزىنى پاش قىلىدۇ.
دەرەخ بىرلا پۇتاقتا مېۋە بەرسىمۇ ئۇ مېۋىسىز باغدىن مىڭ ياخشى.
* يامان ئىشتىن ئۆزىنى يىغمىغان ئادەم ئۆز قىلمىشىدىن جازاغا ئۇچرايدۇ.
* بەزىدە ياشلارنىڭ سېپىدە بول، ئەمما، ئىشنىڭ تەدبىرىنى چوڭلاردىن ئىزدە.
* ئايال ئاقىل، ئەر ئىش بىلەرمەن بولسا ئۆي كۆڭۈلدىن ـ كۆڭۈلگە ئاۋات بولىدۇ.
* توغرا ئويلاپ، توغرا ئىش قىلغان ئادەمنىڭ ھەر قانداق ئىشى مۇستەھكەمدۇر.
* ئۈستىنى گۈل قاپلاپ، گۆش ياشناپ تۇرسىمۇ، لەھەت ئىچىدە قۇرۇپ ياتقان گۆلگە قارا.
* سۆزمەنلىك دىلغا دىشۋاردۇر.
* مېھنەت بىلەن باياۋانغا قەدەم قويغان ئادەم خەزىنە ئاچقۇچىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* ئۇلۇغلۇق شەرىپىنى ئىزدىگەن ئادەم كىچىكلەرگە ياخشىلىق ۋە ساخاۋەت قىلىدۇ.
* خالايىقنىڭ ئېغىزىنى يېپىشتىن دېڭىزغا كۆۋرۈك سېلىش ئاسانراق.
* ئىنسان يىراق يوللارنى كەزمەي تۇرۇپ، يېقىنلارنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ.
* تۆگە خورمىزارغا كىرسە تىكەن يېسىمۇ ئېغىزى لەززەت تاپار.
* دۇنيادىن بەخت ـ سائادەت ئىزدىسەڭ، قېرىنداشلىرىڭنىڭ دىدارىغا باق.
* ھەرنىڭ چېقىشىدىن قورققان ئادەم ھەسەلنى پەقەت يىراقتىنلا كۆرەلەيدۇ.
* سەنئەتنى مال ـ دۇنيا بىلەن ئۆلچىگەن ئادەم گۆھەرنى ساپال بىلەن ئوخشاش كۆرىدۇ.
* نامەرد خەزىنىدە بەختسىزلىكتىن ئۆلىدۇ، مەرد ئاددىي تاشتىنمۇ ياقۇت ئالىدۇ.
* كۆزدەك بىر ـ بىرىڭگە يات بولماي، لەۋدەك ئىناق مەھكەم بول.
* بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمىغان ئادەم بۇ دۇنيادا غالىپ ياشايدۇ.
* چىۋىننى قېلىچ بىلەن چېپىش مۇمكىن ئەمەس.
* تۆگمەن يۈزيىل ئايلانسىمۇ دەريادا بىر قەترە سۇ كەمەيمەس.
* سەن ئويۇنچۇق ئەمەس، ئاچقۇچ بولۇپ تۇغۇلدۇڭ.
* ئۆز قانتىڭ بولمىسا، ئۇچمىقىڭ قىيىن.
* ئەگەر كىمنىڭ ساخاۋىتى يۇقىرى بولسا، ئەسكى كىيىم بىلەنمۇ ئىززىتى يۇقىرىدۇر.
* ئەگەر ئىلىمتىڭ رىغبىتى سەندىن يىراق بولسا، سەن قاراڭغۇ كېچىدىكى چىراغسىز ئادەم.
* ئەگەر ئەقىل پىنھان خەزىنە بولسا ئۇنىڭ ئاچقۇچى ئېغىزدىكى تىل.
* ئىلىملىك ئادەمگە ئۇلۇغلۇق ھەمدەم.
* يىپ ئۈزۈلسە ئۇلىغىلى بولىدۇ، ئەمما، ئوتتۇرىدا تۈگۈن قالىدۇ.
* ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ھۆسنىدە ئەمەس.
* ياخشى سۆز دۈشمەنىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.
* شەمشەر يىگىننىڭ ئىشىنى قىلالماس.
* ئەخمەق قۇش پىششقان نەرسىلەردىن قاچار.
* قولۇپمۇ، ئاچقۇچمۇ تۆمۈردىن ياسىلىدۇ.
* نامىڭنى ياخشىلىقتا باشلايدىغان يولغا كىر.
* بايلىقنىڭ ئارقاق ـ ئۇرۇشى ھۈنەردىن.
* ئەگەر سەن ھوشيار بولساڭ جاھان سايەڭدە ئۇخلايدۇ.
* پۇشايماندا قالماي دېسەڭ زېرەكلەرنىڭ نەسىھىتىدىن مەسلىھەت ئىزلە.
* ئەقىل ئۇقى ئالەمنى ئالار.
* دوستلار دىدارىنى غەنىمەت بىلگىن.
* يۈزى چىرايلىق، خۇلقى سەت كىشى ئىملاسى خاتا خۇشخەتكە ئوخشايدۇ.

(قاراقاش ناھىيە كۇيا يېزا پاۋان كەنتىدىن ئابابەكرى ئابدۇقادىر تەييارلىغان)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

خىلۋەت ئويدىكى قانائەتلىك دەرۋىش پادىشاھتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جۇمەنىياز تۇرسۇن، مەتكېرىم ئىسمائىل

# قەدىمقى نىيىنىڭ سىرىنى ئىزدەش



## 4. نىيا خارابىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇش سىرى

نىيا خارابىسىدىكى كۆچمە قۇملۇق ئارىسىدىن بىز ياخشى ساقلانغان ئۇلتۇراق ئۆيلەرنى، قوتانلارنى كۆرەلەيمىز. ئۆيىنىڭ توپىسىنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئېگىز تۈۋرۈكلىرى كۆچمە قۇم ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. بۇنداق ھالەت ئادەمنى نىيا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىش ۋە ھالاك بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى سوراشقا مەجبۇر قىلىدۇ. كۆپلىگەن دەلىللەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، نىيا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى ئاساسلىقى، قۇملۇق ئىچىدىكى قۇرغاق نىيا بوستانلىقى بىلەن ئادەملەرنىڭ كۆچۈپ چىقىشى، ئەڭ ئاساسلىقى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغىنى يەنىلا جەمئىيەتنىڭ ئامىلى، يەنى ئادەم رولىدىن ئىبارەت. بۇنداق يەكۈن چىقىرىشتىكى ئاساس تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

(1) خارابىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، خارابە تاشلىنىپ كەتكەن شۇ يىلى (شۇ دەۋر) ئېكولوگىيىلىك مۇھىت جەھەتتە كۆچمە قۇملارنىڭ تەھدىتى ئىنتايىن ئېغىر بولسىمۇ، بۇ كىچىك بوستانلىق يەنىلا بىر قەدەر ياخشى ئىدى. ئولتۇراق رايونىنىڭ ئەتراپىنى زور كۆلەمدىكى توغراق دەرەخلىرى قورشاپ تۇرغان بولۇپ، دەرەخنىڭ غولىنى بىر ئادەم غولاچلىسا يەتمەيتتى، باغلار ئىچىدە دەرەخلەر رەتلىك بولغان، ئۈجمە دەرەخلىرى ناھايىتى رەتلىك تىكىلگەن، نورغۇنلىرىغا تىكىلگىنىگە نەچچە ئون يىل بولغان. ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىكى لاتقىنىڭ قېلىنلىق دەرىجىسىدىن قارىغاندا، تىنچ سۇ يىغىلغان. بۇنداق تۇرمۇش مۇھىتى ئوخشاش بىر مەزگىلدە تاشلىنىپ كېتىلگەن. كېرىيە دەريا بويىدىكى قارا دۆڭ خارابىسىگە سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭدىن كۆپ ياخشى، قارا دۆڭ خارابىسىدە چوڭ دەل ـ دەرەخلەرنىڭ تېپىشى ناھايىتى تەس، كۆزگە چېلىقىدىنىنى ناھايىتى كىچىك كۆچەتلەر، ئەكسىچە كېرىيە دەريا سۇ سىستېمىسىدىكى بىئوفىرا ئەھۋالى نىيا دەريا ۋادىسىغا قارىغاندا كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولۇدىكى، شۇ دەۋردىكى قارادۆڭ خارابىسى كىشىلىرىنىڭ ئولتۇراق مۇھىتىنى ئاسرىشى نىيا خارابىسى كىشىلىرىگە قارىغاندا ناچار بولغان. نىيا بىر قەدەر قەدىمىي بوستانلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن (بۇنى باراقسان زور دەرەخلەر، رەتلىك تىكىلگەن ئۈجمە، ئۈزۈم تال باغلىرىدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ)، بىرگە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئاسرىلىشى ئىنتايىن ياخشى ھەم تەجرىبىلىك بولغان. ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتى نىسبەتەن ياخشى بولۇپ، ھازىرقى خارابىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ نىيا دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ تۈيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قېلىپ، نىيا خارابىسىنىڭ كۆمۈلۈپ قالغانلىقىدەك يەكۈننى چىقىرىش ئىنتايىن تەس.

(2) قۇملۇقلاردىكى بوستانلىقنىڭ

داۋاملىق تۇردە مەۋجۇت بولۇپ، تۇرالماسلىقىدىكى ئەڭ تۈپكى سەۋەب (ياكى تەھدىت) نىڭ بىرى دەريا ئېقىنىنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى دەريا سۈيىنىڭ تويۇقسىز كەڭ كۆلەمدە ئازىيىپ كېتىشى، يەنى ئوتتۇرا ئۇستۇنكى ئېقىندا ئاھالىلار توپلىنىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەركەزنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نىيا دەريا سۈيىنىڭ داۋاملىق شىمالغا قاراپ ئېقىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان، ئوتتۇرا ئۇستۇنكى ئېقىن بويىدا ئىنسانلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئورنى مەۋجۇت ئەمەس. بۇنى ھازىرقى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئارقىلىقلا ئىنكار قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى كۆپ يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھازىرقى ناھىيە بازىرى ۋە نىيا خارابىسى ئارىلىقىدا جىن، جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلاردىن تارتىپ سۇي، تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىنسانلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئولتۇراق ئىزلىرى ھازىرغىچە تېپىلمىدى.

دەريا سۈيىنىڭ ياخشى باشقۇرالمىغانلىقى، دەريا سۈيىنىڭ ئېقىپ كېتىشى، ئېقىن يولىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى قاتارلىقلارنى ئىجتىمائىي تەشكىلات ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلىدۇر. نىيا خارابىسى شۇ ۋاقىتتا نىيا دەرياسى ئاخىرقى ئېقىنى ئەتراپىدىكى يەلپۈگۈچ شەكىللىك دىلتا رايونى ئەتراپىغا جايلاشقان. دەريا سۈيى يەر شەكلىنى بويلاپ ماڭغان. تارماق ئېقىن گىرەلەشكەن بولۇپ، ئۆزى ياشاش تەلپىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك. نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان كاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا، شۇ دەۋردە نىيا دۆلىتىنىڭ سۇغا بولغان باشقۇرۇشى، ئىشلىتىشى، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئاسرىلىشى قاتارلىقلارغا بىر قاتار تەدبىر ۋە قانۇنلار تۇرغۇزۇلغان. سۇنى مەخسۇس ئادەم باشقۇرغان، بەلگىلىك تۈزۈم بولغان، ياخشى باشقۇرالماي زىيان كەلتۈرۈپ چىقارسا جازاغا تارتىلغان. مەسىلەن، سۇ Apanaya دىن ئارىيەت ئېلىپ كېلىنگەن، ئاۋادا Apanaya تەييار بولماي قالسا، Apanaya نىڭ زىيانىنى تۆلىتىشكە ھېچقانداق ھوقۇقى بولمايدۇ. بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلەردە سۇ يوق قۇرغاق ئەھۋالدىمۇ دەل ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىش تەلەپ قىلىنغان. يەنە بىر ۋەسىقىدە سۇ پۇلى ۋە ئۇرۇق پۇلى تىلغا ئېلىنغان. سۇنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەقلىق بولۇپ، مەخسۇس كىشى باشقۇرغان. يەنى بەزى خەت ـ چەك ۋەسىقىلەردە «سۇ قويۇپ بېرىپ ئاداۋەتى (ئۆچمەنلىكى) بار كىشىلەرنىڭ ئېتىزلىقىغا، ئۆيلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا جازا بېرىلىدۇ» دېيىلگەن. «بۇغداي تېرىلىدىغان يەر ئىككى، ئۈچ قېتىم سۇغۇرۇلسا بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇ بوستانلىققا نىسبەتەن سۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش چارىسى بولۇپ، ئېھتىياجنى تامامەن قاندۇرىدۇ. بۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش دەريا يولىنىڭ ئاسرىلىشى، كۈزىتىلىشىگە نىسبەتەن تەبىئىي ھالدا مەخسۇس ئادەم باشقۇرىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ بارلىقىدا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نىيا خارابىسىنىڭ N2 شەرقىي قىسمىدىكى نىيا دەرياسى ئېقىنىنىڭ بىر تارماق ئېقىنىدىن كۈزىتىش ئېلىپ بارغاندا، دەريا قېنى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، ئوقۇرغا ئوخشاش ئويمانلىق شەكىللەنگەن. بۇ ئامىللار بىزنى شۇنىڭغا ئىشەندۈرمەي قالمايدۇكى، نىيا بوستانلىقىدا نىيا دەرياسىنىڭ ئېقىن ئۆزگەرتىش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، نىيا خارابىسىنىڭ ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر نىيا دەرياسىنىڭ بىرەر چوڭ ئېقىن يولىنى ئۆزگەرتمىدىغان دەلىل بىلەن تەمىنلىمىدى.

(3) نىيا پادىشاھلىقى نىيا بوستانلىقىدا قانات يايدۇرغان ھەرخىل پائالىيەتلىرى داۋامىدا نىيا قۇملىقى ئېغىر تەھدىت ئىچىدە قالغان. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى دېيىش ئاساسسىز. قېزىپ تەكشۈرۈش شۇنى ئىسپاتلىدىكى، N2 نىڭ جەنۇبىي، بۇددا مۇنارىنىڭ شەرقىي، بۇددا مۇنارىنىڭ غەربىي شىمالىي قاتارلىق جايلاردىكى نىيا پۇقرالىرى كۆمۈل-

زوھەل يۇلتۇز يۇقىرى ئۇتتۇۋېلىش بىلەن ئاينىڭ قاتارىغا ئۆتەلمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com



گەن قەبرىلەر ئەينى دەۋردىكى پۇقرالارنىڭ ئۆيى ئەتراپىدىكى قۇم دۆۋىسى ئىدى. كىشىلەر قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە دەپنە قىلىنغان. تېخى قەبرىستانلىق بولۇپ شەكىللەنمىگەن. چۈنكى قۇمغا كۆمۈلگەن جەسەتلەر ئىنتايىن قۇرغاق مۇھىتتا ئاز بىر قىسمى مومىياغا ئايلانغان. مۇشۇنداق ئاجىز ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن نىيا پادىشاھلىقى قاتتىق بولغان سۇ باشقۇرۇش، ئورمان باشقۇرۇش، مۇھىت ئاسراش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. قۇم بوران توسىدىغان دەل دەرەخلەرگىمۇ قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىشلەتكەن. كاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە «يېتىلگەن دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتكۈچىلەرگە بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ، دەرەخ شاخلىرىنى كەسكۈچىلەرگە بىر توياق كالا جەرىمانە قويۇلىدۇ» دېيىلگەن. ھازىر نىيا خارابىسى ئەتراپىدىكى ئولتۇراق جايلاردا ساقلانغان دەل دەرەخلەر بۈك باراقسان ئۆسكەن ھەم خارابە ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان، ناھىيىتى ياخشى ئۆسكەن، كېسىلگەن دەرەخ يوق. بۇ نىيا دۆلىتىنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورمانلارنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئاسرىشىغا بولغان دىققەت نەزەرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي، تەشكىللىك كۈچ ئارقىلىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش خىزمىتىنى ئېلىپ بارغان. بۇنداق چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىدە پەقەت بىرەر بالا ـ قازا بولمىسا، نىيا بوستانلىقى بۈگۈنكى خارابىگە ئايلانمىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

(4) قۇملۇق تەھدىت سالغان مۇھىت، ئېكولوگىيىسى ناچار، ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىقنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرالمايدۇ. ناۋادا بىردىنلا جەمئىيەت مۇقىم بولمىسا، كىشىلەرنىڭ تەشكىللىك ھالدىكى تەبىئەتكە تاقابىل تۇرۇش كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېغىر تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بىز نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان كاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، ئەينى ۋاقىتتىكى نىيا دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ ئەندىشە قىلغىنى جەنۇب تەرەپتىن كەلگەن Supis كىشىلىرىنىڭ ھۇجۇمى ئىدى. Supis كىشىلىرىدىن كېلىدىغان تەھدىتكە سەل قاراشقا بولمايتتى.

«باشقا قاراۋۇللار بۇ جايغا تېزلىكتە يېتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. ھازىر بۇ يەردە Supis ئادەملىرى تۆتىنچى ئايدا تۇيۇقسىز چەرچەنگە ھۇجۇم قىلدى دېگەن خەۋەر بار. ھازىر Supis كىشىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئائىت مۇھىم خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلگەنلەر بار.» «ئەسكەرلەر چوقۇم ئاتلىنىشى كېرەك، قانچىلىك قوشۇن بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئەسكەرلەر ئالدىنقى سەپكە بېرىشى...» ناھايىتى ئېنىقكى، نىيا خەلقى غايەت زور كۈچلۈك Supis ئادەملىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قېزىش داۋامىدا نىيا خارابىلىكى ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ھويلا ئەتراپىدىن نۇرغۇنلىغان جەسەت سۆڭەكلىرى تېپىلدى. ئىچكى قىسمىدا قالدۇق بۇيۇملار تۆت ئەتراپقا تارقاق چېچىلغان، ئىشىكلەر ئوچۇق ياكى يېرىم يېپىلغان، كاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى ساقلايدىغان ساپال كۈپلار ھەم ئېتىلگەن بولۇپ، ئېچىپ ئوقۇلمىغان، قازناقتا نۇرغۇنلىغان يېمەكلىكلەر قويۇلغان، يىپ ئىگىرىش چاقلىرىدا يىپەك يىپ يۆگەلگەن. بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، نىيا پادىشاھلىقىنىڭ بوستانلىقى تاشلىنىپ قېلىشتىن ئىلگىرى Supis قەۋمى قىلغان تاجاۋۇز ئۇلارنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان چوڭ بىر توسالغۇ بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا Supis ئادەملىرىدىن باشقا، خوتەن (ئۇدۇن) پادىشاھلىقىمۇ بىر زور تەھدىت بولغان. نىيا خارابىسىدا ياشىغان خەلق ئۇلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا، بولاپ تالىشىغا ئۇچراپ تۇرغان. بۇ نىيا خارابىسىنىڭ تاشلىنىپ قېلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. نىيا خارابىسى-

دىكى بەزى ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان تارشا پۈتۈكلەر تېخى پېچىتىنى ئېچىشقا ئۈلگۈرمەي، رەتلىك دۆۋلەپ قويۇلغان، ياخشى يۆگەلگەن، ئۆي ئىگىسى شۇنداق تېز ئايرىلغان. ئۇلارنىڭ ۋەسىقىلەرنى ياخشى يەرگە قويۇپ قويۇشى، ياخشى يۆگەپ قويۇشى بولسا، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ بىرتەرەپ قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشى سۇبيېكتىپ جەھەتتە ۋاقىتلىق ئۇسۇل. ئۇلار ئۆزلىرىنى قايتىپ كېلىمىز دەپ ئويلىغان. ناۋادا سۇ ئېقىنى ئۆزگەرگەن، ھاۋا ئۆزگەرگەن بولۇپ، بوستانلىقنىڭ تاشلىنىپ قېلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، بۇ ئاستا خاراكتېرلىك، تەشكىللىك چېكىنىش جەريانى بولۇشقا تېگىشلىك، ھەرگىزمۇ ھۆكۈمەت ۋەسىقىلىرىنى رەتلەشكە ئۈلگۈرمەي كەتمەيتتى.

(5) نىيا خارابىسىنىڭ تاشلىنىپ قېلىنىشىغا ئاساسلىق سىياسىي، ئىجتىمائىي سەۋەبنىڭ ياردىمى بىلەن چۈشەندۈرىدىغان يەنە بىر ئۈنۈملۈك ئىسپات بار. نىيا خارابىسى بىلەن بىر دەۋردىكى ۋاقىتتا تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى بىر تۈركۈم خارابىلەر يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان. ئاساسلىقى نىيانىڭ غەربىدىكى كېرىيە دەرياسى بويىدىكى قارادۆڭ خارابىسىنى تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ۋەيران قىلىشى سەۋەب بولسا، نىيانىڭ شەرقىدىكى ئەندىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى ئەندىر خارابىسى، ئەندىر قەدىمى شەھىرى مۇشۇ ۋاقىتتا تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە ئەسلىگە كەلگەن، كېيىنكى ئىسپاتلاردىن شۇنى بىلىشكە بولۇدىكى، ئەندىر خارابىسىنىڭ تاشلىنىپ قېلىنىشى سۇنىڭ ئامىلى ئەمەس. شۇنداق خۇلاسە قىلىشقا بولۇدۇكى نىيا خارابىسى سىياسىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ئارقىلىق تاشلىنىپ قالغان.

شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك، ھېچقانداق تارىخىي كىتابلاردا نىياغا تاجاۋۇز قىلغان Supis ئادەملىرىگە ئائىت خاتىرىلەر يوق، بۇنداق ياۋۇز ئۇرۇشقاق، تاجاۋۇز قىلىشقا ئامراق، كېڭەيمىچى مىللەت يەنە كېلىپ قانداق ئادەمدۇر؟ نىيا دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى يەنە قانداق بولغان؟ بۇنىڭغا ئوخشاش يېشىلمىگەن سىرلار تارىخشۇناسلارنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ قويىدۇ. نىيا قەدىمى شەھىرىنىڭ ئاخىرى ھېسابتا ۋەيران بولۇشى كىشىنى ئويغا سالىدۇ.

## 5. شەرق غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تۈگۈنى

نىيا خارابىسىدىكى قەندىھار مەدەنىيىتى قەدىمكى شىمالىي ھىندىستاننىڭ مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بولۇپ، قەدىمكى پارس مەدەنىيىتىنىڭ ۋە يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. قەندىھار رايونى، يەنى ھازىرقى پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمى، ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىي ۋە كەشمىرنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى پارس ئىمپېرىيىسى گۈللەنگەن دەۋردە قەندىھار پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن پارس مەدەنىيىتى تېزلىكتە قەندىھار رايونىغا تارقالغان. قەدىمكى ھىندىستاندا ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان سانسكرىت يېزىقى، كاروشتى يېزىقى بولسا، قەندىھار رايونىنىڭ يەرلىك يېزىقى بولۇپ، كېلىپ چىقىشى پارس ئارامى يېزىقىدىن ئىبارەت بولغان. كاروشتى يېزىقى ئېلىپبەلىك، بوغۇملۇق يېزىق بولۇپ، يېزىلىش تەرتىپى، ئوڭدىن سولغا قاراپ يېزىلغان. كوشان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە كاروشتى يېزىقى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىشكە ئېرىشكەن ھەم تەرەققىي قىلغان، كېڭەيگەن. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا تارقىلىپ كىرىپ ئۇدۇن، پىشامشاننىڭ ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان يېزىقىغا ئايلانغان. كوشان، ئۇدۇن، پىشامشان دۆلەتلىرىنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئەگىشىپ، كاروشتى يېزىقى ئىشلىتىشتىن توختىغان. بۇ يېزىق ئىشلىتىشتىن قېلىپ تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە كىشىلەر خوتەندىن «ـ

ھەر قانداق ئىشنىڭ چېكى بولغاندەك ھالاكەتنىڭمۇ چېكى بار.

خەنزۇچە ــ كاروشتىچە خەتلىك پۇل» نى
تاپقاندىن كېيىن بۇ يېزىق بىلەن تونۇش-
قان. مىس پۇللار ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن
ئالىملار بۇ يېزىق ھەققىدە تېخىمۇ ئىلگى-
رىلەپ تەتقىقات ئېلىپ بارالمىغان. 20 ـ
ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ خوتەن، نى-
يا، كرورەن، ئەندىر قاتارلىق جايلاردا تەك-
شۈرۈش قېزىش خىزمىتىنىڭ ئېلىپ بې-
رىلىشىغا ئەگىشىپ كاروشتى يېزىقىدىكى
تارشا پۈتۈكلەر تېپىلىشقا باشلىدى. ھازىرغا
قەدەر تېپىلغان كاروشتى يېزىقىدىكى تارشا
پۈتۈكنىڭ سانى 1200 پارچىدىن ئاشتى، ئۇ-
نىڭ 80% بولسا نىيا خارابىسىدىن تېپىل-
دى. كاروشتى يېزىقى قەدىمكى ھىندىس-
تاندا ئاللىبۇرۇن ئىشلىتىشتىن قالغان،
قېپقالغان ئەمەلىي بۇيۇملار تىلغا ئالغۇچى-
لىكى يوق بولۇپ، پەقەت مىس تەڭگە پۇللار
ۋە ئابىدىلەر ساقلىنىپ قالغان. ئىراق، كى-
شىلەر نىيا خارابىسىدىن شۇنچە نۇرغۇنلى-
غان كاروشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەر-
نىڭ تېپىلىشىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ باقمى-
غانىدى. شۇنىڭ بىلەن غەرب دۆلەتلىرىدە
كاروشتى يېزىقىنى تەتقىق قىلىدىغانلار
كۆپەيدى. نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ تى-
رىشچانلىقى بىلەن كاروشتى يېزىقى ھازىر
تەرجىمە قىلىپ ئوقۇغىلى بولىدىغان جان-
لىق يېزىققا ئايلاندى. تىلشۇناسلار نىيادىن
تېپىلغان كاروشتى يېزىقىنىڭ تىلىنى «-
نىيا ئاۋام تىلى» دەپ ئاتاشتى.

قەندىھار سەنئىتى بولسا، قەدىمكى
يۇنان سەنئىتى ۋە ھىندىستان مەدەنىيىتى-
نىڭ بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ئا-
ساسلىق مەزمۇنى بۇددا دىنىدىن ئىبارەت.
شۇڭلاشقا «يۇنانچە بۇددىزم سەنئىتى» دې-
گەن نامى بار. قەدىمكى يۇنان سەنئىتىنىڭ
شەرققە تارقىلىشى، ئالىكساندىر (ئىسكەن-
دەر زۇلقەرنەيىن) نىڭ شەرققە يۈرۈش قى-
لىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇددا دىنى
گۈللەنگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ھىندىس-
تاندىكى خەلقلەر ئەل ئىچىدە تارقالغان
جىن شاتايونلارنىڭ ھەيكىلى بىلەن بۇددا
ھەيكىلىنى ياساپ چىققان، قەندىھار مەدە-
نىيىتى گۈللەنگەن مەزگىلدىن كېيىن
كىشىلەر يۇنان ئادەملىرىنىڭ ھەيكىلىگە
قاراپ، بۇددا ھەيكىلىنى ياسىغان، ھەيكەل-
نىڭ يۈزى ئېلىپس شەكىللىك، كۆزى
چوڭقۇر، ئېگىز بورۇن، قاڭشارلىق، چېچى
دولقۇن شەكىلدە، چاچ تۈگۈنى بار. ئەمەلى-
يەتتە يۇناننىڭ زارۇ ئاستىر، ئاپوللو، ئافى-
نانىڭ شەكلىنى ئاساس قىلغان. بىناكارلىق
جەھەتتە، يوپۇرماقلىق بېزەش، تۆۋرۈك
ئوتتۇرىسىدا كۆيۈپ چىققان يۇملاق تۈۋ-
رۈك ۋە ئادەم سۈرەتلىك تۈۋرۈك كۆپ.

نىيانىڭ تام رەسىملىرى ۋە ئۆي جا-
ھىزلىرىدىكى بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىدە
قەندىھار سەنئىتىنىڭ تەسىرىنى كۆرگىلى
بولىدۇ.

نىيادىن تېپىلغان ياغاچ پۈتۈككە
سىۋالغان لاي ئۈستىدە ئادەتتە ئىككى پې-
چاق ئىزى بولغان، سول تەرەپتىكى قىس-
مىغا كۆپىنچە ئافىنا، پولومىنسلارنىڭ ياش-
چە تۇرغان سۈرىتى، ئوڭ تەرەپتىكى قىس-
مىغا خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلغان تام-
غىلار (بەزىلىرىدە يەرلىك كىشىلەرنىڭ،
ھايۋاناتلارنىڭ سۈرىتى بار) چۈشۈرۈلگەن.
بۇ شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ گى-
رەلەشكەنلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى بو-
لالايدۇ.

نىيا خارابىسى يىپەك يولىنىڭ جە-
نۇبىي يول بوغۇزىغا جايلاشقان بولۇپ،
جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم.
قەدىمكى نىيىلىقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن
كەلگەن يىپەك، سىرچىلىق سايمانلىرى،
پۇل ۋە مىس ئەينەكلەرنى ئىشلىتىشنى
بىلىپلا قالماي، يەنە، غەربتىن كىرگۈزۈلگەن
ئەينەك، مارجان، پىل چىشى ئويمىلىرى
قاتارلىق بۇيۇملارنى ئىشلىتىشنى بىلگەن.
نىيىلىقلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك رەختلىرى
ئاساسەن يىپەك (شايى، كەشتە)، پاختا
رەخت، يۇڭ رەخت (كىگىز گىلەم)، كاناپ
قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يىپەك بولسا ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتىن سېتىۋېلىنغان بولۇپ، گۈل-
لۈك شەكىل ئاساسلىق ھەم مۇقىم نۇسخى-
دۇر. ئاساسلىقى بۇلۇت ھايۋانات شەكلى،

ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇپ «ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن
بولغاي، نەۋرى چەۋرىلىرىگە پايدىلىق بول-
غاي» دېگەندەك خەنزۇچە تىلەكلەر كەش-
تىلەنگەن. پاختا، يۇڭ، كاناپ رەختلەر شۇ
يەردە توقۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا
شۇ جايدىن تېپىلغان ئۇرچۇق، يىپ، ئارقاق
موكىسى، توقۇش دوكىنى سايمانلىرى قا-
تارلىق قوراللار ئىسپات بولالايدۇ. گۈللۈك
شەكىللەر غەربچە تۈسنى ئالغان، يەنى ئا-
دىمىي ھايۋان، ئۈزۈم نەقىش قاتارلىقلار.
قەبرىلەردىن يۈرۈشلۈك كۆندىلىك زىبۇ-
زىننەت تۇرمۇش بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان.
بۇلار مىس ئەينەك، ئەينەك خالتىسى (قې-
پى)، ئۇپا سۈرگۈچ، قولياغلىق، مىس ئۈزۈك،
ئالتۇن ياپراقچە زىننەت بۇيۇملىرى، ئۇزۇن
مارجان، قىسقا مارجان، يالغان ئۆرۈمە چاچ
قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا خارابىدىن يې-
غىۋېلىنغان نۇرغۇنلىغان زىبۇ ـ زىننەت
بۇيۇملىرىدىن قارىغاندا، نىيا ئاياللىرى يەنە
مىستىن ياسالغان چاچ قىسقۇچ (بوققۇچ)
بىلەن چېچىنى بوغۇشنى ياخشى كۆرىدى-
كەن. بىز قەدىمكى نىيا خەلقىنىڭ كى-
يىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى-
نىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ كىيىنىش پەرداز
قىلىش ئادىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ
چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى، ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى مودا
دەپ بىلىپ كىيگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.
五星出东方利中国«شەرقتە
كۆرۈندى بەش سەييارە، كەلتۈرگەي ئۇ-
ئۇشلۇق ئاستانىغا» دېگەن خەت چۈشۈرۈپ
توقۇلغان كىمخاپ يەڭلىك، يۇملاق بۇر-
جەكلىك، تۆت چاسا شەكىللىك، ئالتە بۇ-
غۇچلۇق، ئۇزۇنلۇقى 18.5 سانتىمېتىر،
كەڭلىكى 12.5 سانتىمېتىر، بوغۇچىنىڭ
ئۇزۇنلىقى 21 سانتىمېتىر، قىسمەن بو-
غۇچلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەن. يەڭلىكنىڭ
ئۆرۈش يىپىنىڭ زىچلىقى 220 تال، ئارقاق
زىچلىقى 24 تال، كۆك، يېشىل، قىزىل،
سېرىق، ئاق رەڭلەردىن تەركىپ تاپقان. رەڭ
ئارقاقلىرى، گۈل سىزىقلىرى ئاساسەن ئو-
چۇق، گۈللىرى ئايرىلغان. يۇلتۇز زىننەت-
لىرى، بۇلۇت شەكىللىك گۈللىرى ھەم توز،
تۇرنا، مۈئەككەل، يولۋاس قاتارلىق ھايۋانات
ۋە گۈللىرى ئىنتايىن يېڭى، ئۇسلۇبى
ئۆزگىچە. ھەربىر گورۇپپا گۈل نۇسخىلى-
رىنىڭ ئايلىنىشى 7.4 سانتىمېتىر، ئاس-
تىن ـ ئۈستۈن ئىككى گورۇپپىنىڭ ئايلانما
گۈل نۇسخىسى ئارىلىقىدا «شەرقتە كۆ-
رۈندى بەش سەييارە، كەلتۈرگەي ئوگۇشلۇق
ئاستانىغا» دېگەن خەت توقۇلغان.

«بەگ ـ تۆرىلەر قۇدىلىشىپ ئۇزۇن
ئۆمۈر سۈرگەي، نەۋرە چەۋرىلەرگە ئوگۇش-
لۇق بولغاي» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن
كىمخاپ يوتقان. تۆت چاسا شەكىللىك،
ئۇزۇنلىقى 168 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 94
سانتىمېتىر، مۈكەممەل ئىككى دانە يوتقان.
تېپىلغان ۋاقىتتا ئەر ـ ئايال ئىككى جە-
سەتنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان. يەككە يوتقان
دەپنە قىلىش ئۈچۈن توقۇلغان. ئىلگىرى
ئىشلىتىلىپ باقمىغان، ئۆرۈش يىپىنىڭ
زىچلىقى 160 تال، ئارقىقى 24 تال، ھەربىر
گۈل نۇسخىسىنىڭ ئارىلىقى 3.8 سانتىمې-
تىر.

خارابە رايونى ئىچىدە، بولۇپمۇ قەب-
رىستانلىقتىن خەن دەۋرىگە ئائىت نۇرغۇن-
لىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان.
1959 ـ يىل شىنجاڭ موزېي ئارخېئولوگىيە
ئەترىتى قېزىپ چىققان ئەر ـ ئايالنىڭ
قەبرىسىدىن 万事如意 «ھەممە ئىشلى-
رىڭىز ئوڭۇشلۇق بولغاي» دەپ كەشتىلەن-
گەن كىمخاپ تون تېپىلغان. «ئۆمرى ئۇ-
زۇن بولۇپ، نەۋرە چەۋرىلىرىگە بەخت كەل-
تۈرگەي» دېگەن خەت كەشتىلەنگەن كىم-
خاپ پايپاق تېپىلغان. مىس ئەينەك، شايى
يىپەك قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتىن كەلتۈرۈلگەن ياكى ئۇنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ نىيا خارا-
بىسى ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ گۈللەن-
گەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك بىلەن قويۇق ئىقتىسادىي، مە-
دەنىيەت مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەندۈ-
رۈپ بېرىدۇ.

(ئاپتورلار: خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىدارىسىدا)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئۆزىنى نوقسانسىز دەپ ھېسابلاش ئېزىپ كېتىشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر.

# 13 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىكى

1. ئىدرىس باراتنىڭ «خەير ـ خوش 20 ـ ئەسىر، مەرھابا 21 ـ ئەسىر»ناملىق نەسرى، «جۇڭگو مىللەتلىرى» كۆرسەتكەن.
2. تۇرغۇن يىلتىزنىڭ «ئۇيغۇر دوپپىسى» ناملىق شېئىرى، «جۇڭگو مىللەتلىرى» كۆرسەتكەن.
3. قاۋۇل ساۋۇرنىڭ «دېھقان دوستۇمغا» ۋە «قالدۇ» ناملىق ئىككى شېئىرى، «جۇڭگو مىللەتلىرى» كۆرسەتكەن.
4. ئۆمەرجان سېيدىقنىڭ «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۈچ ئەڭگۈشتەر» ناملىق پۇبلىپستىك ئەسىرى، «جۇڭگو مىللەتلىرى» كۆرسەتكەن.
5. ئەنۋەر ھوشۇرنىڭ «نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىشتىن تۇغۇلغان ئويلار» ناملىق پۇبلىپستىك ئەسىرى، «يېڭى قاشتېشى» كۆرسەتكەن.
6. دولقۇن جاپپارنىڭ «بېلىق ئۆلار، بەكمۇ شىتىلە» ناملىق چاتما شېئىرى، «يېڭى قاشتېشى» كۆرسەتكەن.
7. نۇمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشىنىڭ «يۈرەك يىغلايدۇ» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسى، «تارىم غۇنچىلىرى» كۆرسەتكەن.
8. شاۋكەت رۇستەمنىڭ «قۇش باللار» ناملىق باللار شېئىرى، «تارىم غۇنچىلىرى» كۆرسەتكەن.
9. ئوسمان قاۋۇلنىڭ «ئۇ مېنى قۇياشىم، دېدى» ناملىق پوۋېستى، «مايبۇلاق» كۆرسەتكەن.
10. دىلمۇرات تۆمۈرنىڭ «ئادەت ۋە ئاقىۋەت» ناملىق پوبلىپستىك ئەسىرى، «مايبۇلاق» كۆرسەتكەن.
11. ئايگۈل ئەمەتنىڭ «ئالتۇن بويلۇق قىزلار» ناملىق ھېكايىسى، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» كۆرسەتكەن.
12. ئابلىز ھەسەننىڭ «چىن مودەن» ناملىق پوۋېستى، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» كۆرسەتكەن.
13. ئىمىر ھەسەن رېتلىگەن «شەھەر ۋە ئەدەبىيات» ناملىق سۆھبەت خاتىرىسى، «تەڭرىتاغ» كۆرسەتكەن.
14. مۇھەممەت چاۋارنىڭ «تەبىئەتتىن ئويغانغان كۈيلەر» ناملىق چاتما شېئىرى، «تەڭرىتاغ» كۆرسەتكەن.
15. مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىمنىڭ «شېئىرىي مۇددا توغرىسىدا» ناملىق پۇبلىپستىك ئەسىرى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» كۆرسەتكەن.
16. كېرىمجان سۇلايماننىڭ «مەغرۇر ئۇچقىن قارلىغاچلىرىم» ناملىق چاتما شېئىرى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» كۆرسەتكەن.
17. مۇكەررەم ئابدۇللانىڭ «ھايات» ناملىق ھېكايىسى، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» كۆرسەتكەن.
18. ئابلەت قېيۇمنىڭ «مەرىپەت ۋە ئەقىدە» ناملىق ئوچېرىكى، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» كۆرسەتكەن.
19. غالىپ بارات ئەركىنىڭ «ئۇيغۇرلاردىكى نامراتلىق ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى» ناملىق پۇبلىپستىك ئەسىرى، «كروران» كۆرسەتكەن.
20. تۇرسۇنگۈل تۇردىنىڭ «كېسەل» ناملىق ھېكايىسى، «كروران» كۆرسەتكەن.
21. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «ئانا تىل ھاياتىم، ئانا تىل ئەركىم» ناملىق چاتما شېئىرى، «تۇرپان» كۆرسەتكەن.
22. رەيھانگۈل غېنىنىڭ «ئايال» ناملىق شېئىرى، «تۇرپان» كۆرسەتكەن.
23. توختى باقى ئارنىشى تەرجىمە قىلغان «چالا قالغان ۋاقىپ ھوقۇقى، دەرسىنىڭ قازاسىنى ئوقۇۋالايلى» ناملىق تەرجىمە فېلىيەتون، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» كۆرسەتكەن.
24. ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلغان «بىر يۈك ئەديالنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق تەرجىمە ھېكايە، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» كۆرسەتكەن.
25. غەيرەت ئاسىمنىڭ «زىيالىي بولماق ئاسان ئەمەس» ناملىق پۇبلىپستىك ئەسىرى، «ئىلى دەرياسى» كۆرسەتكەن.
26. ئابدۇساتتار ناسىرىنىڭ «تۇغۇلغان ئىكەنمەن خىلۋەت كوچىدا» ناملىق چاتما شېئىرى، «ئىلى دەرياسى» كۆرسەتكەن.
27. باھارگۈل ساۋۇتنىڭ «يالغۇز كەپە» ناملىق پوۋېستى، «تارىم» كۆرسەتكەن.
28. ياسىن زىلالنىڭ «قارلۇق قەسىدىسى» ناملىق چاتما شېئىرى، «تارىم» كۆرسەتكەن.
29. سۈيۈكچېك تەرجىمە قىلغان «گۆركار» ناملىق ئەسەر، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» كۆرسەتكەن.
30. تۇراخان توختىنىڭ «توغراق، يەر ۋە باشقىلار» ناملىق شېئىرى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» كۆرسەتكەن.

# لوپ ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز

لوپ ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى لوپ ناھىيىسىدىكى سەككىز يېزا، ئىككى بازاردىكى 250 مىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش، پارتىيىنىڭ ئاۋازىنى ھەممە ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈشنى نىشان قىلغان، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «رادىئو ـ تېلېۋىزىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن».

ئىدارە قارىمىقىدا سىملىق، سىمسىز تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو ئۇزىلى، 10 يېزا(بازار)لىق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتى قاتارلىقلار بولۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 98 پىرسەنتكە يېتىدۇ.

لوپ ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سىملىق، سىمسىز تارقىتىشلىرىدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كۈنىگە 12 سائەتتىن ئارتۇق پروگرامما تارقىتىدۇ. سىن ئېلىش، پروگرامما ئىشلەش، تارقىتىش رەقەملەشتۈرۈلگەن. خوتەن ۋىلايىتى بويىچە بىردىنبىر كومپيۇتېر قاتتىق دىسكىسى ئارقىلىق پروگرامما تارقىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. ناھىيە بازىرىدىن باشقا يەنە بەش يېزا ۋە ئىككى بازارلىق سىملىق تېلېۋىزىيە نۇر كابېلى بىلەن تورلاشتۇرۇلغان.

لوپ ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلىنىڭ سىگناللىرى چاستوتىسى مۇقىمدالغان ئاپتوماتىك رادىئو كۈچەيتىش تورى ئارقىلىق يېزا ـ كەنتلەرنى قاپلىغان.

لوپ ناھىيىلىك رادىئو تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئېلان مەخسۇس پروگرامما بۆلۈمى ئېلان باشقۇرۇش، ئېلان ئىشلەش، تارقىتىش، بىرلەشمە پروگرامما باشقۇرۇش، مەخسۇس فىلىم ئىشلەش قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرىنى يولغا قويغان بولۇپ، ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ




ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قاناللىرىدا، ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئاڭلىتىشلىرىدا، «رىشتە» قانىلىنىڭ بەتلىك، ئاقما خەتلىك، سۈرەتلىك ئېلان شەكىللىرىنى ئىشەنچلىك شىركەت، كارخانا، ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرى، ئەلا مۇلازىمەتلىرى ئۈچۈن ئېلان كەسپىنى يولغا قويغان.

ئىدارە باشلىقى: ليۇ ۋېي

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى: ئەنۋەرجان ماموت

ئېلان مەخسۇس پروگرامما بۆلۈم مەسئۇلى: ئېزىز سەيپۇللا

ئېلان ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 13199764555، 6621628





www.uyghurkitap.com



ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى 13 ـ قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى .


新玉文艺 NEW JADE LITERATURE يېڭى قاشتېشى

2004年 第6期（文学双月刊）
编　　辑：《新玉文艺》杂志编辑部
出版单位：和　田　地　区　文　联
印　　刷：乌鲁木齐隆益达印务有限公司
发　　行：和　田　地　区　邮　政　局
订　　阅：全　国　各　地　邮　政　局
开　　本：1/16, 787 x 1092, 6 印张
国外发行号： BM6670
国外发行点：中国国际书商总公司
国内统一刊号： CN65 - 1088/I
国际标准刊号： ISSN 1002 - 929X
邮政代号： 58 - 26
邮政编码： 848000

2004 ـ يىل 6 ـ سان (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
ئۈرۈمچى لوڭيىدا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 1/16 ، 1092 × 787 م م ، 6 تاۋاق
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: BM6670
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى: CN65—1088 / I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002—929X
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 — 58
پوچتا نومۇرى: 848000

电话：2023792　定价：3.00元

تېلېفون: 2023792　باھاسى: 3.00 يۈەن